
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شينجيانغ•



بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ
بايراقدارلىرىدىن بىرى، ئەل سۆيگەن
گىگانت يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندى
(1937—1998.8.13) تەۋەللۇتىنىڭ
70يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

— ئۆركەش جاپپار، ئادىل ئىسمائىل فوتوسى



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

3

2007 新疆文化

ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003



ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان ئەپەندى

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 56- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 3- سان
( ئومۇمىي 285- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


**●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●**

## بۇ ساندا

### زامان تەقەززا پىكىرلەر


جۇڭگولۇقلاردا ھەممىدىن كەم بولۇۋاتقىنى قانۇنچىللىق ئەمەس، ئەخلاق ...س. تىلىۋالدى تەرجىمىسى 2
ئاۋامنىڭ تەنقىدلىرىدىمۇ بەرىكەت بار...................... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 4


### ئەتىكى مائارىپ


روجەكتىن ئۆپۈقىچە .........................ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئىمىن 6


### ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى


مائارىپ تەشتىكىدە يىگىلىگەن گۈل ............................ ھەزرىتئېلى ھىلىم 22


### سەبىيلەر نىداسى


سىڭتەبىرنىڭ ئۆكسۈشى ..........................مەرىيەمگۈل مەتقاسىم 24
ئانامغا ....................................... نامچا مىنجە 26


### ئىقتىساد ئەينىكىدە


ئاگدىن تاگغا ياكى ھاگغا.......................... نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن 27


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .......................... ئوبۇل ھېمىت (شاۋقۇن) قاتارلىقلار 37


### ئەدەبىيات


ئوغلۇمنىڭ ئۆيى .....................(ھېكايە) ............ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 56
پەرىشتە يامغۇرى ....................... (ھېكايە) .................. تۇرسۇن مەھمۇت 65
ئويناملۇق، ئايىنىملۇق ...................(تەقرىز) ............ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن 72


### ئاچچىق كۈلكىلەر



بىھۇدە ئەجەل .......................(فېلىيەتون) ............. ئابدۇرەھمان مىجىت 76
جۇڭگو چوڭ بىر دوختۇرخانىغىلا ئوخشاپ قالدى...(«  ») .........س. تىلىۋالدى تەرجىمىسى 77


### «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


رەھبەر بولغانلىكى ئادەم ھەممىگە قابىلىيەتلىك بولىۋەرمەيدۇ ...... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 78
ئۆمۈر ئاخىرىدىكى دىئالوگ.......................... قاسىمجان يۈسۈپ مۇسلىھ 80



**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت**



# جۇڭگولۇقلاردا ھەممىدىن كەم بولۇۋاتقىنى قانۇنچىلىق ئەمەس، ئەخلاق

جۇڭگودىكى نۇرغۇن مەسىلىگە قارىتا كۆپلىگەن تەھلىلچى ھە دېسىلا گۇناھنى قانۇنچىلىققا ئارتىپ، ھەرقانداق ئىجتىمائىي مەسىلىنى تۈگىتىمىز دېيدىكەنمىز تۈزۈملىرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ، دەپلا قارايدۇ. خۇددى تۈزۈم ھەممىگە قادىردەك؛ تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلسىلا جۇڭگودا «ئىناق جەمئىيەت» ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك.

ئالايلۇق، قاتناش قائىدىسىنى بۇزغان ماشىنىلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن يوللارغا خۇپىيانە سۈرەتكە ئېلىۋالىدىغان تېلېكامېرا ئورنىتىپ باقتۇق. لېكىن قاتناش قائىدىسىنى بۇزىدىغانلارنى تۈگىتەلىدۇقمۇ؟ نەدىكىنى، شوپۇرلار ماشىنىسىنى تېلېكامېرا بار يەرگە كەلگەندە ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن ئاستا ھەيدەپ، ئۇيەردىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى بىلگەننى قىلىۋاتىدۇ. بۇنى دەپ ماڭدامدا بىر تېلېكامېرا ئورناتقۇلۇقمۇ ئەمدى؟!

بىزدە كان بىخەتەرلىكىگە ئائىت قانۇن - نىزام يوقمۇ؟ نەدىكىنى؟ تازا بار. لېكىن شۇنچە مۇكەممەل قانۇن - نىزاملار تۇرۇقلۇق يەنە نىمشقا كان ئاپەتلىرى بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ؟ ھەتتا كان بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىدىغان تارماقلارمۇ سېتىلىپ كېتىۋاتسا. ئۇنداقتا، نازارەتچىلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە نازارەتچىلەرنى قويۇپ باقسىچۇ؟ لېكىن شۇ نازارەتچىلەرنىڭ نازارەتچىلىرىمۇ سېتىلىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر گېرمانىيىلىك مۇھەت ئاسراش مۇتەخەسسىسى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇھىت مەسىلىسى ھەققىدە مۇڭدىشىپ قالدىم.

— جۇڭگودا مۇھىت ناھايىتى ياخشى قوغدالغان بولۇشى كېرەك.

— دېدى ئۇ مۇتەخەسسىس، — چۈنكى دۆلىتىڭلاردا مۇھىت ئاسراشقا ئائىت قانۇن - نىزاملار بەكمۇ كۆپ ئىكەن.

قارىغاندا ئۇ، جۇڭگوغا ئۆز دۆلىتىنىڭ تەجرىبىسى ئاساسىدا باھا بەرگەنىدى. مۇھىمى، گېرمانىيە پۇقرالىرى قانۇنغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلىق رىئايە قىلارمىش. لېكىن ئېلىمىز جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتە باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئۇ گېرمان نەدىن بىلسۇن؟

جۇڭگودا «قانۇن - نىزاملار كۆپەيگەنسېرى، ئوغرى - قاراقچىلارمۇ ئاۋۇپ بارىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاق مىزانى بۇزۇلغانىكەن، ئۇ چاغدا ئادەملەر قانۇندىن ھېيىقمايدىغان، جىنىنىڭ بارىچە قانۇندىن يوچۇق ئىزدەيدىغان بولۇپكېتىدۇ. قىسقىسى، ئەمر - پەرمان قانچە چىڭىغانچە، ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىدىغانلارمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئالا كۆڭۈللەر ئاشۇنداق كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگىلى تۇرسا، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇننىڭ نېمىگە كۈچى يەتسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇن ئىجراچىلىرى ھەتتا ئاشۇ قانۇن ئىجراچىلىرىنى نازارەت قىلىدىغانلارمۇ قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان ئەلدە، قانۇننىڭ يەنە قانچىلىك رولى بولماقچى ئىدى؟

ھازىرقى نۇرغۇن ئۇبزور - ماقالىدە قانۇن - تۈزۈمگە چوقۇنۇش

زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئەجەبا، قانۇن-تۈزۈمنىڭ زادى قانچىلىك كارغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ باقساق يامان بولارمۇ؟

قانۇن ئەخلاقنىڭ شەكىلگە كىرگەن ئىپادىسىدۇر. شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپىدە قانۇن يوق ئىدى. ئىنسانلار خۇددى بىلمەيۋاتقانلارنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە بارا-بارا قانۇننى ياراتقان.

قانۇن ھەممىگە قادىر ئەمەس. ھەرقانداق قانۇندا ئۆزىگە تۇشلۇق يوچۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدەك «ئاقىل» جۇڭگولۇقلار يوچۇق تاپالمىغۇدەك قانۇن نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز! چۈنكى بىز خەقنىڭ «سېنىڭ سىياستىڭ بولسا، مېنىڭ تەدبىرىم بار» دەيدىغان «جۇڭگوچە» بويۇنتاۋلىقىمىز ئادەتلەشكەن. بۇ ھەم ئۆزىمىزدىكى «قانۇن-تۈزۈمگە چوقۇنۇش»قا قىلىنغان ئەڭ كۈچلۈك مەسخىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، كۆرۈنگەنلا يەرگە تۈكۈرىدىغانلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىلگىرى بېيجىڭنىڭ رەستە-رەستىلىرىگە كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ئورناتقانىدۇق. لېكىن كېيىن ئۇنىڭ خىراجىتىگە چىقىش قىلىپ بولالماي توختىتىپ قويدۇق.

بىزنىڭ قانۇنغا چوقۇنۇشىمىز غەربنىڭ تەسىرىدىن، بولۇپمۇ غەربنى بەكمۇ يۈزەكى چۈشەنگەنلىكىمىزدىن كەلگەن. ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرىدىكى ئېسىل جەمئىيەت تەرتىپىنى پۈتۈنلەي شۇ ئەللەردىكى قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ شارائىتىدىن، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. دۇرۇس، قانۇن ئۇ، چەكلەش كۈچىگە ئىگە. لېكىن پەقەت قانۇنغا تايىنىپلا تەرتىپلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمەن دېيىش، بىر خام خىيال، خالاس.

ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ئېسىل جەمئىيەت تەرتىپى ۋە كاپىتالىزمچە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆزگىچە بىر ئۇل ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ — خىرىستىئان دىنىي ئەخلاقىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق مەدەنىيىتى دەل ئاشۇ ئۇل ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇڭا ئۇلاردىكى ئابروي-ئىناۋەت، مېھىر-مۇھەببەت ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىغىچە سىڭىپ كەتكەن. قىسقىسى، ئۇ ئەللەر پۇقرالىرىنىڭ خىزمەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە كارخانىلارنىڭ لەۋزى ھالاللىقى، دەل ئۇلاردىكى پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقەتنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن. ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرىدە پەرۋەردىگارغا بولغان ئېتىقاد گەرچە ئىلگىرىكىدەك بەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن خىرىستىئان دىنى ئەخلاق مەدەنىيىتى ئۇلارغا نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بىز جۇڭگولۇقلار تەڭرىنى تونۇمايمىز. چۈنكى بىز خاس پارلاق مەدەنىيىتى بار خەلق. چۈنكى بىزنىڭ ئاشۇ تەۋەررۈك مەدەنىيىتىمىزدە قائىدە-يوسۇن، ئابروي-ئىناۋەت ۋە ئەدەب-ئەخلاق دېگەنلەر قەدىرلىنەتتى. لېكىن، «4-ماي»دىن كېيىنكى كۆڭۈزىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك، ئاشۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى خۇددى ئەخلەت تۆككەندەك تاشلىۋەتتۇق. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولمىش مەدەنىيەت ئۇلىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ ئەلدىكى ئىجتىمائىي قۇسۇرلارنى پەقەت قانۇن ۋاستىسىگە تايىنىپلا تۈزەيمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق. شۇغىنىسى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەخلاق مىزانىغا سەل قارايدىغان ئەلدە، قانۇنغا تايىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. لېكىن بۇ دەۋاتقانلىرىمىز ھەرگىزمۇ «(ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش) بىلەن (قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش) ھەققىدىكى بەھس-مۇنازىرە» كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان گەپلەردىن ئەمەس.

شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، بىزدە ھازىر ئومۇميۈزلۈك ساپا تۆۋەن، ئەخلاق-پەزىلەت كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. كۇڭزى «مۇھاكىمە ۋە بايان» دا مۇنداق دەيدۇ: «مەدەنىيلىكنى تەرك ئەتكەن ئادەم بەدەۋىيلىشىپ كېتىدۇ؛ لېكىن زىيادە مەدەنىيلىشىپ كەتكەن ئادەممۇ بارا-بارا ئۆزىدىكى تەبىئىيلىكنى يوقىتىپ ساختىلىشىپ كېتىدۇ.» ھازىرقى جۇڭگودا بەدەۋىيلىك مەدەنىيلىكنى بېسىپ كەتتى. دۇرۇس، بىز قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا موھتاج. ئەمما ئاۋامنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتكەن، شۇنداقلا، قانۇننىڭ ھۆرمەت-ئىناۋىتىنى قىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتكەن ئەلدە قانۇن-تۈزۈم ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ — قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.


قانۇن-تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىش، قانداقتۇر ئۇنى ئۆلۈك ھالدا ئېزىپ ئىچۈرۈشتىن، ئۇ ھەقتە قۇرۇق سەپسەتە سېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دېمەك قانۇن-تۈزۈمنى تەشەببۇش قىلىش بىرگەپ، ئۈنۈملۈك تەشەببۇس قىلىش باشقا بىرگەپ. چۈنكى قانۇن ھەققىدىكى تەشەببۇسنى ئالدى بىلەن سىرخىل مەدەنىيەت ئارقىلىق تويۇندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتتىن ئىبارەت مەنىۋى بۇلاقتىن ئايرىلىپ قالغاندا گۈللىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مىللىي روھىمىزنى قايتا ئۇرغۇتۇشتا ئالدى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتتىن ئىبارەت قىممەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككە مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ، نوقۇل قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغاندىن باشقا، بېرىلىپ مۇنازىرىلىشىشكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

---

جاۋ جۇچا قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «خەلق تورى»نىڭ 2006-يىل 3-ئىيۇل نۇسخىسىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2006-يىل 9-سانى (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) غا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. سېيت تىلىۋالدى تەرجىمىسى. تەرجىمان: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شۆبىسىنىڭ خادىمى(M2)

# تەكلىپلىك سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى



# ئاۋامنىڭ تەنقىدلىرىدىمۇ بەرىكەت بار

گوۋۇيۇەن زۇڭلىسى ۋېن جىياباۋ 14-مارت چۈشتىن بۇرۇن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، مەن جۇڭگولۇق بولغاچقا خەلقنىڭ پەرزەنتىمەن. بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ شاراپىتىدىن كەلگەن» دېدى. بىر مۇخبىر ۋېن جىياباۋ زۇڭلىدىن، سىز ھۆكۈمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان سىزنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىش نېمە؟ دەپ سورىۋېدى، ۋېن زۇڭلى: «مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىش خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنى قوللىغانلىقى بولدى. بۇنداق قوللاش رىغبەتلەندۈرۈشتىن كېلىۋاتىدۇ، تەنقىدلەردىنمۇ كېلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ رىغبەتمۇ، تەنقىدمۇ ئىزچىل قىزغىن بولۇۋاتىدۇ» دېدى.

ئەل ئىچىدىن كەلگەن تەنقىدلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان مەسىلە بوپكەلدى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تارىخىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئوبدان ھەل بولالماي كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

«بىرەركىمسە ئەيىبىڭنى ئېيتىپ بەرسە خۇرسەن بول». بۇ سۆز ئىككىنچى پەيغەمبەر مېڭزىدىن قالغان كونا پەند-نەسىھەت. «ئەيىب ئىش قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنى تۈزىتەلىسەڭ، بۇنىڭدىن چوڭ ساۋابلىق ئىش بولماس» — بۇ سۆز كۈڭزى پەيغەمبەرنىڭ «ئەيىبنى ئاڭلىغان»دىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا بەرگەن تەلىمى بويىچە تاللىۋالدىغان ھەرىكەت مىزانىدۇر. جۇڭگونىڭ ئەلنى رايىشلىق بىلەن ئىدارە قىلىدىغان قەدىم مەدەنىيىتى بويىچە بولغاندا، «بىلگىنىڭنى سۆزلىمەي قويما، سۆزلىگەندە چالا قالدۇرما. سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەندەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەپسۇسكى، تارىختا ئۆتكەن فېئودال خان-پادىشاھ مەھكىمىلىرى ئىلاھىي ھوقۇق بىلەن خان-پادىشاھ ھوقۇقىنى چەمبەرچاس چېتىلدۇرالىغان؛ پادىشاھنىڭ ئۆزى تەڭرىنىڭ ۋەكىلى بوپقالغان؛ پادىشاھنىڭ سۆزى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ئايلىنىپ قالغان؛ ئۇلاردا خاتالىق دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇد ئەمەس. ئەنە شۇنداق چۈشەنچە بولغاچقا ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ «تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپ»دېيىلىشى تۇرغان گەپ. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەنۋۇدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭتەيزۇڭ ۋە باشقىلارمۇ ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئاگاھنامە يازغان. ئۇ ئاگاھنامە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىش بولسا كېرەك. لېكىن ئۇ «خوجا كۆردى»گىلا قىلغان ئىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. جۇڭگودا قەدىمقى زاماندا تولا

چاغدا «ئەمەلدارلار بىلەن خەلق قارىمۇ-قارشى»، ھەتتا ئەمەلدارلار «پۇقرادىن خۇددى كەلكۈندىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلىدۇ»غان ئەھۋال بار ئىدى.

«پۇقرادىن ئېھتىيات قىلىش»دەيدىغان پىكىرنىڭ قالدۇقلىرى خەلق خوجا بولغاندىن كېيىنكى خەلق ھاكىمىيىتىدە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن ئەمەلدارنى پاتقاققا پاتۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. بەزى ئەمەلدارلار ئەمەل-مەنسەپنىڭ ئۆزىنى ھوقۇق-ئابروي دەپ، تەنقىدنى بولسا ھوقۇق-ئابرويىنى سۇندۇرۇپ قويىدۇ دەپ قاراپ، ئاۋامنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى خالىمايدىغان، ياقتۇرمايدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ؛ ئەيىبنى ئاڭلىسا خۇرسەن بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، خاپا بولىدىغان، چىچاڭلايدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ. ئىككىنچى پەيغەمبەر مېڭزى بىزگە: «خان-پادىشاھلار رەئىيە (پۇقرا)نى خەس(پاخال) ئورنىدا كۆرسە، رەئىيەمۇ خان-پادىشاھنى قاراقچى ئورنىدا كۆرىدۇ» دەپ ئاگاھ بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى قەدىم زامانىدىكى خان-پادىشاھ بىلەن رەئىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يوللىرى توغرىسىدىكى سۆز بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىگىمۇ باب كېلىدۇ. بەزى ئەمەلدارلار ياخشى گەپنى ، تەرىپ - تەۋسىپ (مەدھىيە ۋە ماختاش)نى «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قوللىغان»لىق بولىدۇ دەپ قارىسا، يامان گەپ قىلىش، ئەيىب ئىزدەش «قىتىغۇر ئادەم»لەرنىڭ ئىشى، «ھۆكۈمەتكە چاتاق تېپىپ بەرگەن ھەتتا ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلغان»لىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەنە شۇنداق چاغدا ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋامنىڭ مۇناسىۋىتى مۇزدەك سوغۇقلىشىپ، ئۆزئارا ئىشەنمەيدىغان قارىمۇ-قارشى ۋەزىيەت پەيدا بولىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا، كورىيىدە 26يىل تۇرغان بىر ياپون «جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ كورىيىگە ۋە كورىيىلىكلەرگە قارىتىپ يازغان ئەيىبنامە»سەرلەۋھىلىك بىر كىتاب يازغانىكەن. كىتابقا مەخسۇس كورىيىدىكى ئىللەتلەر كىرگۈزۈلگەن، كورىيىدىكى رەزىللىكلەرگە لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇلغان، بولۇشىچە ھاقارەت قىلىنغان، رەھىمسىز تىللىغانىكەن. كورىيىلىكلەر بۇنى«يامان نىيەتلىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم»دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن ئەقىل تېپىپ، ئۇنى ئىقتىسادنى زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ ئەھۋال خەلقئارا جەمئىيەتتە مۇنازىرە قوزغىغان. ئاخىرىدا ھەممە مۇنداقراق بىر خۇلاسىگە كەلگەن: باشقىلارنىڭ تىللىشىدىن قورقمايدىغان ئادەم مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ تىللىشىدىن قورقمايدىغان ئەمەلدار ۋىجدانى بار بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن قورقمايدىغان دۆلەت ئىستىقباللىق بولىدۇ.

زامانىۋى سىياسەتنىڭ توپ ۋەزىپىسى — كۆپ مەنبەلىك تارقاق ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى قىلىپ ئۇيۇشتۇرالايدىغان سىياسىي جەريان يارىتىشتىن ئىبارەت. كارل ۋېبىر: «زامانىۋى دۆلەت ئاۋام دېموكراتىيىسىنى سىياسىي ئاساس قىلغاندىلا قۇدرەت تاپالايدۇ. راۋاج تاپالايدۇ؛ ئاۋام دېموكراتىيىسى ئاۋامنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى قانائەتلىنىدىرلىك بولغان ئاساستا. ئەلنىڭ تەنقىد سادالىرى ئوبدان ۋە ئاكتىپ سادالارغا ئېرىشەلەيدىغان ئاساستا ئوبدان يۈرۈشەلەيدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتقانىكەن.

ھازىر ھەممە ئادەم ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماقتا. كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ قارىشىچە، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزمەي قويمايدۇ. لېكىن چىرىكلىشىشتىنمۇ يامان ۋەھىمە ، بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئاۋامنى نەزەردە تۇتماسلىقى ۋە ئاۋامغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى. بۇ ئەھۋال ئاۋامنى ئىجتىمائىي ئورتاقلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قانۇنىيلىقىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغانلىقى تەبىئىي.

ئادەم پەيغەمبەر، ئەۋلىيا ئەمەس، ئەيىبسىز بەندە بولماس. مىڭلىغان-مىليونلىغان ئادەم ماسلىشىپ ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەتتە مەسىلە يۈز بەرمەيدۇ دېيىش تېخىمۇ تەس. كۇڭزى ھەزرەت: پۇقرانى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن پۇقراغا بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپتىكەن. بۇنىڭ مەنىسى پۇقرانى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشقا بولىدۇ، «نېمە ئۈچۈن شۇنداق»لىقىنى بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ دېمەكتۇر. بۇ، «خەلقنى ئىدارە قىلىش»تىكى تىپىك ئىدىيە بولۇپ، «خەلق ئىدارە قىلىش»نى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى زامان ئادەملىرىنىڭ نەپرىتىگە قالماقتا. كاڭ يۇۋېي بۇ نەقىلنى «پۇقرا يېتەكلەپ ماڭسا بولىدۇ»دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىپ، كۇڭزىنى دېموكراتىيىچى قىلىپ قويغانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ خەلق ھاكىمىيىتىمىز بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ پۇقراغا بىلدۈرۈش (پۇقرانى ۋاقىپ قىلىش)بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، ئەل ئىچىدىكى تەنقىدلەرگە نىسبەتەن «بولسا، خىجىل بولۇپ تۈزىتىش كېرەك؛ بولمىسا، خۇرسەن بولۇپ ، يەنىمۇ تىرىشىش لازىم».

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت ئەلنىڭ تۈرلۈك يول بىلەن ئىنكاس قىلىنغان تەنقىدلىرىگە ئاكتىپ، توغرا مۇئامىلە قىلغاندا ئاندىن ھاكىمىيەتتە تېخىمۇ كۆپ ئەقىل تېپىپ، ئەگرى يوللاردا مېڭىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتكە كېتىدىغان سەرپىياتنى ئەڭ زور دەرىجىدە تېجەپ قالالايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئەلنىڭ تەنقىدلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولماي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ھەم بەرىكەت ياغدۇرىدىغان قۇۋۋەتكە ئايلىنالايدۇ.

---

بى شىچىڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە «فىليەتونلار گېزىتى» نىڭ 2006-يىل 9-ماي سانىغا بېسىلغان. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى(M2)



# روجەكتىن ئۆيۈقچە

— بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى مائارىپقا ياندىن بايان

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

«تەربىيىلىسە ئادەم، تەربىيىلىمىسە ھايۋان.»
— مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما

## 1 . ئادەم — تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسى

تەبىئەت دۇنياسى ئاجايىپ سىر ۋە مۆجىزىلەرگە تولغان. ئادەم ئاشۇ سىرلار ئىچىدىكى سىر، مۆجىزىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا مۆجىزىدۇر. ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن ئىچكى ئورگانىزمىغىچە، ھەرىكىتىدىن تىلىغىچە، پىكرىدىن ئېتىقادىغىچە ئاجايىپ مۇكەممەللىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىنى باسقۇسىز ئەۋزەللىكلەر مۇجەسسەم، ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە. يەنى، ئادەم تىل ئىقتىدارىغا، لوگىكا — ماتېماتىكا ئىقتىدارىغا، بوشلۇق سېزىمى ئىقتىدارىغا، مۇزىكا ئىقتىدارىغا، تەن — ھەرىكەت ئىقتىدارىغا، كىشىلىك مۇناسىۋەت — ئالاقە ئىقتىدارىغا، ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىغا، تەبىئەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئادەم كۈچلۈك ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە: ئۇ چۈشەنچە ھەققىدە ئىزدىنەلەيدۇ، ئۇچۇر قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئۇنى ساقلىيالايدۇ، تەشكىللىيەلەيدۇ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرالايدۇ. ئادەم يەنە يېتەرلىك ئەمەلىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۇ مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدۇ، كەيپىيات، ھېسسىيات، پىكىر - قاراشلىرىنى يازمىچە ۋە ئاغزاكى ئىپادىلىيەلەيدۇ. مۇناسىپ ھەرىكەت، يېزىقچىلىق ۋە نۇتۇق ئارقىلىق ھەرىكەت ۋە پىكىر جەھەتتە ئۆزىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئادەم تېخىمۇ مۇھىمى ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۇ، قىياس قىلىش، بايقاش، كەشىپ قىلىش، ئىجاد قىلىش، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتالايدۇ. ئۇ يەنە ئىرادە قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۆگىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك ھاياتلىق پائالىيىتىدە جۈرئەت قىلىش، ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش جاسارىتى بار. ئۇنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى بار. مەسىلىلەرنى ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلالايدۇ، يەكۈن چىقىرالايدۇ. ئادەمنىڭ كەيپىيات قابىلىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، كەيپىياتىنى كونترول قىلالايدۇ. سەۋرچان - بەرداشلىقلىقى بار. ئادەم يەنە پىلانلاش، مۆلچەرلەش، ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش، ئالدىن يەكۈن چىقىرىش، بەلگىلەش قاتارلىق ئۈستۈنلۈكلەرگە ئىگە. سودا ئىقتىدارى، رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارلىرى شۇنىڭدىن كەلگەن. ھەممىدىن مۇھىمى، ئادەم ئەخلاق قابىلىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدا ۋىجدان - ئىنساپ، ئەدل - ئادالەت قارىشى، ئار - نومۇس قارىشى مەۋجۇد. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇق ئىقتىدارىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئۈستۈنلۈكلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق جانلىقنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇكەممەل رەۋىشتە تېپىلمايدۇ. ئەگەر بىز تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلساق، تېخىمۇ كۆپ ئەۋزەللىكنى

ئەتىكى مائارىپ

يەكۈنلەپ چىقالىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ زور كۆپىنچىسى ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن كەلگەن. پەقەت ئۆگىنىش قابىلىيىتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان خاتىرە ئىقتىدارىنى ئالساق، مېڭىشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «ئادەم مېڭىسىنىڭ خاتىرە بوشلۇقى بەكمۇ چەكسىز بولۇپ، 14 مىليارد مېڭە ھۈجەيرىسىدىن تەخمىنەن ئون مىليونى خاتىرە ئىقتىدارىغا ئىگە. ھەر بىر مېڭە ھۈجەيرىسى بىر Pentium4 ماركىلىق كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېسكىسىغا تەڭ كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مېڭە ھەجمىنى Pentium4 ماركىلىق كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېسكىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاشۇنداق قاتتىق دېسكىدىن يەتتە قەۋەتلىك بىنا سالغىلى بولىدۇ. Pentium4 ماركىلىق كومپيۇتېردا مىنۇتىغا 200خەت ساقلىغىلى بولىدۇ. ئادەم مېڭىسىگە مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ئۇچۇر قوبۇللانسا، 200 يىل ساقلىغىلى بولىدۇ» [1].

بۇگەپ ئاڭلىماققا كۆپتۈرمىدەكلا بىلىنىدۇ. ئەمما، 19- ئەسىردە ياشىغان گېرمانىيىلىك كارل ۋېرتېر تۇغۇلغاندا تازا بېجىرىم بولمىسىمۇ، سەككىز يېشىدىلا گېرمان تىلى، فرانسۇز تىلى، ئىتاليان تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە يۇنان تىللىرىنى ئەركىن ئىشلىتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن ھەمدە زوئولوگىيە، بوتانىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن. توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەن. 14 ياشتا پەلسەپە ئىلمى، 16 يېشىدا قانۇنشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇنشۇناسلىق پروفېسسورى بولغانىكەن. بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇن، گېرمانىيىلىك ماكسىم بلىس دېگەن كىشى پەقەت ئۈچ ھەپتىدىلا بىر تىلنى ئىگىلىگىلى بولىدىغان تىل مەكتىپى قۇرغان بولۇپ، گېرمانلار 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بېسىۋالغان قوۋملارنىڭ تىلىنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە مۇشۇ ئۇسۇلدا ئىگىلىتىپ سىناق قىلغانىكەن. 1915- يىلى تۇغۇلغان، ب د ت باش شتابىدا خىزمەت قىلغان جورجي شمىت دېگەن كىشى 30 خىل تىلدا ئېغىز ئالاقىسى قىلالىغان، 66 خىل تىلدا يېزىقچە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان. 2006- يىلى تۈركىيىلىك 59 ياشلىق بىر پروفېسسور 19 خىل تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى شىنجاڭدىن بارغان بىر ئۇيغۇردىن 20- خىل تىل قاتارى ئۈچ ئاي ئۆگىنىپلا، تۈرك ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى كۇرس ئاچقان. بۇلاردىن باشقا، قەدىمكى دەۋرلەردە ياشىغان مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالىغا قارىساق، ئۇلارنىڭ ئىلمىنىڭ بىرقانچە تۈردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بايقاپ يېتەلەيمىز. بىرلا ۋاقىتتا ھەم تەبىئىي پەنلەردە ھەم ئىجتىمائىي پەنلەردە ھەم ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار بىزگە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا تولىمۇ بايلىقنى بىلىش مۇمكىن. بۇگۈنگىچە تەبىئەت دۇنياسىدا ئادەمدىن باشقا بۇنداق ئالىي ئىقتىداردىكى بىرەر جانلىق تېخى بايقالمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنساننىڭ تەن-جىسمىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۇ خىل ئەۋزەللىك ئايرىم ئىرق، مىللەت ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. ھەر بىر نورمال بوۋاق تۇغۇلغاندىلا شېكسپىر، موزارت، ئېدىسون، ئېينىشتېينغا ئوخشاش يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىن زېرەك ياكى دۆت بولۇپ چىقىشى مۇھىتنىڭ، تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئائىلىدىكى ھەر بىر بوۋاق، دەرسخانىدىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچى زور تەبىئىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە. قېزىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بايلىق. مۇبادا ئۇلاردىكى بۇنداق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكلەر قېزىلسا، ئىجابىي مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، بايلىقنىڭ قىممىتىگە ئايلانغىنى شۇ. مانا بۇ نۇقتىدا مائارىپنىڭ بىر ئىنسان، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىدىكى ئاجايىپ زور ھەل قىلغۇچ كۈچى ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ.

## 2. سانائەت دەۋرىدىكى مائارىپ

ئىگىلىك شەكلى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنسانلار تارىخىنى يېزا ئىگىلىكى دەۋرى، سانائەت دەۋرى ۋە ئۇچۇر دەۋرى دەپ ئايرىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ماس ھالدا ، ئوخشىمىغان ئىگىلىك شەكلى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شەكلىمۇ ئوخشىمىغان مائارىپ فورمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئىنسانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم بېسىشى ئىپتىدائىي ھالەتتىكى بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا زور ئىلگىرىلەشتۇر. بۇ خىل ھالەت ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقى ئېنىق. 1765 - يىلى پار ماتورى ئىشقا كىرىشتى. 1866- يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيىدە ئېلېكتر كۈچىدىن پايدىلىنىلدى. ماشىنىلىشىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. 1942- يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلاندى. يەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ كومپيۇتېر بارلىققا كەلدى. بۇ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسى بوپقالدى.

ئىنسانلار دېھقانچىلىق، ماشىنىلىشىش ۋە ئېلېكترلىشىشتە ئوخشاشلا ئېنېرگىيىگە تايانغانىدى. يەنى، دېھقانچىلىق «تىرىك باتارىيە»- ئادەم ۋە ھايۋان كۈچى، تەبىئەت كۈچى(قۇياش، شامال، سۇ)گە تايانسا، ماشىنىلىشىشتا نېفىت كۈچىگە تاياندى. ماتور ۋە ئېلېكترنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن مىنېرال ماددا ئادەم كۈچىنى ئازاد قىلدى، قول بوشاندى، پۇت ئۇزاردى، ئادەم كۈچى ئاۋۇدى. بۇ دەۋردە قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىدە ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تەسۋىرلىگۈسىز يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت دەۋرىدىكى مائارىپ ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما ئەۋزەللىكلەرنى يېتەرلىك قازالمىدى. چۈنكى، يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدىكى مائارىپنىڭ نىشانى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاش بولۇپ، مەكتەپلەر ھوقۇقلۇق گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كېرەك

بولىدىغان ئىشەنچلىك ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەشنى ئاساسى مەقسەت قىلغانىدى. يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدىكى مائارىپتا تەربىيە مەزمۇنى جۇڭگودا كۆپرەك ئىجتىمائىي پەنلەرگە مەركەزلەشكەن، غەربتە ئىلاھىيەت- گۇمانىتار ئىلىملەر بولغان. تەجرىبە، ماھارەت، بىلىم يەتكۈزۈش يەنىلا ئەل ئارا ئېلىپ بېرىلغان. ئومۇمەن ئالغاندا، مەكتەپ مائارىپى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ تۇرغانىدى. غەرب ئەللىرىدە سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن پەن- تېخنىكىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى ۋە ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. مائارىپ سانائەت جەمئىيىتىگە لايىقلاشقان، زاۋۇت، كان- كارخانىلاردا مەلىكىلەشكەن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان تېخنىك خادىملارنى يېتىلدۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەچكە، يېزا ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن مائارىپ ئەندىزىسى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ دەۋردىكى مائارىپ مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىكىنمىچىلىك، يەككىلىك، تەرەققىياتتىكى ئاستىلىقتەك تۈپ بەلگىلەرگە ئىگە بولدى. ئىشچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورتاق نىشان ئاستىدا زاۋۇتتا بىر-بىرىگە تىقىلىپ، جەم بولۇپ ئىشلىگەندەك، مائارىپمۇ شۇنداق كوللېكتىپ تەربىيىگە قەدەم باستى. يىللىق تۈزۈمدىكى ئوقۇتۇشنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭغا كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەندى.

كومپيۇتېرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن ئۇچۇر- تېخنىكا ئىنقىلابى باشلاندى. ئۇچۇر ۋە ھېسابلاش ئىقتىدارى ماشىنىلىق ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەچكە، ئەقلىي ئىقتىدارغا بولغان ئېھتىياج ھەسسىلەپ ئاشتى-دە، ئادەمنىڭ مېڭە ئىقتىدارى، مېڭىنىڭ رولى ئاشتى، مېڭە ئاۋۇدى. مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، نۇركابىللىق ئالاقە، دېڭىز- ئوكيان قۇرۇلۇشى، يېڭى بايلىق، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق تېخنىكىلار دۇنياۋى مىقياستا، تېز رەۋىشتە قوللىنىلدى. بۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە تۇرمۇشقا زور ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئۇچۇر مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ خاسلىقى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا بىلىمدىن ئىبارەت بۇ شەكىلسىز بايلىقنىڭ قىممىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتا بىلىم ئاساسىي ئامىلغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە رىقابەتنىڭ بەلگىلىگۈچى ئامىلىغا ئايلاندى. بۇ دەۋر يەنە يېڭىلىق ۋە كۆپ خىللىقنى روشەن ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك پائالىيەتتە ئىجادىيلىق، خاسلىق، كۆپ خىللىق تەلەپ قىلىندى. بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ئۇچۇر دەۋرى ئەنئەنىۋى ئىختىساسلىقلار ئۇقۇمىنىڭ تەبىرىنى بۇزۇۋەتتى. نۇرغۇن ئادەم تۇراقلىشىپ قالغان خىزمەت ئورنىنى ۋە قېلىپلاشقان مۇقىم كىرىمىنى ساقلىيالماس بولدى. بۇ دەۋرنىڭ بىلىم ئىگىلىرىمۇ كاللىسى ئوخشاش نەزەرىيە -مەپكۇرىلەر بىلەن تولغان، ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى يوق «بىر قېلىپتىن چىققان كېسەك»لەر ئەمەس، ئەكسىچە، ئىجادچان، ئۆزغايىسىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرالايدىغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىشنى تاماملىيالايدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك بولدى. بۇ دەۋر كىشىلەردىن بىر ئۆمۈر ئۆگىنىشنى تاشلىمايدىغان، قانداق ئۆگىنىشنى بىلىدىغان بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. بۇ دەۋر سانائەت ئىگىلىكى دەۋرى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان تېخنىكىۋى بىلىم — ماھارەتلەرنىڭ مۇھىملىق تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. يەنى، ئىختىساسلىقلارنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىملىق بارا-بارا يېتەرلىك ئالاقە ئىقتىدارى، شەخسنىڭ پەزىلىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەربىيىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە قاراپ يۈكسەلدى. ماسلىشىشچانلىق مەۋجۇدلۇق ئىقتىدارىغا ئايلاندى. تەربىيىدىكى ئۆلچەملىشىش سانائەت جەمئىيىتى ئەكەلگەن نەتىجە بولسا، ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۆلچەملىشىشنىڭ تارىخىي دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى كۆپ خىللىققا يۈزلەندۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەربىيىلىنىش ھەر بىر كىشىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بوپقالدى.

سانائەت جەمئىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن مائارىپ ئەندىزىسى ئىلگىرى قالتىس تەرەققىيات دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۇ يېزا ئىگىلىكى جەمئىيىتى شەكىللەندۇرگەن مائارىپ ئەندىزىسىگە قارىغاندا مەلۇم ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، خىرىس ئىچىدە قالدى. ئۇ بارا-بارا شەخسنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىغا كەڭ ئىمكان بېرەلمىدى. ئوخشاش تەلەپ، ئوخشاش مەزمۇن، ئوخشاش تەربىيە شەكلى، ئوخشاش ئۆلچەم ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان شوئارى بوپقالدى. ھەقىقەتەنمۇ، سانائەت دەۋرىدە شەكىللەنگەن مائارىپ ئەندىزىسى ئۆلچەملەشكەن، قېلىپتا قۇيغاندەك بىر خىل ئوخشاش ئادەملەرنى تەربىيىلىدى. ئۆلچەملىشىش دەسلەپكى تېخنىكىلارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ تاللىشى ئىدى. ئەمما، نۇرغۇن ئەلنىڭ مائارىپى ئاشۇ «پاتقاق» ئىچىدە. مائارىپتىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى سەۋەنلىك — كېسەللىك مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا دۇنياۋى ھادىسىدۇر. نۆۋەتتە، تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن ئەلنىڭ مائارىپىدا ئۇچۇر مەدەنىيىتى دەۋرىگە خاس بولغان مائارىپ ئىسلاھاتلىرى يولغا قويۇلغان، قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن ئەلنىڭ مائارىپىدا مەسىلە خېلى كۆپ ھەم ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. شيائگگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا باش پروفېسسورى، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ تەتقىقاتى ئورنىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى چېڭ جىيمىڭ ئەپەندى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور تيەن لىڭ ئەپەندى ئىككىيلەننىڭ خۇلاسىلىشىچە، سانائەت جەمئىيىتى مائارىپىنىڭ ئەندىزىسىدىن ئالغاندا، دۇنيادىكى زور كۆپچىلىك مائارىپ تۈزۈمىنى مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ: «تەربىيىلەنگۈچى ياقتۇرسۇن-ياقتۇرمىسۇن، تەربىيىچى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى مەشقلەندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مائارىپتا دەرىجە مەۋجۇد بولىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئىقتىدارى كەسىپلەشتۈرۈلىدۇ، دەرىجىلەشتۈرۈلىدۇ. يەنى، تەربىيىچىلەر: ‹ئەقىللىق ئوقۇغۇچىمۇ، دۆت ئوقۇغۇچىمۇ بار. پەقەت ئاز ساندىكى ئادەملەرلا يېتەرلىك ئۆگەنسە ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى قوبۇل قىلسا يېتەرلىك › دەپ قاراشقا مايىلراق. زور كۆپچىلىك ئادەم تۆۋەن سەۋىيىدىكى خىزمەتكە قاتناشسىلا بولدى. مىسالەن: كۆك ياقىلىق(ئىشچى) لار

ئازراق بىلىمى بولسا، ئازراق ئۆگەنسىمۇ بولىۋېرىدۇ؛ مائارىپچىلار: «بىز ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم كەسىپ، مەلۇم ساھەدىكى مۇتەخەسسىسكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىلەيمىز. قانچە كەسىپلەشسە شۇنچە ئالىي دەرىجىگە يېتىدۇ. بىز ئۇلارنى مۇناسىپ ئوقۇش تارىخى بىلەن تەمىن ئېتىمىز» دەپ قارايدۇ؛ تەربىيىچىلەر: «بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسلىقى بىلىم بىلەن تەمىنلەيمىز. ئۇلار قانچە كۆپ بىلىمگە ئىگە بولسا، شۇنچە ياخشى. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمنى قانچىلىك ئىشلىتىشى مائارىپنىڭ سىرتىدىكى ئىشتۇر» دەپ قارايدۇ. ئوقۇش تارىخى ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قارىلىدۇ. بىر شەخسنىڭ ھاياتىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە، يەنى، ئوقۇش ھاياتىغا بېرىلگەن باھا ئۇنىڭ كېيىنكى پۈتكۈل ھاياتىغا بېسىلغان تامغا ــ ماركىدۇر. شەخسنىڭ كېيىن ئۆگەنگەنلىرى ئالاھىدە تولۇقلاش دەپ قارالمايدۇ؛ تەربىيىچىلەر ئوقۇغۇچىلارنى پەنلەر قاتلىمى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ تەربىيىلەيدۇ. ئۇلار خىزمەت ئورنىنىڭ ئېھتىياجى، خىزمەت پىلانى، خىزمەت تۈزۈمىگە ئاساسەن ئىش قىلىدۇ؛ تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار مەلۇم بىر خىزمەت ئورنىدىكى كەسپىي ئۆلچەم بويىچە كونكرېت ۋەزىپىنى تاماملىيالايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنالىسا بولدى»[2]. گەرچە، بۇ سەل قوپاللىق ئاڭلانسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەت سۆزسىزكى شۇنداق. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ قارىشىچە، دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، مائارىپ ساھەسىدە مۇنداق ئەھۋال شەكىللىنىدۇ: «بىلىم ھەرقايسى پەننىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە يەككە، يىپىق ھالەتتە مەۋجۇد بولىدۇ؛ ھەر بىر ئىلىم پەقەت ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ ئىلىم ۋە ساھەدىن ھالقىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مائارىپنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس؛ تەربىيىچىلەرنىڭ خىزمىتى بىلىم ۋە ئۈچۈر ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇقلاش ـ مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئوقۇغۇچىلار قاچىلاش ئەسۋابىغا ئوخشايدۇ. تەربىيىچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنى تولدۇرۇشتۇر؛ ئۆگىنىش شەخسنىڭ بىر خىل تىرىشچانلىقى. شۇڭا، تەربىيىچىلەر پەقەت شەخسنىڭ يەككە تىرىشچانلىقىنى مۆلچەرلەپ بەرسىلا بولدى؛ ئۆگىنىش دەرسخانا ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ئىش. دەرسخانا سىرتىدىكىلىرى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ. مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆگىنىش پەقەت ئوقۇتقۇچىلار بىلگەن ھەقىقەت ياكى قائىدىدۇر. ھەم ئۆگىنىش مەزمۇنى ئىلگىرى بىلىنگەن، ئىسپاتلانغان ۋە ھازىر قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشلاردىندۇر. بىلىمنى پەقەت ئۆگىنىشتىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بىلىمنى ئىشلىتىش تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەخسنىڭ تەربىيىلىنىشى، كىشىلىك ئالاقە پوزىتسىيىسى، قىممەت قاراش ياكى ئەخلاق تەرەققىياتى ئائىلە ياكى چېركاۋنىڭ ئىشىدۇر»[3]. بۇلار گەرچە ئالىي مەكتەپلەرنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان يەكۈن بولسىمۇ، ئاساس مائارىپىدىمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى كېسەللىك مىكروبلىرى ساقلانغان.

ھەممىمىزنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتكە لايىق زامانىۋى ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەم بولغىمىز بار. بۇ، زامانىۋى يۇقىرى سالاھىيىتى تەلەپ قىلغان زۆرۈر شەرتتۇر. ئۇنداقتا، زامانىۋى ئادەم دېگەن نېمە؟ ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەم دېگەنچۇ؟

«زامانىۋى ئادەم» بىر مەۋھۇم ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس قارىشى بار. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ئا. ئىنكېلېس (A. Inkeles) نىڭ پىكرىچە: «زامانىۋى ئادەم ئۆزى بېشىدىن كەچۈرمىگەن يېڭى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، يېڭى ئىدىيە ـ قاراش ۋە يېڭى ھەرىكەت شەكىللىرىنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ؛ تەپەككۇر يولى كەڭ، مېڭىسى ئەركىن بولىدۇ. ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ـ قاراشلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە شۇنداق بولۇشنى ياقتۇرىدۇ؛ ھازىر ۋە كەلگۈسىگە دىققەت قىلىدۇ. ۋاقىتقا ئەمەل قىلىدۇ؛ شەخسىي ئۈنۈم قارىشى كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەم ۋە جەمئىيەتنىڭ فۇنكسىيە ـ ئىقتىدارىغا قارىتا تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بولىدۇ. ئىش قىلغاندا ئۈنۈم قوغلىشىدۇ؛ پىلان بەلگىلەشكە ماھىر بولىدۇ؛ ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. يېڭى بىلىم ئىگىلەشنى ياقتۇرىدۇ؛ تايىنىۋېلىشتىن يىراق، ئىشەنچ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ؛ مەخسۇس تېخنىكىلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ تەربىيە مەزمۇنلىرى ۋە ئەنئەنىگە قارىتا رىقابەتكە جۈرئەت قىلىدۇ؛ باشقىلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىشىدۇ، ھۆرمەتلىشىدۇ؛ ئۆزىنى قەدىرلەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش سىرى ۋە جەريانىنى چۈشىنىدۇ»[4]. ئامېرىكا پسىخولوگى د. ك. مكلېللاند (D. C. MeClelland) نىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلاشقان ئادەمدە يۇقىرىقى بەلگىلەردىن باشقا يەنە كۈچلۈك بولغان نەتىجە قازىنىش مۇددىئاسى بولۇشى كېرەك. بۇنداق كىشىلەر قانداق قىلغاندا ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىلىم ساھەسىدە زور شۆھرەت قازانغان ئامېرىكىلىق پسىخولوگ، مائارىپ ئالىمى روگرېس (1987 ــ 1902) نىڭ قارىشىچە، مائارىپ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان، قانداق ئۆگىنىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنى تەربىيىلىشى كېرەك. پەقەت قانداق ئۆگىنىشنى ۋە ئۆزگىرىشكە قانداق لايىقلىشىشنى بىلىدىغان، تۇرۇۋاتقان بىلىم ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەمما، بىلىم ئىزدەش جەريانىنى تونۇغان ئادەملا ئەڭ ئىشەنچلىك، تەربىيىلەنگەن ئادەمدۇر. بۇ نىشان بويىچە، ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەم «بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. جەمئىيەتكە نىسبەتەن گۈللەندۈرۈش ئېڭى، باشقىلارغا قارىتا ئىشەنچ تۇيغۇسى بولىدۇ. ئەقلىيلىكتە باي، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، رېئاللىققا يۈزلىنىش روھىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. كەچۈرمىشلىرىگە قارىتا ئەركىن پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئىجادچانلىققا باي بولىدۇ؛ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۆزىدىكى يېڭىلىقلارنى دائىم بايقىيالايدۇ؛ ھەرىكىتى قانۇنىيەتكە ماس بولىدۇ. مۇستەقىللىق ـ تەشەببۇسكارلىقى، دېموكراتىيە تۇيغۇسى بولىدۇ. مەسىلىلەرنى مېخانىك مۆلچەرلىمەيدۇ، ئۆزىنىمۇ مېخانىك كونترول قىلىنمايدۇ»[5].

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سانائەت جەمئىيىتى شەكىللەندۈرگەن مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ زامانىۋى ئادەم، ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى بەك تەس. ئەمىسە، بۇنداق

خاتا ئەندىزە نېمىشقا شۇنچە ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ؟

يىغىنچاقلىغاندا، بۇنى مائارىپنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى، ئامېرىكا مائارىپشۇناسى رېناتا نۇمېلا كايىن (Renata Nummela Caine) بىلەن گېوفرېي كايىن(Geoffrey Caine) ئون يىلنىڭ ئالدىدا: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئال دۇنياغا كىرىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرۇش مەكتەپ مائارىپىنىڭ رولىنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتە، مەكتەپ مائارىپى بۇ خىل نىشانغا يېتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ خاتا قاراشتىكىلەرنى يېتىشتۈردى. ئېلېكتر-مېدىيە توقۇنۇشىغا تېخىمۇ تاقابىل تۇرالمىدى» [6] دېسە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئاسىيادىكى بىردىنبىر تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ياپونىيىلىك ئالىم ئىكىدا ئوساكۇ ئەپەندى 1997-يىلى نويابىردا مۇنداق دېگەنىدى:

*«ھازىرقى مائارىپ مەنپەئەتچىلىكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. بۇ خىل خاھىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى، مائارىپنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؛ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، مائارىپنىڭ تەبئىي ھوقۇقىنى ۋە قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىدۇ. يەنە بىرى، بۇ خىل خاھىش بويىچە، مائارىپ پەقەت ئەمەلىي بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ قىممىتىنىلا ئېتىراپ قىلغانلىقتىن، بۇ خىل ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغانلار(ئوقۇتقۇچىلار) بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ھازىر، ئىنسانلار بىلىم ۋە تېخنىكا ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ. ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇۋاتىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئىنسانلار مەۋجۇدلۇقىنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىش. مائارىپ ئىلىمنى يەتكۈزۈشنىڭ شەكلى ئىدى. ھازىر پەن ۋە مائارىپنىڭ بۇ تۈپ ماھىيىتى دەۋرگە يانداشىپ ئۆزگىرىپ كەتتى»* [7].

ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون. گۇدىرادمۇ «دۆلەتنىڭ نىشانى ۋاقىتلىق بولىدۇ. بۇنداق نىشانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ھەممىسى شۇ پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تار مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدۇ ... بۇ خەتەرلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتۇر» [8] دەيدۇ. دەرۋەقە، نۇرغۇن ئەلدە نۆۋەتتە مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۈپ يۆنىلىش خاراكتېرلىك مەسىلىلىرى ھەل بولمىدى. بۇنداق رېئاللىق مەكتەپ مائارىپىدا ھەقىقىي ئىلمىي مائارىپنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بۇ، نۆۋەتتىكى مەكتەپ مائارىپى بۆسۈپ ئۆتۈش تەس بولغان ئېگىز پەللىدۇر.

### 3. جۇڭگو مائارىپى: ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش

جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى مائارىپى «قۇلىقى سىرتتىكى ئاۋازنى ئاڭلىمايدىغان، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇيدىغان ‹كىتاب خالتىلىرى›نى يېتىشتۈرگەن. بۇ خىل تەربىيە ئەندىزىسى تاكى كېجۇ تۈزۈمى بىكار قىلىنغىچە داۋاملاشقان» [9] ئىدى. جۇڭگو مائارىپىدا ھازىرغىچە كۆپ قېتىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. بىراق، ھەر قېتىملىق ئىسلاھات كۆپىنچە «ئىسسىق شامال» بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەر بىر ئىسلاھات جەريانى قانداقتۇر بىر شەكىل يارىتىش، ھەرىكەت قوزغاپ قويۇش بىلەنلا نەتىجىلەندى. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر، پسىخولوگ، مائارىپ ئالىمى جون دېۋېي(1859-1952): «مائارىپنىڭ مەقسىتى ھەر بىر بالىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر» [10] دېگەنىدى. بۇ، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ مائارىپىغا باب كېلىدىغان ئىلمىي غايىدۇر. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەكتەپ مائارىپىمىز ئۆزىدە نۇرغۇن نۇقسانىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ كەلدى ھەمدە ئادەم تەبىئەتكە قارشى شەيئىگە ئايلىنىپ قالدى. يەنى، ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكىنى يوقىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش-ئوخشاشلاشتۇرۇش يولىغا باشلاپ قويدى، ئادەمنى غەيرىيلەشتۈردى، ماددىيلاشتۇردى.

بۇ يەردە شۇنداق بىر چۈشەنچە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بىرى، بىز مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئادەمنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش رولىنى چەتكە قاقمايمىز. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئېھتىياجنى تۈپتىن مۇناسىۋەتسىز ئۇقۇملار دەپمۇ قارىمايمىز. گېرمان مۇتەپەككۇرى كانت (1724-1804): «ئادەم پەقەت تەربىيە ئارقىلىقلا ئىنسانغا ئايلىنىدۇ» [11] دېگەنىدەك، دەرۋەقە، ئادەم گەرچە تۇغۇلۇپلا ئادەم (تەبىئەت ئادىمى) بولسىمۇ، ئىنسان(ئىجتىمائىي ئادەم) ئەمەس. ھايۋانلار تەربىيىلەنمىسىمۇ ھايۋان بولىۋېرىدۇ، بىراق، ئادەم تەربىيىلەنمىسە، ئۇ ھەقىقىي ئىنسان مەنىسىدىكى ئادەم يەنى ئىجتىمائىي ئادەم بولالمايدۇ. مانا بۇ مائارىپ چۈشەنچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. شۇڭا، ئادەم تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلەش، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە خاسلاشتۇرۇش(ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش)تىن باشقا، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشمۇ مەكتەپ مائارىپىنىڭ مۇھىم رولى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر جەمئىيەتتە مۇستەقىل بولغان، جەمئىيەت ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان مائارىپ غايىسى بولىدۇ. بۇ خىل مائارىپ غايىسى ئاشۇ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش-ئوخشاشلاشتۇرۇش(同质化) تەلىپى بويىچە شەخسكە سىڭدۈرۈلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى مەكتەپ مائارىپىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئەمەس، مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، دەپ چۈشىنىش كېرەك. شائىرىمىز قاسىم سىدىق ئەپەندى ئېيتقانىدەك: «مائارىپ، ئومۇمەن، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىلەرنى ئۆزىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش نىشانى قىلغاچقا، ئۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىر كونسېرۋاتىپ سىستېما، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر تېخىمۇ شۇنداق. بۇ خىل كونسېرۋاتىپلىق ئەلۋەتتە زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە مائارىپ بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى مۇئەييەن چەك ئىچىدە تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك» [12]. ئەمما سەل قاراشقا ئەسلا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى، ئوخشاشلاشتۇرۇشنى مائارىپنىڭ بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى قىلىۋېلىش بەكمۇ خەتەرلىكتۇر. مەكتەپ پەيدا بولغاندىن باشلاپلا مەلۇم بىر سىياسىي دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاستىدا بارلىققا كەلدى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىي غايىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ئورگانلىق رولىنى ئۆتەپ كەلدى. بۈگۈنكى

كۆندە، سىياسىيدىن مۇستەسنا مەكتەپنى، بولۇپمۇ ئاساس مائارىپى ئورگانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر ئەڭ ئەركىن دۇنيا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئامېرىكىدىمۇ باللار ھەر دۈشەنبە كۈنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، سىنىپلارغا دۆلەت بايرىقى قادىلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، مائارىپتا سىياسىي پۇراقنىڭ نورمال بولۇشى ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىياتقا ئورتاق ئىنتىلىش، كوللېكتىۋىزملىق ئېڭىنىڭ بېشارىتى. مائارىپنىڭ ئىقتىساد ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە خىزمەت قىلىشىمۇ نورمال ئىش. چۈنكى، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىساد بىلىم بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. دېمەك، مائارىپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ۋەھالەنكى، «بۇ دېگەنلىك، مائارىپ (مەكتەپ) ئۆز بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ھەرقانداق ئادەمنى ‹ماشىنا› (مېخانىك ئادەم) گە ئايلاندۇرۇۋەتسۇن دېگەنلىك ئەمەس. مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئالىي نىشانى- تەبىئىي ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇرى، گۇمانلىنىش ئىقتىدارى ۋە پىداكارلىق روھى قاتارلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش بولۇشى كېرەك» [13]. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش پۈتكۈل مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى بوپقالسا ۋە مائارىپنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا ئايلانسا، مەكتەپلەردە پەقەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە كېرەكلىك بولغان ۋىنتىلار ئىشلەپچىقىرىلسا، بۇنداق مائارىپ، بۇنداق مەكتەپلەردىن ئادەمىيلىكتىن چەتنىگەن، ھالقىما ئىجتىمائىيلاشقان مەھسۇلات يېتىشىپ چىقىدۇ. توغرا، مائارىپ ئىجتىمائىيلىققا - ئوخشاشلاشتۇرۇشقا مۇتلەق قارشى تۇرماسلىقى كېرەك. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، ئىجتىمائىيلىق- ئوخشاشلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەبىئىيلىكنى، خاسلىقنى يوقىتىدىغان قورالغا تېخىمۇ ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنداق خاھىش بەك كۈچىيىپ كەتسە، مائارىپ ئادەمنى ماڭقۇرت قىلىپ قويىدۇ، غەيرىي تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ماددىيلاشتۇرىدۇ.

دېمەكچى بولغىنىمىز، مائارىپتىكى ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئادەملەرنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى چەكلىگۈچى ئاستا خاراكتېرلىك ناركوز دورىسىدۇر. چۈنكى، ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ تەبىئىيلىكىنى بۆلۈش- پارچىلاشتۇر. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ۋە پاسسىپ ئاقىۋىتىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن كۆرۈش مۇمكىن: بىرى، ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش زىيادە بىر خىللىق (ئوخشاشلىق)نى تەكىتلەيدۇ. نەتىجىدە، ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تۇگەشتۇرۇپ، ئىجادچانلىقىنى بېسىمغا ئۇچرىتىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئادەمنى بىتەرەپ- ئىككىتايىن لىكتاسما، ساددىلارچە باشقىلارغا ئەگىشىدىغان، تەۋەككۈلچىلىك ئېڭى سۇس، ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى، مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارى تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يەنە بىرى، ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى زىيادە تەكىتلەيدۇ. بۇنداق ماسلىشىش ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئۆزلۈكنى مەلۇم پايدا- مەنپەئەت ئۈچۈن بەدەل- قۇربان قىلىش بولۇپ، دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولماسلىق، باشقىلارنىڭ قاش- قاپىقىغا قاراپ سۆزلەش، ئىشقا ئەمەس ئادەمگە قاراپ ئىش بېجىرىشنى ئادەت قىلىشتەك ناچار ئىجتىمائىي خاھىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر ئەھۋال باركى، مائارىپ زىيادە ئوخشاشلىقنى تەكىتلىسە، ئوقۇغۇچىلاردا غەيرىي يېتىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۇنداقتا، غەيرىي يېتىلىش دېگەن نېمە؟

روسىيىنىڭ كراسنويار رايونىدا ياشايدىغان بىر دېھقان ئايال كۆز ئالدىدا ئورمانلىقتىن تېرىۋېلىپ كەلگەن ئىشەكمەدىكى (موگۇ)نى چىند ئىدىشكە سېلىپ، تۇزلاپ قىشتا يېيىشكە ساقلاپ قويىدۇ... ياز كىرگەندە ئۆي ئاستىدىكى ئورىدىن چىققان بۇرۇن ئېچىشتۇرىدىغان پۇراقنى سېزىپ، تۆۋەنگە چۈشسە، خۇدا ساقلىسۇن، كۆز ئالدىدا پومپىيىپ، ئېسىلىپ كەتكەن بىر يالماۋۇز تۇرغان. ئايال ئۇنى پۈتى بىلەن ئىتتىرىشى بىلەنلا، يالماۋۇز ئۇنىڭ پۇتىنى قاپقاندەك قىسىپ، بەش بارمىقىنىڭ گۆشىنى پۈتۈنلەي غاجىۋالىدۇ. ئالىملار بۇرۇنمۇ- كېيىنمۇ ئۇچرىمىغان، مەلۇم شەكلى، چوڭلۇقى بولمىغان بۇ يالماۋۇزنى تەتقىق قىلىپ، رادىئاكتىپ نۇرلارنىڭ ئىشەكمەدىكىگە سىڭىشىدىن يېتىلىپ چىققان ئاپەت ئىكەن، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. بىر ۋاقىتلاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يادرولۇق قورال ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر سۇ ئاستى پاراخودى بېرمودا ئەتراپىدا بۇزۇلۇپ قېلىپ، سۇغا زور مىقداردا رادىئاكتىپلىق زىيانلىق ماددا تۆكۈلۈپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، دېڭىز- ئوكياندا ياشايدىغان، ئۇزۇنلۇقى ئاران 40 سانتىمېتىرلا كېلىدىغان مېدۇزىلار تېز چوڭىيىپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىرغا يەتكەن. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئۆسۈپ چىققان قىزغۇچ- كۆك قوللىرى تېگىپ كەتكەن يەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۇچرىغانلا ھاياتلىققا زەھىرى بىلەن ئۆلۈم ئەكەلگەن. بىر نەچچە يىلدا 20-30 دېڭىزچى قۇربانلىققا ئايلىنىپ، بۇ قارا ئاپەتنىڭ سانى 200گە يەتكەن (چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «ئاداشقان ئاق قۇنىڭ زارى ۋە مېدۇزىنىڭ سىرى». قاراڭ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2003-يىل 1-سان). مانا بۇ «غەيرىي يېتىلىش»تۇر. ئۆسۈۋاتقان باللىرىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت، راستچىللىق، سەممىيلىك، ۋاپادارلىق روھلىرى شاخلاپ باراقسانلاشنىڭ ئەكسىچە بارا- بارا ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇشى، ئەخلاق- ئىزا، شەرم- ھايانىڭ كۆتىرىلىشى، ئۆز ئەجدادلىرىنى كەمسىتىپ، يات قوۋملارنىڭ ئەخلەت مەدەنىيەتلىرىگە باش ئۇرۇشى، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپىيىشى.... مانا بۇلار ئادەم پسىخىكىسىدىكى غەيرىي يېتىلىشتۇر.

ئوقۇغۇچىلار غەيرىي ئەقلىي ئامىللار- ئوخشىمىغان پسىخىك ئاڭ، ئىدىيە، ھەر خىل پوزىتسىيە، ئېھتىياج، قىزىقىش، ئېتىقاد، قىممەت ئۆلچىمى، مايىللىق قاتارلىق تەرەپلەردىن مۇۋاپىق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىسە، ھەتتا چەكلىمىگە ئۇچرىسا؛ ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى، قىزىقىشى، بىلىم ئارزۇسى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش، ھۆرمەت قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، غەيرىي ئاڭ- قاراشلار مەجبۇرلاپ تېڭىلسا، ھەدېسىلا ئۇلارنىڭ روھى بىر خىل قاراش، بىر خىل قىزىقىش، بىر خىل ئاڭدا «قۇيۇپ» چىقىشقىلا زورلانسا، ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىي قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ غەيرىي ئەقلىي جەھەتتىن چەكلەشتىن ئىبارەت ئاداشقان تەربىيە نىشانىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئادەمنىڭ مائارىپ ئارقىلىق

غەيرىي يېتىلىشى، ماددىيلىشىشىدۇر.

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەكتەپ مائارىپى ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش يولىدا بەك ئۇزۇن ماڭدى ۋە ھەر بىر بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈمىدسىز قارايدىغان قىلىۋەتتى. ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. بالىلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تەشەببۇسكار خىياللىرىنى يوق قىلىۋەتتى. تەشكىللەش شەكلى جەھەتتىن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولغان خاسلاشقان ئوقۇتۇش كوللېكتىپ ئوقۇتۇش تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئوقۇتۇشنىڭ كوللېكتىپ مەنىسىلا قېلىپ، خاسلىشىش مەنىسى بارا ـ بارا نەزەردىن ساقىت بولدى. تەربىيە پائالىيىتىمىز مۇنتىزىم پروگراممىلاشتى. تەربىيە پائالىيىتىنىڭ پروگراممىلىشىشى ۋە قېلىپلىشىشى شۈبھىسىزكى، جانلىق، جۇشقۇنلۇققا تولغان مەكتەپ ھاياتىنى، بولۇپمۇ دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى زېرىكىشلىك، دىمىق، تېتىقسىزلاشتۇرۇۋەتتى. بىز بالىلارنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىشىنى چەكلىدۇق. ئۇلار چوڭلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى چەكلىدۇق، ئۇلار چوڭلارنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئويلىشى، چوڭلارنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئۆلچەملىك جاۋاب بېرىشى كېرەك. بالىلارنىڭ خاسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، ھەتتا كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. بىز يۇقىرىدا تەلقىن قىلىپ ئۆتكەن زامانىۋى ئادەمىيلىك خۇسۇسىيەت ئەنئەنىۋى مائارىپ يېتىشتۈرگەن بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بەكمۇ كەم چېلىقىدۇ.

جۇڭگو مائارىپىدا ئۇزاقتىن بۇيان «ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىش» داۋراڭ قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ھېلىھەم مەركەزنىڭ مەركىزىدە. «ئوقۇتقۇچىلارنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسى بىلەن «ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسى بىر ـ بىرىگە قارشى بولۇپ، دوگېرسىنىڭ قارىشىچە «ئوقۇتقۇچىلارنى مەركەز قىلىش» مەنىسىدىكى ئوقۇتۇشتا، «ئوقۇتقۇچى بىلىمنىڭ نوپۇزدارى، ئوقۇغۇچىلار ئەسۋاب بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار پەقەت بىلىم قوبۇللىغۇچىدۇر؛ ئوقۇتقۇچىلار ھوقۇقنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار پەقەت بويسۇنغۇچىلاردۇر. مەمۇرىي رەھبەرلىكمۇ ھوقۇقنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بويسۇنغۇچىلاردۇر؛ نوپۇز ئارقىلىق باشقۇرۇش دەرسخانىدا رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان سىياسەتتۇر. ھوقۇقدار بولغان ئوقۇتقۇچى بىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار مەيلى كاتتا بىلىملىك ياكى ئانچىكى ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر مەركەز بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار مۇددىئاسى، سەممىيىتى، ئادالىتى، قابىلىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن گۇمانلىقتۇر؛ ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ئۇلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۇلار كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىدىن، ئوقۇش پۈتتۈرەلمەسلىكىدىن، ئۆرلەپ ئوقۇيالماسلىقىدىن خەۋپسىرەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئوقۇش ئۇنۋانى ئالالماسلىقىدىن قورقىدۇ؛ دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭ قىممىتى چەيلىنىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي نىشانىنى، ئۆزى ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى، ئۆگىنىش شەكلىنى تاللىيالمايدۇ. بۇلار ئالىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش ياكى مائارىپ سىياسەتلىرىگە بولغان قاراش قاتارلىق تەرەپلەردە، ئوقۇغۇچىلاردا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرىنى تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەمىشە مائارىپ سىياسەتلىرىنى تۈزۈشكە قاتنىشالمايدۇ؛ لېكسىيە شەكلىدىكى ئوقۇتۇش بىلىم بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ، ئىمتىھان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قوبۇل قىلىشىنى سىناشتىكى ۋاسىتىدۇر. بۇلار ئوقۇتۇشنىڭ مەركىزى ھالقىلىرى ھېسابلىنىدۇ؛ بۇنداق ئوقۇتۇش شەكلىدە پەقەت ئەقلىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، پۈتۈن ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىغا سەل قارىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتە، نورمال بالىلارنىڭ قىزىقىشى ۋە چاپچىپ تۇرغان زېھنى چەكلىنىدۇ، بېسىمغا ئۇچرايدۇ. بارلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قىزىقىشى، ھېسسىياتىغا تولۇق سەل قارىلىدۇ. بۇلار ھەرگىزمۇ ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئىككى ساھەسى دەپ قارالمايدۇ»[14].

ئەمدى، ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىدىغان ئوقۇتۇشقا كەلسەك، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ئىزچىل داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ خىل قاراش بويىچە، ئوقۇغۇچىلار باشقىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، كۆڭۈل بۆلۈنگەن مۇھىتتا تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمى ئۆرلەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۆگىنىش شەخسنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلىي كەچۈرمىشكە ئاساسەن، ئەھمىيەتلىك يېڭى ھالەتنى قايتىدىن قۇرۇش جەريانىدۇر. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئىزچىل ۋە مەنىلىك بولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ يېڭى بىلىم ۋە ئەسلىدىكى بىلىم ئارىسىدا ئەھمىيەتلىك باغلىنىش قۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر بولۇپ، ئۆگىنىش جەريانىدا كەچۈرمىش، كىتاب ـ ماتېرىيال قاتارلىق ئۆگىنىش بايلىقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ ئوقۇتۇش جەريانىدا ھەقىقىي ۋەزىپە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار سۆزلىشىدۇ. تەربىيىچىلەر ھەقىقىي، ئازدۇر ـ كۆپتۇر رىقابەت بولغان گۇرۇپپىلار ۋە ھەقىقىي ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇرى، ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، كۆپ خىل مۇھىت ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سىنىپتا قىرائەتخانا بولىدۇ. ئۆگىنىش نەتىجىلىرى ئاشكارا قويۇلىدۇ. سىنىپ ئىنتىزامى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىشىغا تايىنىپ قوغدىلىدۇ.

20 ـ ئەسىر يۇقىراۋى مائارىپتىن ئېرىشكەن يەكۈن شۇكى، يىللىق تۈزۈمدىكى ئەنئەنىۋى مەكتەپ مائارىپى تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنىڭ كېمىيىشىنى، بالىلارنىڭ خاسلىقىنى يوقىتىشنى تېزلەتتى. شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى يالقۇنجىتىش، ئېچىش، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇچۇن شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت مائارىپنىڭ ئالىي غايىسى مەكتەپ مائارىپىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى؛ مەكتەپ مائارىپى پەن خۇراپاتلىقىغا ھامىلدار بولدى؛ تەبىئىي پەنلەر بىلەن گۇمانىتار ئىلىم قارشىلاشتۇرۇلدى؛ پەن بىلەن روھىيەت ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا بولدى؛ مائارىپ بىلەن روھ ئايرىۋېتىلدى؛ مائارىپ ئۇقۇملاشقان بىلىمگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان بىۋاستە سېزىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى؛ بالىلارنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتى پەقەت

ھەرىكەت ۋە پەننىي بىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدارنىڭ ئېشىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى؛ ئادەمنىڭ يېتىلىشى مېخانىكىلاشتى؛ مەكتەپ، مائارىپ باللارنىڭ مۇستەقىللىق روھىنى تارتىۋالدى. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تەۋە تاۋار بوپقالدى. ئوقۇغۇچىلار دەرسكە، دەرسلىككە تەۋە بولدى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيسىگە ئايلىنىپ قالدى؛ مائارىپ بىلەن باللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئارىلىقى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى؛ ئوقۇغۇچىلار مائارىپنىڭ زاپچىسىغا ئايلىنىپ قالدى: ئۇلار پروگراممىلاشتى، ماشىنىلاشتى؛ پەنلەشكەن مائارىپ ئادەمنىڭ ئىنسانىيلىقىغا ياتىدىغان توپ خۇسۇسىيىتى- روھىيلىقىنى چەتكە قاققاچقا، ئادەمنى بىلىم قوبۇللاش ماشىنىسى قىلىپ قويدى. جۇڭگو مائارىپىدا بۇنداق ئەھۋال ئۇزاق داۋاملىشىپ كەلدى. نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىلمى ئىنستىتۇتىدىن فېڭ جيەنجۈن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، «ئۇزاقتىن بۇيان بىز مائارىپ جەريانىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىسىم بېرىش جەريانى دەپ قارىدۇق. يەنى، مائارىپىمىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە باب كېلىدىغان ‹مەھسۇلات› ئىشلەش جەريانى بولدى. ‹بىر ئۆۋنىغا قىستاش›، ‹بىر پىچاقتا تەكشىلەش› ئېگى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرگە، خاس ئارتۇقچىلىقلارغا سەل قارىدۇق. مائارىپ يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىنى باسىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقىنى ئۆلتۈرىدىغان باش جىنايەتچىگە ئايلاندى»[15]. ھازىر قارىساق، باللار ئۆز ئىقتىدارىنى مېخانىكىلاشقان ھەرىكىتى، ئوقۇملاشقان بىلىمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئائىلىق ئوقۇغۇچى، جەمئىيەتتە ياۋاش، سادىق پۇقرا، ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بولسا، زامانىۋى دۇنيانىڭ «ئېلېكتىرونلۇق شامانى»دۇر. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەكتەپ مائارىپى فورمىمىزدا تەربىيلەنگەن كىشىلەرنىڭ كۆپى زامانىۋى ئادەم ئەمەس بەلكى ئىقتىدارى، كۆز قارىشى سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە خاس ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلغان، خاسلىقى، مەنىۋى قۇدرىتى «پىچىۋېتىلگەن» كىشىلەر، مەنىۋى ئاغۋاتلاردۇر.

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، جۇڭگونىڭ مائارىپ پائالىيىتى خېلى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان شوئارچىلىق ئىچىدە تۇردى. بىز ئاغزىمىزدا ھەممە ئىشتا ئىلمىي روھ بولۇشنى تەكىتلىدۇق- يۇ، ئەمما ھەدىسىلا مائارىپنىڭ ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۇچىۇقتىن- ئوچۇق ئارزۇ قىلدۇق. نەتىجىدە، مائارىپ پائالىيىتىمىز ھەر خىل ئاتالغۇغا لىپمۇ-لىق توشۇپ كەتتى. مائارىپنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىق ئورنىغا قارىتا تونۇش مۇجمەل بولغانلىقتىن، مائارىپ پائالىيىتى ئۆزى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك مەنىگە ئىگە بولالمىدى. بىزدە مائارىپ نەچچە ئون يىل ئالدىدا ئىنقىلابقا ماسلاشقان، مەكتەپ سىنىپىي كۆرەش ئاۋانگارتلىرىنى يېتىلدۈرىدىغان مەركەزگە ئايلانغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىغاندا، مائارىپنىڭ بۇ«ئىنقىلاب»قا نىسبەتەن ھېچقانداق مۇلازىمەت قىممىتى يوق دەپ قارىلىپ، بىردىنلا زەربە ئوبيېكتى بوپقالدى. كېيىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ماسلىشىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، بىلىم ئىگىلىكىگە ماسلىشىشقا ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز.

يەنى مائارىپ ئۆز نىشانىنى ئۇنتۇغان ھالدا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشەببۇس، خاھىشنىڭ مۇلازىمەتچى مالىيىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇلازىمەت ئۆز قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولىسىمۇ، مەلۇم كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلارنى رازى قىلىش دېگەنلىكتۇر. مائارىپنىڭ مۇلازىمەتچىلىك خاھىشى بىزگە قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟ مۇشۇ يەردە مائارىپ ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئادەم تەربىيلەش ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان پائالىيەتتۇر. مائارىپ پائالىيىتى ئەمەل قىلىدىغان مائارىپ ئىلمى قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىككى چوڭ ماھىيىتى بار. بىرى، مائارىپ پائالىيىتىنى ئۆلچەم، لايىھە، سەنئەت ياكى ئەندىزە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ، سىياسىي، مېتودىكا ئىلىملىرى ساھەسىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قاراشلىرىدۇر. يەنە بىرى، مائارىپ پائالىيىتىنى ئاساسىي پاكىت ۋە ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ، باللاردىكى تەبىئىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن كەلگەن يەكۈنلىرى بولۇپ، بۇ يەكۈنلەر تەبىئىي پەن قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم پرىنسىپلاردۇر. ئۇ ھېچقانداق سۇبيېكتىپ ئېھتىياجغا تايانمايدۇ. سۇبيېكتىپ ئاڭغا ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا، مائارىپ مۇلازىمەتچانلىقنى ئويلاشتىن ئاۋۋال، مائارىپنىڭ توپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ھەرقانداق بىر ئىلمىي پائالىيەتتە ئۆزىگە خاس ئېستېتىك ئالاھىدىلىك، ئېستېتىك قىممەت مەۋجۇد بولىدۇ. ھەرقانداق بىر پائالىيەتتە يېتەرلىك ئېستېتىك قىممەت بولمايدىكەن، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ. مائارىپ ئىلمىدىمۇ ئۆزىگە خاس ھەقىقەت، ئەخلاق، ئېستېتىك قىممەت مەۋجۇد. شۇڭا، مائارىپ ماسلىشىشتىن، مۇلازىمەتچىلىك قىلىشتىن باشقا ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ياخشى ئىستىلى- ئەسلىي قىممەت نۇقتىسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس شەكلى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن چەتنىسەك، ئۇنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويىمىز، مائارىپ ئېستېتىكىسىنى يوقىتىمىز.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ كەسپىي تارماقلىرى مەسئۇللىرىنىڭ مائارىپ سۈپىتىگە قارىتا تونۇشىنىڭ مۇجمەل بولىشى، مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ يىگىلەپ كېتىشى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى مائارىپ رەھبەرلىكى ۋە مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىقى، مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇلماسلىقى، ئېغىر ھالدىكى ئوقۇتقۇچى كەملىكى، ئاتا- ئانىلارنىڭ مائارىپقا بولغان ئۈمىدسىزلىكى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن، يېزىلارنىڭ مائارىپ سۈپىتى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە تۆۋەنلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزدا رەسمىيەتچىلىك، شەكلىۋازلىق بەكمۇ ئېغىر. جاڭ شىنياڭ ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇ «شائخەيدىكى مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئوقۇغۇچىلاردىن شۇ رايوندىكى ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىرمۇ بىر يادلاتقۇزغانلىقى» ھەققىدە قىسقا ماقالە يازسا، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

ئاپتور: «بۇ ئىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ھوقۇقىغا بىھۆرمەتلىك قىلىش مەسىلىسى ساقلىنىپلا قالماستىن، يەنە تېخى كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە خورىتىش مەۋجۇد» [16] دەپ قارىغان. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىنمۇ چاتاق ئىش يۈز بەرگەن: «2000 ـ يىلى گۇيياڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل شەھەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ‹ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى›گە دائىر 113 سوئال ـ جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە 5 ـ يىللىقنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى 113 سوئال ـ جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاپ بولالمىغانلىقتىن، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىغان كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» [17]. ئاپتور بۇ ئىككى ئىشتىن «بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ھاقارەت قىلغانلىق! ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى خوراتقانلىق!» دەپ كەسكىن خىتاب قىلىدۇ. بىزدە بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، مۇتەپەككۇر دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندى: «رەھبەرلىك مۇلازىمەت دېمەكتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەگەر بىز سىياسىنىڭ رەھبەرلىكى مۇھىم دەپ قارىساق، سىياسىيمۇ مائارىپ ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ. مائارىپنىڭ ئىلمىيلىكىگە، ئېستېتىكىسىغا يات تەلەپلەرنى تاڭماستىن، ئۇنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا نىشان بەلگىلەپ بېرىش سىياسىنىڭ مائارىپ ئۈچۈن قىلغان ئەڭ زور، ئەڭ كاتتا مۇلازىمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، نىشان ئىلمىي بولسا، ھەرىكەت توغرا يۆنىلىشكە يۈزلىنىدۇ. سىياسىي مائارىپ ئۈچۈن ئىلمىي يوسۇندا خىزمەت قىلسا، چوقۇمكى، ئەڭ ئالدى بىلەن مائارىپ نەتىجىلىرىدىن ئەڭ چوڭ نەپ ئالغۇچى يەنە شۇ سىياسىي بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق نەپ بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاسىتىلىك، تەدرىجىي، كېيىنچىرەك بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن رەھبەر يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، پىشمىغان رەھبەردۇر» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. سىياسىي ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلمايدىغان مائارىپ يوق. ئەمما چۈشىنىش كېرەككى، مائارىپنىڭ سىياسىي ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى، سىياسىي ئۈچۈن بىۋاسىتە ھالدا شوئارۋازلار قوشۇنى ياكى تاۋار تەييارلاپ بېرىش ئەمەس، سىياسىيمۇ مائارىپقا بۇنداق تەلەپنى قويسا بولمايدۇ. شۇڭا، سىياسىي ئەربابلارنىڭ مائارىپنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى بەكلا مۇھىم.

ھازىرقى مائارىپىمىز ئوخشىمىغان ئادەمنى ئاڭ، تەپەككۇر، ئادەت، غايە جەھەتتىن ئوخشاشلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بىز بالىلارنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىنى، مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، مۇستەقىل تىل، مەدەنىيەت، ئىجادىيەت، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەش خاسلىقىنى پىلانلىق يوقىتىۋاتىمىز. مەن ئامېرىكا مائارىپشۇناسى كوند (1979 ـ 1893) نىڭ: «مائارىپ ‹بۇيرۇق چۈشۈرۈش› ئەمەس، ‹ئورنىغا دەسسىتىش›مۇ ئەمەس، غوزەكتىكى كېپىنەك لىچىنكىسىنى ‹ئۆز رايىغا خىلاپ ھالدا ماسلاشتۇرۇش› ياكى ئۇلارنى ‹ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا باش ئەگدۈرۈش›مۇ ئەمەس؛ مائارىپ شەخسنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى لايىھىلىشى، ئۆز ـ ئۆزىنى تاللىشى، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش جەريانى ۋە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىرادىسى ۋە تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ تەربىيىلەنگۈچىلەر بىلەن بىرگە باراۋەر، ئەركىن، ھېسسىياتچان ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئورتاق ئىزدىنىش مېخانىزمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» [18] دېگەن سۆزىنى دائىم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يادىمغا ئالىمەن.

## 4. ئەتىكى مائارىپ

ئۇچۇر جەمئىيىتى ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەتتۇر. ئۆگىنىش جەمئىيىتىدە ئۆگىنىش ئۆمۈرلۈك بولىدۇ ـ تەربىيىلىنىش باسقۇچى ۋە خىزمەت باسقۇچى دەپ ئېنىق، كەسكىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆگىنىش ھەر خىل مۇھىت ۋە قۇرۇلمىدا ئېلىپ بېرىلىۋېرىدۇ. مەكتەپ پەقەت ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل سورۇنىلا بولىدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن ئۆزئارا مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ھەر بىر باسقۇچتىكى ئۆگىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ـ مەغلۇبىيىتى پەقەت نىسپىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلىي سالاھىيەت كۆرسەتكۈچلىرى ئۆگىنىش ـ بىلىش دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شەخسنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجادچانلىق ئېڭى تەكىتلىنىدۇ. شەخسنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىغا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوخشىمىغان تەپەككۇر شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۆمۈرلۈك مائارىپ شەكلى تەكىتلىنىدۇ. شەخسنىڭ ھازىرقى زامان پىكىر ئېقىملىرىنى قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ. جەمئىيەتتە تارىخىي قاراش، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە نىسپىي ئاڭ تىكلىنىدۇ. پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئۇچۇر دەۋرىدە ئۆگىنىشنىڭ مەنىسى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگىرىدۇ. مائارىپ مەكتەپكىلا خاس چۈشەنچە بولماي قالىدۇ، ئەكسىچە، بىر پۈتۈن جەمئىيەت «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»گە ئايلىنىدۇ. بىز بۇنداق ئالامەتلەرنى ھازىرمۇ ئەتراپىمىزدىن ھېس قىلالايمىز.

تەرەققىي تاپقان غەرب دۆلەتلىرى ۋە ياپونىيىدە خېلى بۇرۇنلا سانائەت جەمئىيىتى شەكىللەندۈرگەن مائارىپقا نىسبەتەن كۈچلۈك تەنقىدىي ئىنكاسلار، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇش ھەققىدە تەتقىقاتلار بولدى ۋە بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن ئەل ـ قوۋم ئۆرنەك ئالغىدەك ياخشىلىنىشلار مەيدانغا كەلدى. ھەم ھېلىھەم ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى مائارىپ ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچە تۇرغۇزۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئالىملارنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، 21 ـ ئەسىردىكى مائارىپ ھەققىدە چىقارغان قىياس ـ تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەتىكى مائارىپتا مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ:

بىرىنچى، بىلىم جەمئىيىتىدە ئۆگىنىش يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمىنى قۇرۇلمىلاشتۇرۇش شەكلى ۋە يولى بارغانسېرى كۆپخىللىشىدۇ. ئۆگىنىش سورۇنى مەكتەپ قورۇسىدىن، مەكتەپ ھاياتى دەرسخانىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ. شەخسنىڭ

ئۆگىنىشى دەرسخانا ۋە مەكتەپنىڭ «پاسىل تېمى»نى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ. مەكتەپ، كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق ئورۇنلارغا تايىنىپلا بىلىمگە ئېرىشىش شەكلى تېزلا ئاجىزلىشىدۇ. دېمەك، مەكتەپلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى «كىچىك جەمئىيەت»لىشىش ھالىتى ئۆزگىرىپ، جەمئىيەت مەكتەپلىشىدۇ.

بىلىم جەمئىيىتىدە مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىش كوللېكتىپىنى قۇرۇش بولىدۇ. مەكتەپلەر بالىلارغا قاراش مۇلازىمىتى، ساغلاملىق- كۈتۈش، ھەتتا ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى تەربىيىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك بولىدۇ.

مائارىپ بالىلارغا نىسبەتەن قوبۇل قىلماسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولۇپلا قالماستىن، چوڭلار ئۈچۈنمۇ جىددىي تەقەززاغا ئايلىنىدۇ. بارغانسېرى كۆپ ئادەم خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە يارامسىزلىقى، ھوقۇق- مەجبۇرىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. شۇڭا، كەلگۈسى جەمئىيەت كىشىلىرى ياشتا چوڭايغان، ھەتتا ياشانغاندىن كېيىنمۇ توختاۋسىز مائارىپ تەربىيىسى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تەييارلىق تەربىيىسى، كۈندىلىك يەسلى، ئائىلە باشلىقلىرى مائارىپى، تەن ۋە پسىخىك ساغلاملىق، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش، زىيانلىق بۇيۇملاردىن چەكلەش، ئائىلە مەسلىھەتى...قاتارلىق ئەتراپلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئورۇنلىرى كۆپىيىدۇ. يېڭى مەكتەپ ھەممىلا ئادەمنىڭ بارغىسى كېلىدىغان ۋە ئۆزىنى شۇ قەدەر ئەركىن، خۇشھال، ئۆز ئائىلىسىدەك ھېس قىلالايدىغان سەرخۇش ماكانغا ئايلىنىشى كېرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەربىيە نىشانى جەھەتتىن، چۈشىنىش ئىقتىدارى، تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارى، ئالاقە ئىقتىدارى ۋە ئىلمىي رىقابەت قاتارلىقلار ئاددىي ھالدىكى ئوقۇش، يېزىش، ھېسابلاش ماھارىتىنى تۈپ نىشان قىلغان ئوقۇتۇش شەكلىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ، ئالاقە ئىقتىدارى بەكرەك ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ. ئۆلۈك ئەستە ساقلاش، تەكرار-تەكرار ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىدارى، مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى ۋە بىلگەنلىرىنى سىستېمىلىق ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش سەۋىيىسىگە يەتكۈزىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يىللىقلار سەۋىيىسى ئەمەس، ئىلگىرىلەش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. رەقىبلەرچە رىقابەتلىشىپ ئۆگىنىش ئەمەس، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش تەكىتلىنىدۇ. كۆرۈش سېزىمى تەربىيىسى تېخىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ. تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلدىكى كېچىم- كەچۈرمىش تەرەققىياتى ئائىلە، مەكتەپ تەرىپىدىن ئاسرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، تەربىيە مەزمۇنى جەھەتتىن، شەخسنىڭ ئۆگىنىشى پەن ۋە كەسىپنىڭ مۇنتىزىم چېگرىسىدىن تېزلا ھالقىپ كېتىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كەسىپلەر بىر-بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىرىكىپ كېتىدۇ. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ساھە ئوخشىمىغان ئېھتىياج بويىچە بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، پەن ئاتالغان تېمىلار بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ئۆگىنىشنىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ.

بۇ دەۋردە، مۇقىم بىر خىل ئوقۇش مەزمۇنىنى بىر دەۋر بالىلىرىغا تەكرار ئۆگىتىش بىمەنىلىك بوپقالىدۇ. كۇتۇپخانىلار ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىدىكى بىلىملەرنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى بىلەن، بالىلار ئۆگىنىدىغان مەزمۇننى بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئازلا بىلىم ئاساسلىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىدىغان مەزمۇنلىرىنى ئاقىلانىلىك بىلەن بەلگىلەپ بېرىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. جەمئىيەت بالىلار نېمىنى بىلىشى كېرەك، قايسى بىلىم كېرەكلىك ياكى قىزىقارلىق دېگەندەك يەكۈن چىقىرىش تەس بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا تاللاش ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان ھالغا يېتىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاشۇ بىلىملەرنى ئاقىلانىلىك بىلەن تاللىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇتۇش جەريانى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم قۇيۇپ قويۇش جەريانى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى سىستېمىلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش جەريانىدۇر. ھەقىقىي مەنىدىكى بىلىمنىڭ شەكىللىنىش جەريانىمۇ شەخسنىڭ يەككە قۇتۇپ ھالىتىدە بىلىم قوبۇللىشى ئەمەس، كوللېكتىپ ھەمكارلىق ئاساسىدا قوبۇل قىلىش جەريانىدۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتىمۇ ساپ - مۇكەممەل بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۈچۈر ھەققىدىكى بىلىملەر كەلگۈسى خىزمەتتە ئىزچىل ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەزمۇنى ئۈچۈرغا ئالاقىدار بىلىملەرگە ئەمەس، شەخسنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان مەزمۇنلار بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى پەقەت ئىلمىي دەرسلەرنى ئۆگىنىش ئەھۋالىدىكى ئىلگىرىلەشكە ئەمەس، بەلكى، رېئال دۇنيادىكى ئىلىم ئاتالغان تۈرلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىناققا تايىنىلىدۇ. ئۆگەنگۈچىلەر يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشتىن ئاۋۋال چوقۇم ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى مەكتەپ ئىچىدە ئورۇندىسىمۇ، مەكتەپ سىرتىدا ئورۇندىسىمۇ بولىدۇ. ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنىڭ قېلىپلاشقان ئۆلچىمى بولمايدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن بىردىن ئۆگىنىش توختىمى بەلگىلىنىپ، ھەر بىر مەزگىلدە يېتەكچى، ئائىلە باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىمزالىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئۆگىنىش ۋاستىلىرى جەھەتتىن، دوسكىنىڭ ۋاقتى ئۆتىدۇ. ئۆلچەملىك ئورۇندۇق، خۇسۇسىي كومپيۇتېر ۋە ئوپتىك دىسكىدىكى قامۇسلار مودىغا ئايلىنىدۇ. ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە كۆپ ۋاستە، ھالقىما ۋاستە، تور ۋە كومپيۇتېر تەقلىدى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارغا تايىنىدۇ. چۈنكى، يېڭى تىپتىكى كومپيۇتېرلار ئىنسانلارغا ئوخشاش توغرا ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. يېزىق شەكلىنى باسما شەكلىگە ئالماشتۇرغىلى ھەمدە بۇ ئۈچۈرلارنى كومپيۇتېردا ساقلىغىلى بولىدۇ. كومپيۇتېر — ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك قورالىغا، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئاۋاز ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان

كۇنۇپكا تاختىسى ئىشلىتىلىدۇ. يۇمشاق دېتاللار ئۆگىنىش، ئىشلىتىشكە بارغانسېرى قۇلايلىشىدۇ. بارلىق ئوقۇغۇچىلار يېزىق بىر تەرەپ قىلىش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتارلىقلارنى چۈشىنەلەيدۇ. ئالىي دەرىجىلىك يېزىق بىر تەرەپ قىلىش ئالىي دەرىجىدىكى خەت بېسىشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. خاتىرە باشقۇرۇش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئىشلىتىش تەرتىپىگە ئالمىشىدۇ. كومپيۇتېر ئىشلەتكەندە، ھۆججەت بىر تەرەپ قىلىش يېزىق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ شەخسىي كومپيۇتېرىنى بىر سىنىپتىن يەنە بىر سىنىپقا ئېلىپ يۈرىدۇ.

ھازىر بار بولغان مائارىپ تېخنىكىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئاساستا، مائارىپقا ئائىت يۇرۇشلەشكەن ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن تېز كۆپىيىدۇ. بۇنداق يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەھسۇلاتلار ئوقۇغۇچىلار سېتىۋالالىغۇدەك لايىق باھادا سېتىلىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ بۇنداق «ئاپتوماتلاشقان تەكرار ئوقۇتقۇچىسى»دىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئائىلىدە بالىلىرىنى تەربىيىلىشىگە كۆپ ياردىمى بولىدۇ. مائارىپ ئۇچۇر تېخنىكىسى بالىلارنى بۆشۈكىدىلا رەسمىي تەربىيە يولىغا ئېلىپ كىرىدۇ. بولۇپمۇ، بۇنداق ئۇسكۇنە- ئەسلىھەلەر- ئېلېكترونلۇق ئويۇنلار گۆدەكلەرنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاشقا، تەپەككۇرىنى قوزغاش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب شەكىلدە لايىھەلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدىكى «ئوقۇ- تۇش» بالىلارنىڭ گۆدەك چاغلىرىدىلا باشلىنىدۇ. بەزى بالىلار ئۈچ ياشتىن بۇرۇن خەت ئوقۇشنى بىلىدىغان بولىدۇ. كىشىلەر ئائىلىدە تۇرۇپمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن ھەرقانداق دەرسنى ئاڭلىيالايدۇ. مېيىپ كىشىلەر ئۇچۇر تېخنىكىسى مائارىپىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھر ئالالايدۇ. ئەما ۋە گاسلار، قول- پۇتى مېيىپلارمۇ بۇنداق ئەسلىھەلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىگە بولالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىدىن بەھرلىنەلەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئائىلە تاپشۇرۇقى ئىشلىگەندە ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالالايدۇ. ئائىلە تاپشۇرۇقى قىزىق لىنىيىسى كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. يىڭى يىراق مۇساپىلىق يىغىن سىستېمىسى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى يىراقتىن ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچى بىلەن ئازادە ھالدا بىللە مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى مەكتەپتە قانداق تېمىدا تەكرار قىلماقچى بولسا كومپيۇتېردا شۇ تېما بويىچە ئىزدەپ بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر، بىلىم، چۈشەنچىلەردىن پايدىلىنالايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ماقالىلارنى تور ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ يازسا بولىدۇ. بىراق، يامان تەرەپ شۇكى، ئوقۇغۇچىلار شىددەت بىلەن يامراپ كەتكەن ماتېرىياللارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلالماسلىقى، مېڭە ئىشلىتىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئۆز پىكىرلىرىنى يازماسلىقى، تايىنىشچان پسىخىكا يېتىلدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن.

مائارىپ ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسىتېتلار بارلىققا كېلىدۇ. كومپيۇتېر تورى، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى قاتارلىقلار يەرشارىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلىۋېتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت قورۇسى ئىچىدىلا ئۆگىنىشنىڭ ۋاقتى ئۆتىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش رېتىمى- سۈرئىتى بويىچە ئۆگىنىشىگە يول قويىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ بولغاندا ئاندىن ئوقۇش نومۇرىغا ئېرىشىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر دەرسنى تېزراق تۈگىتىۋەتسىمۇ، بىرقانچە يىلدا تۈگەتسىمۇ بولىدۇ.

مائارىپ تەجرىبىسى مېدىيە- كۆپ ۋاسىتە، كومپيۇتېر تەقلىدى، تەقلىدىي ئەمەلىيەت قاتارلىقلارغىچە كېڭىيىدۇ. يەنى، تەربىيىلەنگۈچىلەر ھاياجانلىق ئىش- پائالىيەتلەر ئاساسىدىكى تەقلىدىي رېئاللىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دېگۈدەك ئۆزىنىڭ خىزمەت- پائالىيەت ئورنى ۋە تەتقىقات ئورنى بولىدۇ. دەرسخانىلار رەسىم سىزىش ئۆيىگە ئوخشاش ئەركىن- ئازادە ۋە خالىغانچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولىدۇ.

مەكتەپ تورىغا ئۇلىنىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك خاتىرە كومپيۇتېرلار بار بولىدۇ. دەرسخانىلارغا كۆرگۈ تام قەغىزى سەپلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك سۈرەت - رەسىمگە قورشىلىپ تۇرىدۇ. ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ۋە مەسىلە ھەل قىلىشتا جانلىق، ھەرىكەتچان بولغان سىخېمىلارغا ئىگە بولغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھېسابلىغۇچلار ئىشلىتىلىدۇ. ئائىلە ۋە مەكتەپ ئارىسىدىكى ئۇچۇر- ئالاقە يۈز تۇرانە ئەمەس، تار دائىرىلىك تورلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بەشىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن لايىھەلىنىدۇ. كوللېكتىپنى ئاساس قىلغان مەزمۇن يەتكۈزۈشكە خاتىمە بېرىلىپ، شەخسكە خاس بولغان ئۆگىنىش پىلانى ئاساس قىلىنىدۇ. بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، ئايرىملاشقان سىناق تەكىتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان باھالاش تاشلىنىپ، مەشغۇلاتنى ئاساس قىلغان باھالاش رېئاللىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق مەزمۇننى ئۆگىنىشى ئەمەس، نەتىجىنى نېگىز قىلغان ئۆگىنىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئالتىنچى، دەرسلىك جەھەتتىن، دەرسلىك كىتابنى قورال قىلىشنىڭ ئورنىغا ئالىي تېخنىكىنى قورال قىلىش ئالمىشىدۇ. خاتىرە كومپيۇتېر ياكى سومكا شەكىللىك كومپيۇتېر دەرسلىك ماتېرىيالنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. دەرسلەر ئۈپتىك دېسكىدا ساقلىنىدۇ. ئالمىشىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. سۈرەت- رەسىملەر ھەرىكەتچان بولىدۇ. ئۇنى ئۆچۈرۈشكە ۋە قايتىدىن كۆچۈرۈشكە بولىدۇ. كۆپ خىل كەڭلىكتىكى دەرسخانا ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بارا- بارا رېئاللىشىدۇ.

يەتتىنچى، مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتە، مەكتەپ رايونى مەركەزلەشكەن ئورۇن، ئوخشىمايدىغان كىچىك گۇرۇپپىلار ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىدىغان ئورۇن، ئوقۇغۇچى مۇستەقىل- يالغۇز پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە خىزمەت قىلىدىغان ئايرىم كىچىك بۆلۈكچە، ئوقۇتقۇچىلار- مەخسۇس خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىسى

قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل چوڭ-كىچىك ئۆلچەمدىكى ئورۇندىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىشخانىلار ئۇنىۋېرساللاشقان كومپيۇتېر تېخنىكىسىغا تايىنىپ باشقۇرۇلىدۇ. كاتىپ مۇھىم ياردەمچى بولىدۇ. ئۇ تېخىمۇ كۆپ مەمۇرىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە مەمۇرىي خادىملىق ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

سەككىزىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولى جەھەتتە، ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇر نوپۇزدارى ئەمەس، بەلكى لاۋازىم- مۇلازىمەتچى بولىدۇ. تېخنىكا ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىشنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلار بارا- بارا ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ بوپقالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار يېتەكلىگۈچى مەشغۇلاتلىرىغا ئايلىنىپ، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ يۇقىرى «ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى»گە يېتىشنى تىرىشىش نىشانى قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلىم يەتكۈزگۈچى بولمايدۇ، ئۇنىڭ پەقەت ئۆگىنىشتىكى تەكرار يېتەكچىسى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەرگۈچى بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم ئوخشىمىغان ئىقتىدار ۋە قىزىقىشقا ئىگە ئوقۇغۇچىلارغا يېتەرلىك قولايلىق يارىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ دەۋردە، ئائىلە باشلىقلىرى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېتەكچى تەكلىپ قىلىپ بېرىدۇ. يېتەكچىلەر كوللېكتىپنى تەشكىللەيدۇ. تۆتتىن ئونغىچە ئادەم بىر توپ- كوللېكتىپنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار مەكتەپتە ئوخشىمىغان ئىقتىدارى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. تەڭ ياشلىقلار- قۇرداشلار يېتەكچىلىكى، ئائىلە باشلىقلىرى، ياشانغانلار، پىدائىيلار كېمەيگەن مائارىپ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ-دە، ئوقۇتقۇچىلار مائارىپتىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى ئوقۇتقۇچىلارنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارغا تېخىمۇ قىزىقارلىق ئۆزگىچە ۋەزىپە يۈكلىيەلىگەندىلا ئاندىن ئۇلار ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قارشى ئالىدۇ.

مائارىپ ئۇچۇر تېخنىكىسى كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئاساسلىقى ئۆزىگە تايىنىپ ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. كومپيۇتېرلاشقان كۆپ ۋاستىلىك دەرسلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جىسمانىي يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. بىراق، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر يەنىلا يېتەكچىلىككە موھتاج. چۈنكى، ئۇلارنىڭ زېھنى يەنىلا ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق تېمىغا مەركەزلىشىشى كېرەك. شۇڭا، كەلگۈسىدە يالغۇز ئۇچۇر تېخنىكىسىلا ئەڭ ياخشى بولغان مائارىپ شەكلىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار يەنىلا كېرەك بولىدۇ. كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى بولمىغان شارائىتتا، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تەلتۆكۈس تاماملاپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىرگە بىر ئايرىم يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك ۋە سىرداشلارچە مۇنازىرە- مۇزاكىرە قىلىش بولىدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، مائارىپ دۇچ كېلىدىغان خىرىس كەسكىنلەشتى. بۇ خىرىس بىلىمنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى بىلەن ئۆگىنىش جەريانىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە قاراپ ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىشىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق ياكى شەكلىدىن ئۆزگىرىش ئەمەس. ئۇ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئاخىرلاشمايدۇ: بىرنەچچە سىياسەت ياكى تەدبىر بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن، تەجرىبە ۋە ئىدىيىلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى ماكان چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلاندى. ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى- ئۆگىنىش ۋاستىلىرى شۇ قەدەر تەرەققىي قىلدىكى ۋە يېنە يۈكسىلىدۇكى، بىلىمنىڭ بارلىققا كېلىش، كېڭىيىش سۈرئىتى تارىختا مۇنداق سەۋىيىگە يەتكىن ئەمەس. ھازىر بىر تۇتاش تەربىيىلەش، بىر تۇتاش مەشقلەندۈرۈش، ئوخشاشلاشتۇرۇش ئاساسىي ئېقىمنى ئىگىلىگەن، سىياسىيغا ھاسا تاياق بولغان ئەنئەنىۋى مائارىپ يېڭى مەنا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۆگىنىش مۇنتىزىم مائارىپ سىستېمىسى بولغان مەكتەپنىڭ سىرتىغا قاراپ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۆگىنىشنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. يەنى، ئۆگىنىش يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانى ھالىتىدىن مەسلىھەت بېرىشنى ئاساس قىلغان جەريان ھالىتىگە قاراپ بۇرۇلىۋاتىدۇ. بىلىم ئېنىق بولغان، جەزملەشتۈرۈلگەن نەرسە دېگەن قاراشتىن بەلگىلىك دەرىجىدە سىرلىق، تېخى بىلىنمىگەن نەرسە دېگەن قاراشقا بۇرالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ رولىغا بولغان تەسىرلا ئەمەس، بەلكى، مەكتەپنىڭ رولىغىمۇ تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. مائارىپ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئىچىدىكى ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان «يېڭى مائارىپ»لىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، خىرىس، كرىزىسقا توغرا جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان ھالغا كېپقالدى.

## 5. ئىلمىي مائارىپ يولى

مەكتەپ مائارىپى كۆپ تەرەپلىمە، ئۇنۇملۇك ئىسلاھ قىلىنمىسا، زور تۈركۈمدىكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلار، ئوقۇشتىن زېرىككەن بالىلار، ئوقۇشتىن قاچقان ئوقۇغۇچىلار، گەرچە مەكتەپتە بولسىمۇ، ئوقۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مەكتەپتە پەقەت كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بالىلار، خاراكتېرى غەيرىيلەشكەن بالىلار بىرلىشىپ مائارىپىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇچۇر جەمئىيىتىدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى تېز بولىدۇ. مائارىپ سۈپىتىنىڭ، تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئىقتىسادقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال باي- كەمبەغەللىك پەرقىنى زورايتىۋېتىدۇ. ياشلار ئەگەر توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراشقا، توغرا تەپەككۇر ئىقتىدارىغا، مۇناسىپ ھاياتلىق پوزىتسىيىسىگە ئىگە بولمىسا ياكى ئۆز ھاياتىنى قامدىنالمىغۇدەك ئىقتىسادقا، مۇقىم تۇرمۇشقىمۇ ئېرىشەلمەي خارلىققا قالىدۇ ياكى ماددىي باياشاتلىققا مەستۇ- مۇستەغرەق بولۇپ، روھىي جەھەتتىن قۇرغاقلىشىدۇ، غەيرىيلىشىدۇ. ئىنسانىي قىممەت سولىشىشقا باشلايدۇ. ئىنسانىي قىممەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بالىلارغا پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشقىلا ئەمەس، بالىلارنىڭ ھاياتتىن بەھرىلىنىش، تېجەشچانلىق، مەدەنىيەت ئىممونىتېت كۈچى، مىللىي ئەنئەنە قاتارلىق تەرەپلەرگە بولغان چۈشەنچە -

پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇچۇر جەمئىيىتىدە خىزمەت ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، «ئاق ياقىلىقلار» — ھەقىقىي بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشقان بولىدۇ. كىرىمدىكى بۇنداق ئېشىش ئادەملەرنى ماددىي باياشاتلىشىش، مەنىۋى قۇرغاقلىشىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل قۇرغاقلىششنى ئاز ساندىكى مۇتەپەككۇرلەر، ئىجادچان شەخسلەر ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن، تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادلىق ئادەملەر نورمال بولغان دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن تولدۇرىدۇ. ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى- ئېتىقاد، ئىشەنچىسىنىڭ، قەلبىدە ھەق- ناھەق تۇيغۇسىنىڭ تايىنى يوق، ئەخلاق- نومۇس، ھايا تۇيغۇسىنى ، گۇناھ ئېڭىنى يوقاتقان كىشىلەر تۇرمۇشتا تېزلا چۈشكۈنلىشىپ، يالغۇزلۇق، زېرىكىش، مەنىۋى قېرىلىققا گىرىپتار بولىدۇ. نەۋۋەتتە، مائارىپ دۇچ كېلىدىغان ھەقىقىي خەۋپ يېتىپ كەلدى. بىز ئەنئەنىۋى مائارىپىمىزنى بىر- ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا پەردازلاپ ئۆتۈپ كەتمەيلى! زامانىۋى مائارىپىمىز جەننەت مېۋىسى قىلىۋالمايلى!

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دەسلەپكى ئىنسانلار ئوڭ مېڭە تىپىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ھېسسىيات ۋە سەزگۈ قاتارلىق ئوڭ مېڭە ئىقتىدارى تەرەققىي قىلغان، بىراق، تىل، ئەقلىي ئىقتىدارى قاتارلىق سول مېڭە ئىقتىدارى ئۇنچىۋالا تەرەققىي قىلمىغان ئادەملەردۇر. ھازىرقى ئىنسانلار بولسا، سول مېڭە تىپىدىكى ئادەملەر بولۇپ، تىل، ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق سول مېڭە ئىقتىدارى تەرەققىي قىلغان، بىراق، ھېسسىيات ۋە سەزگۈ قاتارلىق ئوڭ مېڭە ئىقتىدارى تۆۋەنلىگەن ئادەملەردۇر. ئەقلىي ئىقتىدارى تەرەققىي قىلغان، زور دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ مېڭە تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، تىل، لوگىكا، ئەقىل تەرەققىياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان سول مېڭىسى، ئوبراز، سەزگۈ، ھېسسىيات تەرەققىياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئوڭ مېڭىسىگە قارىغاندا ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. كەلگۈسىكى ئىنسانلار بولسا ئوڭ، سول مېڭىسى ماسلاشما تىپلىق ئادەملەر بولىشى كېرەك. يەنى، ئوڭ ۋە سول مېڭە ئىقتىدارى تولۇق تەرەققىي قىلغان، ئىككى خىل مېڭە ئىقتىدارى ماسلاشقان، ھالقىما(ئىجادچان) ئىنسانىيلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان ئادەملەر يېتىلىشى كېرەك. بىز مائارىپ مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم چىقارغاندا، يىراقنى كۆرىشىمىز، ئىلمىيلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

باللاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنىڭ قېزىلىشى بوۋاقتا ئۇ ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ تەسىر قىلغان ئامىللارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ ئامىللار كۆپخىل بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بىرى، ئىچكى ئامىل- يەنى ئىرسىيەت، ئىقتىدار، ئىلگىرىكى تەجرىبە، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق قاتارلىقلار؛ يەنە بىرى، تاشقى ئامىل- يەنى، تەبىئىي مۇھىت- ساپ تەبىئىي مۇھىت، ئادەملەشكەن تەبىئىي مۇھىت. ئىجتىمائىي مۇھىت- ئىستىخىيلىك شەكىللەنگەن كىشىلىك مۇناسىۋەت- ئائىلە، ئۇرۇق- تۇغقان، ياشىغان مۇھىتتىكى باشقا كىشىلەر مۇناسىۋەتلىرى؛ تەشكىللىك بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر- مائارىپ قاتارلىقلاردۇر.

ئېنىقكى، مائارىپ پەقەت ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بىر قىسمى. قارىماققا، ئۇنىڭ رولى تازا زور ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. بولۇپمۇ، مەكتەپ مائارىپى ئىلمىي غايە نۇقتىسىدىن قارىغاندا مەقسەتچانلىققا، پىلانچانلىققا، تەشكىلچانلىققا، كونترولچانلىققا، مەخسۇسلۇققا ئىگە: ئۇ ئېنىق مەقسەتچانلىققا، يۆنىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مەخسۇس ئادەم تەربىيلەيدىغان پائالىيەت. مەكتەپ مائارىپى جەمئىيەتنىڭ ئادەمگە قويغان تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇئەييەن مەقسەت ۋە يۆنىلىش بويىچە مۇۋاپىق مەزمۇن تاللايدۇ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللىنىدۇ، ۋاقىتتىن مەركەزلىك پايدىلىنىدۇ؛ ئادەمگە نىسبەتەن سىستېمىلىق تەربىيە، مەشىق ئېلىپ بارىدۇ؛ ئادەم بىرقەدەر سىستېمىلىق پەن- مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ماھارەتكە ئىگە بولىدۇ؛ مۇئەييەن دۇنيا قاراش ۋە ئەخلاق- پەزىلەت يېتىلدۈرىدۇ. مەكتەپ مائارىپى بىرقەدەر كۈچلۈك پىلانچانلىققا ۋە سىستېمىچانلىققا ئىگە. ئۇ ھەر خىل قاتتىق بەلگىلىمە- تۈزۈمنىڭ چەكلىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئادەم تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ۋاقىت ۋە بوشلۇق ئۇنىڭ كونترول تەرتىپىگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىك، رېتىملىق، ئىلمىي ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەكتەپ مائارىپى سىستېمىلىق ئۆگىنىش مەزمۇنىغا ئىگە. بۇ مەزمۇنلاردا، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىختىساسلىقلارغا قويغان تەلىپى، بىلىمنىڭ لوگىكىلىق تەرتىپى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى يۇقىرى دەرىجىدە تەشكىلچانلىققا ئىگە. مەكتەپ تەربىيىسى ئاساسلىقى مەخسۇس تەربىيە ئورگىنى- مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتى مۇئەييەن مائارىپ نىشانىغا ئاساسەن تەشكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ھەمدە تەربىيلەيدىغان ۋە مەشقلەندۈرىدىغان مەخسۇس مائارىپ خىزمەتچىلىرى بولىدۇ. تەربىيلەنگۈچىلەر مۇئەييەن مائارىپ تەلىپى بويىچە تەشكىللىنىپ، مەخسۇس تەربىيە ۋە مەشىق قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ياشلار ۋەئۆسمۈرلەرنىڭ تەن- قەلب تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە رولى باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەسىرىدىن كۆپ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. مەكتەپنىڭ تەربىيە مۇھىتىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇھىت ئىخلاس بىلەن تاللىنىدۇ ۋە تەشكىللىنىدۇ. مەكتەپكە خاس مۇھىت يارىتىش ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى بېكىتىش ئارقىلىق ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلانغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، بارلىق پايدىسىز مۇھىت ئامىلى ۋە ئاۋارىچىلىقنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىگىلى، بۇ ئارقىلىق شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى ئېنىق يۆنىلىشكە قاراپ يېتەكلىگىلى

بولىدۇ؛ مەكتەپ تەربىيىسىدە شەخسنىڭ ئىرسىي ئۈستۈنلۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى، ئىرسىي كەمتۈكلۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلىغىلى، ئىرسىي ساپانى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تەلىپىگە ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

مەكتەپ مائارىپى ئىلمىي روھتا داۋام ئەتسە، يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانىي پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ھەمدە باشقا ئىجتىمائىي تەسىرلەر ئورنىنى ئالالماس ئۈستۈنلۈكى بىلەن بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدۇ. ئەگەر، ئۇنداق بولمايدىكەن، بالىلار نامۇۋاپىق تەربىيىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، خاتا مائارىپ بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىغا ياغقان توپىغا، ماڭقۇرتلاشتۇرۇش شىرىسىگە، غەيرىيلەشتۈرۈش مۇھىتىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيەتلەر بويىچە قانات يېيىشى زۆرۈر. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەزا زۆرۈر تەربىيە قانۇنىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە قانداق ئەۋزەللىك ياكى قانداق زىيان ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. تەلىم - تەربىيىنىڭ ئومۇملاشقان قانۇنىيەتلىرىنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن تەپسىلىي شەرھلەپ بولۇش بەك تەس. بۇ يەردە، قىسقارتىپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى پسىخىك تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇقلۇقى، مېڭىنىڭ ئوڭ ۋە سول يېرىم شارلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىرسىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، خاسلىقنى ئېتىبارغا ئېلىش، ھېسسىيات بىلەن بىلىشنىڭ بىرلىكىنى تونۇش، ئادەم ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قاتارلىق ئالتە تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن.

بالىلار ئۈچۈن دەسلەپكى تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم. مائارىپ تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى، جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۆرىدەپ قانات يېيىشى زۆرۈر. ئەگەر مائارىپ مەزمۇن ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن كېيىن قالسا، مائارىپ بايلىقىدا ئىسراپچىلىق، سۈرئەت ئاستىلىق، سۈپەتنىڭ ناچارلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. تەربىيە مەزمۇن ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن بەك ھالقىپ كەتسە، مائارىپ «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»كە ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى تۇغۇلىدۇ، بالىلاردا ناخۇش پسىخىك كەيپىيات شەكىللىنىپ، قورقۇش، ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش روھىي ھالىتى باش كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا پسىخىك قارشىلىق كۈچىيىدۇ، ئۆگىنىش قىزىقىشى تۆۋەنلەيدۇ. قىزىقىش تۆۋەنلىسە، ئۆگىنىش مۇددىئاسى سۇسلىشىدۇ، مۇددىئانىڭ سۇسلىقى ئۆگىنىش تەشەببۇسكارلىقىنى كېمەيتىدۇ. نەتىجىدە، ئۆگىنىشتە پاسسىپلىشىدۇ، ئۆگىنىشنى ئەھمىيەتسىز ھېس قىلىدۇ ياكى ئۆگىنىشنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكى قايتىپ بېرىپ، يەنە پسىخىكىدىكى پاسسىپ كەچۈرمىش بوپقالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال چەمبەر سىزىقىنى بويلاپ بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلاردىكى پسىخىكا جەھەتتىكى «پاسسىپ كەچۈرمىشنىڭ ئايلىنىش جەريانى»دۇر.

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى ئوڭ ۋە سول مېڭە يېرىم شارلىرىنىڭ قارىمۇ- قارشى رولىنىڭ بىرلىكمىسىدۇر. مېڭە كۆۋرۈكى ئوڭ ۋە سول مېڭە يېرىم شارلىرىنىڭ ماددىي ھالىتىنىلا ئەمەس، مۇھىمى ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئوڭ ۋە سول مېڭە يېرىم شارلىرىنىڭ رولى ئاساسەن دائىرىلىك بىلەن ئەتراپلىق، مەنىسىزلىك بىلەن مەنە، سەنئەت بىلەن تېخنىكا، دىنىي بىلەن ئىلمىي، ئىدىئالىزملىق بىلەن ماتېرىيالىزملىق، تەسەۋۋۇرسىزلىك بىلەن تەسەۋۋۇرلۇق، فانتازىيىلىك بىلەن رېئال، تەسەۋۋۇر بىلەن خاتىرە، پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىك، سىمۋول بىلەن كونكرېتلىق، سەزگۈ بىلەن تەپەككۇر، سېخىما بىلەن ھېسابلاش، ئابستراكتلىق بىلەن ئەينەنلىك، ئوبراز بىلەن تىل، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن تەھلىل قىلىش، ماسلىشىش بىلەن قارشىلىق... دېگەندەك پەرقلىنىدۇ. مائارىپ جەريانىدا نوقۇل سول مېڭە ئىقتىدارىغا تايىنىۋېلىش، ئوڭ مېڭىدىن ئىبارەت بىر يوشۇرۇن بايلىقنى كۆمۈپ قويۇش، ھەتتا ئۇنى چىرىتىش بىلەن باراۋەردۇر؛ نوقۇل ئوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ياكى پەنلەرگىلا كۆچەشمۇ ئوخشاشلا يەنە بىر ھېكمەت خەزىنىسىنى خورىتىپ تۈگىتىۋېتىشكە تەڭدۇر.

«ئىرسىيەت بىزنىڭ زېھنىي ئىقتىدارىمىزغا، خاراكتېرىمىزگە ۋە پسىخىك ماسلىشىش ئىقتىدارىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز، كەسىپ تاللىشىمىز ۋە بوش ۋاقىتتىكى قىزىقىش- ياقتۇرۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم، تۈزۈمنى تەكشۈرۈش، جاز مۇزىكىلىرى ۋە نىكاھدىن ئاجرىشىش قاراشلىرىغا، ھەرىكىتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارغا قەدەر تەسىر كۆرسىتىدۇ»[19]. دېمەككى مائارىپ ئىرسىيەتكىمۇ قارشى يول تۇتماسلىقى كېرەك.

خاسلىق بىز دەۋاتقان ئىندىۋىدۇئاللىق بولۇپ، ئۇ چوڭ جەھەتتىن مىللىيلىك پەللىسىدە، كىچىك جەھەتتىن شەخستە كونكرېت ئىپادىلىنىدىغان ئىقتىدار ۋە ئۆگىنىش ئىستىلىدۇر. خاسلىقنىڭ بىر سەۋەبى ئىرسىيەتتۇر، يەنە بىر سەۋەبى كەچمىشتۇر. بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋال ۋە مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا يولۇققان كەچمىش- كېچمىلەرمۇ بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون.گۇدىراد مۇھىت- كەچمىشنىڭ بالىلاردىكى خاسلىققا بولغان تەسىرىنى تەھقىقلەپ: «مائارىپ شەخس ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان كەچۈرمىشنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىدە بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ»[20] دەيدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ بىردىنبىرلىك- خاسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھەر بىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان

قابىلىيەتلەرنىڭ تۈرى، سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مائارىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئادەم بىر خىل تۇپراقتۇر. ئادەم خاسلىققا ئىگە بولغانىكەن، مائارىپمۇ خاسلىشىشى كېرەك. ھەممە ئادەم ئۆز ئارتۇقچىلىقى بويىچە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى لازىم.

چوڭ مېڭىنىڭ پوستلاق قەۋىتىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ئاۋۋال كەيپىيات مەركىزى، ئاندىن تەپەككۇر مەركىزى- يېڭى پوستلاق تەرەققىي قىلىدۇ. ھېسسىيات بىلەن بىلىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن يېقىن. كەيپىيات مەركىزى ئىگە بولغان جىددىيلىك، غەزەپ، بىئاراملىق مېڭىنىڭ خاتىرە ئىقتىدارىغا، يېڭى پوستلاقنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىغا كۈچلۈك بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەكسىچە، كەيپىيات ياخشى بولسا، يېڭى پوستلاقنىڭ پائالىيەت ئۈنۈمى ئاشىدۇ. شۇڭا، تەربىيە جەريانىدا ھېسسىيات نۇقتىسىدىن تەسىر قوزغاش بەك مۇھىم.

ھايات ئادەم ھاياتىنىڭ كۆپ قاتلىمى، كۆپ تەرەپلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدۇر. پۈتۈنسۇرۇك بىر ئادەم ئىرادىسى، ھېسسىياتى، تەسەۋۋۇرى بولغان مەۋجۇد ماددىدۇر. ئادەمنىڭ پائالىيىتىدە مەنىۋى تۇرمۇش- ئادەم پسىخىكىسى بىلەن ماددا (روھ بىلەن تەن ) بىر گەۋدىلىشىپ كېتىدۇ. ئادەم ھەر قانداق بىر پائالىيەتكە قىسمەنلىك ياكى يەككە ھالەتتە ئەمەس، بىر پۈتۈن ھاياتلىق شەكلىدە قاتنىشىدۇ؛ دېمەككى، مائارىپ ئادەمنىڭ مەلۇم بىر قابىلىيەت، ئىقتىدارىغا ئەمەس، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى مەنىگە ئىگە قىلغۇچى ھەممە تەرەپكە تولۇق يۈزلىنەلىگەندىلا ئاندىن مائارىپتىن ھەقىقىي ئىنسان تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ.

ۋاستىنىڭ تەرەققىياتى بىزدە خېلىلا تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، تۈپ مەسىلە مائارىپ ئىدىيىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. مائارىپ پائالىيىتى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى توغرا قېزىش ۋە ئىجابىي يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشتىن ئاخىر ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئىلمىيلىكنى چىقىش قىلىشى كېرەك. مائارىپ جەريانىدا يۇقىرىقى ئالتە زۆرۈرىيەت ئېتىراپ قىلىنمىسا، بۇنداق مائارىپ ماھىيەتتە، شەخسنىڭ مېڭىدىن ئىبارەت بۇ چەكسىز بايلىق مەنبەسىنىڭ ئاستا- ئاستا خوراپ تۈگىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن بولىدۇ.

بەختكە يارىشا، جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خاسلاشقان مائارىپ ھەققىدە پىكىر - تەلقىنلەر بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، خاسلاشقان مائارىپ بىر خىللاشقان مائارىپقا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ كونكرېت شەخسكە يۈزلەنگەن مائارىپتۇر. خاسلاشقان مائارىپ شەخسنىڭ خاسلىقى ۋە پەرقىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ خىل خاسلىق مىجەز، ئېھتىياج، ھەزارەت ۋە تىل پەرقلىرى، قابىلىيەت ئۈستۈنلۈكلىرى قاتارلىقلاردۇر؛ ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە تاللىشىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى دېموكراتىك، ئەركىن جەريانغا ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇ، ھاياتلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەركىن ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. «خاسلاشقان تەربىيىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى ياكى چۈشەنچىسى ماسلىشىش- يەنى، ئوقۇغۇچىنى مائارىپقا ئەمەس، مائارىپنى ئوقۇغۇچىلارغا ماسلاشتۇرۇشتۇر» [21]. خاسلاشقان مائارىپ ھەر بىر شەخسنىڭ خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شەخسنىڭ خاسلىقىغا يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەشەببۇسى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. ئەلۋەتتە، ئۇ ئوتتۇرىچە سەۋىيىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەس. بۇ خىل مائارىپ چۈشەنچىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئوقۇغۇچىلار بىلەن مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، مائارىپ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن، ئىستىخىيىلىك تەرەققىياتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مائارىپ پەقەت پۇرسەت بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ، شارائىت يارىتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قانداق ئوقۇغۇچى بولسا، شۇنداق تەربىيە تەمىن ئېتىلىدۇ. بۇ مائارىپ بارلىق ئوقۇغۇچىنى بىرلا ئۆلچەمدە ئوخشاش شەكىلدە قويۇپ، ياساپ چىقماستىن، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنى ئالاھىدىلىككە، ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىدۇ» [22]. ئۇ، ئوخشاشلاشتۇرۇشنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلغان يېزا ئىگىلىك، سانائەت جەمئىيىتى دەۋرىدىكى مائارىپقا نىسبەتەن زور ھالقىشتۇر.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خاسلاشقان مائارىپ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى. فېڭ جيەنجۈن ئەپەندى: «خاسلاشقان تەربىيە كېيىنكى سانائەت دەۋرى مائارىپىنىڭ بىردىنبىر ھالىتى بوپقالىدۇ» [23] دەيدۇ. بىز تەربىيە جەريانىدا، خاس ئالاھىدىلىكنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوللايدىغان مائارىپ سىياستى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك؛ خاسلىققا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك؛ مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلاپ چىقىشىمىز كېرەك؛ ئوقۇتۇش نىشانى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش شەكلى، ئوقۇتۇش پائالىيىتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىگىلەش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى خاسلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك؛ تېخىمۇ كونكرېت چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، روشەن خاسلىققا ئىگە ئادەملەرنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم كونكرېت شەخس ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ئۇچۇر مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى مائارىپ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك تۈپ ئىدىيىنى «خاسلىق بولۇش، ئىجادچانلىقى بولۇش ۋە ئىنچىل ئۆگىنىش روھى بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدە بولسۇن!

2006-يىل 26-دېكابىر، پوسكام _ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] دۇڭ جىنيۇ: «مۇنەۋۋەر باللارنى تەربىيىلەشنىڭ قانۇنىيىتى»، «جۇڭگو ئايالىرى» نەشرىياتى 2006- يىل خەنزۇچە نەشرى، 56- بەت.

[2] چېڭ جىيىمىڭ، تيەن لىڭ: «بىلىم جەمئىيىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىسى»، يۈ جىنگو باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مائارىپ سىياسىتى تەقرىزلىرى ـ 2002» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى،121- ، 122- بەتلەر.

[3] چېڭ جىيىمىڭ، تيەن لىڭ: «بىلىم جەمئىيىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىسى»، يۈ جىنگو باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مائارىپ سىياسىتى تەقرىزلىرى ـ 2002» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى، 122- بەت.

[4] جېڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى 189- بەتتىكى نەقىل.

[5] چې ۋېنبو: «گۇمانىزم پسىخولوگىيىسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى، 440 - بەت.

[6] جاننېت. ۋاس(ئامېرىكا)، گوردېن. دىپردېن (يېڭى زېلاندىيە): «ئۆگىنىش ئىنقىلابى»، شاڭخەي «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 1998- يىل خەنزۇچە نەشرى، 49 - بەت.

[7] دېڭ جۇېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى، 78- بەت.

[8] ياڭ شياۋۋېي: «ئەسىرلەر ئارا تارىخنىڭ ئەكس ساداسى- جون. دېۋېي مائارىپ نەزەرىيىسىنىڭ بۈگۈنكى ئامېرىكا مائارىپىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «مائارىپ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2002- يىل 2- سان 52- بەت.

[9] يۇ شۆمىڭ: «ئىجادىيەت تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى، 33- بەت.

[10] س. گ. پارس، ل. ئا. ئايرېس (ئامېرىكا): «تەپەككۇر ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈش»، جۇڭگو يېنىك سانائەت نەشرىياتى 2001- يىل خەنزۇچە نەشرى 1- بەتتىكى نەقىل.

[11] ئەنگېن جۇلاڭ (ياپونىيە): «مېنىڭ مائارىپ قارىشىم»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 1- بەتتىكى نەقىل.

[12]، [13] قاسىم سىددىق: «ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى- مائارىپ يۈزلىنىشىنى بەلگىلەشتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000- يىل 4- ، 5- (قوشما) سان 102- بەت.

[14] چې ۋېنبو: «گۇمانىزم پسىخولوگىيىسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى، 448- بەت.

[15] فېڭ جيەنجۈن: «خاسلاشقان مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە»، «مائارىپ ئىلمى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004- يىل 2- سان 13- بەت.

[16]، [17] جاڭ شىنياڭ: «ئەقىل- پاراسەتنىڭ خورىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000- يىل 4- ، 5-(قوشما) سان 138- بەت.

[18] جاۋ ۋېي، جەن خۋارۇ: «مائارىپ دېگەن نېمە؟»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى ( ئۇيغۇرچە)، 2004- يىل 10- سان 18- بەت.

[19] داۋىد. ب . كوخېن (ئامېرىكا): «تەبىئىيلىك- ئېرسىيەت باللارنىڭ خاراكتېرى، ئىقتىدارى ۋە كەلگۈسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ»، شىنخۇا نەشرىياتى 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى، 7- بەت.

[20] ياڭ شياۋۋېي: «ئەسىرلەر ئارا تارىخنىڭ ئەكس سادا سى- جون. دېۋېي مائارىپ نەزەرىيىسىنىڭ بۈگۈنكى ئامېرىكا مائارىپىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «مائارىپ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتى » ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2002- يىل 2- سان 52- بەت .

[21] فېڭ جيەنجۈن: «خاسلاشقان مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە»، «مائارىپ ئىلمى » ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004- يىل 2- سان 13- ، 14- بەتلەر.

[22] فېڭ جيەنجۈن: «خاسلاشقان مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە»، مائارىپ ئىلمى ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004- يىل 2- سان 14- بەت.

[23] فېڭ جيەنجۈن: «خاسلاشقان مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە»، «مائارىپ ئىلمى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004- يىل 2- سان 12- بەت.

---

ئاپتور: يېتىلىۋاتقان ياش مائارىپ تەتقىقاتچىسى، پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى(M3)،(M1)

تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدي

# مائارىپ تەشتىكدە
# يېگىلىگەن ئۆزلۈك



— ياسىنجان سادىق چوغلانىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 5-سانىغا بېسىلغان «پاتمەنىڭ كۆڭلىكى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ئويلار

**ھەزرەتئېلى ھېلىم**

«موماي نەۋرە قىزىدىن رەنجىپ قالدى».

مومايىنىڭ رەنجىشى ئەلۋەتتە يوللۇق. ئەنئەنىۋى ئەخلاق مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، «كۆڭلەك، دوپپا، چاچ قىز بالىنىڭ يارىشىقى» دېگەن ئېتىقاد ئىچىدە چوڭ بولغان ۋە بۇ خىل قاراشنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى شۇنداقلا بايلىقى، شادلىقى ھېسابلايدىغان موماي ئۈچۈن بۇ خىل رەنجىش ئېتىقادىغا، غۇرۇرىغا قىلىنغان ھاقارەتتىن شەكىللەنگەن رەنجىش. بۇ خىل رەنجىش مىللىتىمىز روھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي قىممەت قاراشلىرىنىڭ تۇرتكىسىدە يوقىلىۋاتقان ئۆزلىكىمىزگە بولغان كۆپ قىسىم كىشىمىز نارازىلىقىنىڭ ئەكس ساداسى.

ئەمما يازمىمىزدا مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ نېگىزى بۇ ئەمەس. ئەكسىچە، مومايىنىڭ ئائىلىدە ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان نەۋرە قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىپلا يۈز سەكسەن گرادۇس بۇرۇلۇپ «كۆكرەك، قولتۇقلىرى ئوچۇق كوپتا، يوتىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان تار يوپكا» كىيىدىغان زامانىۋى مودا قىزغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم تەربىيىلەش ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان جەريان. بۇنىڭدا قايسىبىر تەرەپكە ئېتىبار بېرىلمىسە، ئادەمنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلان سۇغا چىلىشىدۇ ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تەلىم-تەربىيىدىكى بۇ ئۈچ تەرەپ ئىزچىللىققا ئىگە قىلىنمىسا، بىرى يەنە بىرىنى ئىنكار قىلسا، ياكى ھەر بىر ئورۇن ھەر خىل تەلىم-تەربىيىنى مەزمۇن قىلسا، تەربىيىلەنگۈچىدە روھىي قايمۇقۇش پەيدا قىلىپ، ئېنىق مەۋقەسى ۋە مەيدانى بولمىغان ناجىنس كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل مۇكەممەل ئېتىقاد، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت، ئۆز مىللىي تۈركۈمىگە خاس دۇنيا قاراش شەكىللەندۈرمىگەن روھىيەت ھەر خىل چىرىندى ئەخلەتنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ، مىللىي ئۆزلۈك سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ. نەتىجىدە تۈزىنى يەپ، تۈزلۇقنى چاقىدىغان، ئۆز-ئۆزىدىن يىرگىنىدىغان ، باشقىلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى تۈتىيا بىلىدىغان يېڭىچە بىر تۈركۈم - ماڭقۇرتلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ، مىللەتنىڭ ئىناۋىتى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئاپەت، ئەلۋەتتە.

گېپىمىزگە كەلسەك، زادى نېمە ئۈچۈن ئائىلىدە ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان، مومايىنىڭ پەخرى بولغان قىز مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز باللىرىمىزنىڭ ئۆزلۈكى ۋە ئەخلاق ئۇقۇمىغا ساۋاتسىز ماپىچىلىكمۇ ئېتىبار بېرەلمىدى؟

ئالىي مەكتەپ ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، ئالىي مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرى توپلاشقان جاي. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئەخلاقنىڭ نېمىلىكىنى، مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەخلاقنىڭ مىللەت مەۋجۇدلۇقىدا قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان مىللەت روھىي سەركەردىلىرىنىڭ ماكانى. شۇنداق تۇرۇقلۇق تەكلىماكان قوينىدىكى «ساۋاتسىز موماي»نىڭ

**ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى**

قولدا ئۇيغۇردەك چوڭ بولغان قىز ئالىي مەرىپەت ئۇچىقىغا، مىللەتنىڭ ۋىجدانى ۋە ئىمانى بولغان يولباشچى زىيالىيلارنىڭ قول ئاستىغا تەربىيىلىنىشكە بارغاندا تېخىمۇ تاكامۇللاشماقتا يوق، ئەكسىچە، ئاينىپ ئۆزىنى يوقىتىپ مومايىنى رەنجىتكىنى، مىسكىن دىلىگە ئازار بېرىپ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغىنى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ.

مائارىپ — ئەخلاق ۋە خاسلىق ئاساسىدا ماھارەت يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە جەريانى. ئۇ ئۆز ئوبيېكتىدىكى بارلىق يوشۇرۇن ئامىلنى قېزىپ بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسىدىكى «نان تالىشىش» جېڭىدە ئۆز رىسقىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان؛ ئۆزىدىكى، ئۆز مىللىتىدىكى ئارتۇقچىلىقنى بايقاپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، جاھان مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئابرۇيى — ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشنى يوشۇرۇن ئارزۇ قىلىدىغان؛ مىللەت ئۈچۈن سەركەردىلىك رولىنى ئويناپ، مىللەت روھىيىتىدىكى نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مىللەت ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان جەريان. مائارىپنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ قانداق كىيىش، قانداق يېيىشنى، باشقىلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە — ئىلغىماي كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆز ئەخلاق سىستېمىسىنى قانداق ۋەيران قىلىشنى ئۆگىتىش ئەمەس. ئەكسىچە، روھىي تاكامۇللۇق يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ياشاشنى ئۆگىتىش. ئەپسۇس، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ياراملىق كىشىلەرنىڭ ماكانى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىپلاسلىقنىڭ ئۇۋىسى ۋە ئۆزلۈكنى يوقىتىشنىڭ ماكانىغىمۇ ئايلانماقتا. مومايىنىڭ نەۋرە قىزى ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىنكى يىغىسى بۇنىڭ كىچىككىنە دەلىلى، خالاس.

مەن ياشاۋاتقان بۇ جايدا شۇنداق بىر قاراش ئەۋج ئالغان: ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەن كۆپ قىسىم قىزغانىسبەتەن كىشىلەر بىر خىل ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئۇلارچە، ئاشۇ قىزلار ئاللىقاچان قىزلىق ئىپپىتى ۋە غۇرۇرىنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ تۇرقى پەردازلانغان پۇچەكلىكتىن ئىبارەت. مۇشۇ خىل قاراش تۈپەيلى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 30 ياشقىچىمۇ ياتلىق بولالماي قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

تەتۈر مەنتىقە: كىشىلەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە ئالغان زامانىمىز زىيالىيلىرىغا ئىشىنىپ، قارا قورساق - بىلىمسىز كىشىلەرگە ئىشەنمەي ئۇلاردىن گۇمانلانسا بولاتتى. ئىش ئەكسىچە. بۇ ئۇلارغا ئۇۋال قىلغانلىقمۇ؟ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ». بۇ خىل گۇماننىڭ نۇرغۇن تراگېدىيىك پاجىئەنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ بىلىم بىلەن ئادەمىيلىك ۋە ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشى يېتەرلىك بولمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مائارىپ باغچىسىدىكى خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدى بۇلغانمىغان، ئاتا - ئانىلار قاقشىمىغان، مومايمۇ يىغلىمىغان، ئۆز نەۋرىسىدىن نومۇس قىلمىغان بولاتتى.

مائارىپ باغچىسى نوقۇل بىلىم ئۆگىتىدىغانلا سورۇن ئەمەس، ئۇ بىلىم ئاساسىدا ئەنئەنە، ئەخلاق، مىللىي ئۆزلۈك يېتىلدۈرۈلىدىغان جەريان: ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك: ھايات ئېقىنىنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە تەرەققىي قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ماياك. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەخس روھىدا ئەكس ئېتىشى» (يۈسۈپجان ياسىن: «مىللىي ئىستىقبالدا تەربىيىنىڭ قۇدرىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى 2006-يىل 6-سان). دۇنياۋىيلىشىش ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە مائارىپقا ئەنئەنە، خاسلىق تەربىيىسى سىڭدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. (راستىنى ئېيتقاندا، بۇنى دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.) دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئۆز خاسلىقىمىز بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم خاس ئەنئەنىمىز، خاس ئۆرپ-ئادىتىمىز بولۇشى، بۇ خىل ئۇدۇم ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتە ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئويلاپ قالدىم: ئەگەر موماي غەربتىكى مەلۇم دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇپ، مەكتەپ ئۈستىدىن «قىزىم ئۆيدە دوپپا، كۆڭلەك كىيىپ يۈرىدىغان قىز ئىدى، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ، ماڭا روھىي ئازاب ئېپكەلدى، مەكتەپ بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشى ۋە تۆلەم تۆلىشى كېرەك» دەپ ئەرز قىلسا مەكتەپلىرىمىز نېمىمۇ دەر؟

مومايىنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ مەكتەپكە بېرىپلا ئۆزگىرىپ كېتىشى مائارىپ ئۈچۈن چوڭ بىر سوئال بەلگىسى. بۇ ھەقتە بارلىق كىشى، بولۇپمۇ مائارىپ باشقۇرغۇچىلار، مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ۋە مائارىپچىلار ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك.

«مىللىي ئىناۋەتنى بىر مىللەت ئۆزى تىكلىمىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا بىرلىرى ئىچ ئاغرىتىپ ياكى ئادالەتكە ئېلىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس» (ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مىللىي مائارىپىمىزدىكى سۈپەت تەشۋىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 5-، 6-(قوشما) سان). ئەخلاق، ئەنئەنە ۋە خاسلىقنى مەلۇم بىر تەرەپ كۆچەپلا يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەممىمىزنىڭ كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، كۈچ چىقىرىشىغا موھتاج. دۆلىتىمىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ ھەممىمىزنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى. قانداقتۇر ياندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس. باللىرىمىز، كەلگۈسىمىز، مەۋجۇدلۇقىمىز مۇشۇ نازۇك ۋە مۇھىم مەسىلىگە چەمبەرچاس باغلانغان. ھەممىمىز تىرىشايلى! باللىرىمىز ئاينىپ كەتمىسۇن، بولۇپمۇ مەكتەپلەردە.

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە ئۆدەكلىك يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى (M1)



بۇلبۇل ئېيتۇر: بوستانىمدىن ئايرىما

# سېنتەبىرنىڭ ئۆكسۈشى

## مەريەمگۈل مەتقاسىم

تېخى نەچچە يىل ئىلگىرىلا مەن سېنتەبىرنىڭ غەمسىز ئەركىسى ئىدىم. قەلبىمدە ئالەمچە ئىپتىخارلىق ۋە ھاياجان تۇيغۇسى داۋالغۇيتتى. سېنتەبىرنىڭ باشلىنىشى مەن ئۈچۈن گوياكى شادلىق ۋە تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. دوستلىرىم بىلەن بولىدىغان قىزىقارلىق پاراڭلار، ۋاڭ-چۇڭغا تولغان ئويۇنلار، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ رىغبەت- ئىلھامى، مەنىلىك، كۆڭۈللۈك ئۆگىنىش ھاياتى ماڭا «دۇنيا دېگەن مانا شۇ، ھاياتلىقتىكى مەنە — شادلىق مانا بۇ» دەۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. مەكتەپ مېنى تۈگىمەس سىرلىق مەنە خەزىنىسى بىلەن ئەسىر قىلغانىدى. ھاياتنىڭ گۈزەل- تاتلىقلىقىنى خۇشلۇق ئىچىدە سىزىپ ياشاۋاتاتتىم. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ كۆچىيىۋاتقان تەلەپلىرى ئىچىدە مەن تېخىمۇ سۆيۈملۈك تۇيغۇ ۋە تەخىرسىز غەم ھېسلىرىغا چۆمۈلۈشكە باشلىغانىدىم.

ئۇھ، نېمە دەي؟ بارلىق بەخت ۋە شادلىقىمنىڭ تىمتاس كۆلىنىڭ سۈيىدەك ئۈن- تىنسىزلا جىمىپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان؟ مەكتەپكە، ئوقۇشقا بولغان ئوتتەك ئىستەك نورمال تۇرمۇشقىمۇ ئېرىشەلمىگۈدەك ئېغىر قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۆچتى. شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر شېرىن تۇيغۇلار بىردەمدىلا ئەسلىمىگە ئايلاندى- دە، بوينۇم قىسىلغان ھالدا غېرىبسىنىپ قالدىم. شوخلۇقتىن قېپقا پاتماي تېپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ مۇنداق دەھشەتلىك تۇستە مۇڭلىنىپ، قانىغان يارىدەك ئېچىشىپ تۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ھېلىمۇ بەزى- بەزىدە خىيالەن شوخ بېلىقتەك پىلتىڭلىغىنىمچە جىلتامنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىپ قالىمەن؛ كىتابلارنى تويماي ۋاراقلايمەن... ئەپسۇس، بىر چاغلاردا سىلكىنىپ ئۆزۈمگە كېلىپ، ئېغىرلاشقان جىسمىمنى ئېتىز- قىرلاردا، قوي- قوزىلارنىڭ ئارىسىدا، ئاشخانا ئۆيدە ئوچاققا يۆلەنگەن ھالدا كۆرىمەن. بۇ تەن، بۇ يۈرەك، بۇ جىسمىم تولىمۇ ئېغىر، ھېسسىز ئىدى. ئۇنى شۇنچىلىك نوقۇسامىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەس ئىدى. روھىم بۇ ئېغىر تەننى ئىرغىتىپ يىراقلارغا تاشلىۋېتىشنى ئىستەيتتىيۇ، ئاجىزلىق قىلاتتى. ئامال يوق! قارىقىم ياش، يۈرىكىمنى سۇ قىلىپ ئاتام چاپقان كەتمەننى چېپىپ، ئانام تۇتقان چۆمۈچنى تارتىشىپ ئەلەم بىلەن ئىشلەيتتىم. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ھازا ئاچقاندەك

سەپىلەر نىداسى

يىغلايتتى.

سىنتەبىر كەلسىلا يۈرىكىم يىغلايدۇ. يەتتە- سەككىز ياشلىق بالىغا ئايلىنىپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى دەيمەن خىيالىمدا لەۋ تامشىتىپ. باللار بىلەن ئېلىپبەيىمنى كۆتۈرۈپ بىرگە يۈرسەم قانچىلىك ئوماق- سۆيۈملۈك بوپكېتەتتىمكىنتاڭ؟! ئۇھ، كېلەمدۇ ئەمدى شۇ غەمسىز، شوخ، ئويناق چاغلار؟

سىنتەبىر كەلسە، ئۆزۈممۇ تۇيمايلا يات- يات ئاسمانغا قاراپ سالىمەن. كۆكتىن بىر ئۇچۇم پۇل چۈشسە، مەكتەپتىكى باللارنىڭ، دەرسنى تاشلاپ ئەمگەككە كېتىۋاتقان باللارنىڭ تامىقىغا قۇۋۋەتلىك، تاتلىق تاماقلارنى تەييارلاپ تۇرسام، باللار قانچە خوش بوپكېتەر ئىدى- ھە؟! باللارنىڭ شادلىق جىلۋىسى بىلەن پارلىغان چىرايىنى نېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ ئۇلار تاتلىق غىزالارنى زوق بىلەن يېيىشىپ، بىر- بىرى بىلەن قوغلىشىپ مۆكۈ- مۆكۈلەڭ ئوينىسا ۋە تۈگىمەس مۇڭ- پاراڭغا، قىزغىن ئۆگىنىشكە چۈشۈپ كەتسە، كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ دىلىنى سۇندۇرىدىغان ئېغىر غەم- غۇسسە بولمىسا... ئاھ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولارمۇ؟



بەزىدە سىنتەبىر كەلسە، قەددى- قامىتى كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان، چېچىنى چىرايلىق تاراپ، يارىشىملىق كىيىنگەن، تېتىك قەدەملەر بىلەن دەرسخانىغا مېڭىۋاتقان بىر مۇئەللىمەگە ئايلىنىپ كەتسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن. پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كۆيۈنۈپ دەرس ئۆتۈش، بىر توپ غۇبارسىز سەبىينىڭ يۇمران قەلبىگە ئىلىمدىن ئاب كەۋسەر - شەربەت تېمىتىش، چۇرقىرىشىپ تۇرغان ئاپئاق باللارنىڭ يوقالماس قىزغىنلىقى... ئاھ، بۇنداق چەكسىز تاتلىق تۇيغۇلار ئارىسىدا نېمە بوپكېتەر ئىدىم- ھە؟!

بەزىدە سىنتەبىر كەلسە، چىرايلىق گۈلدەستىلەرگە ئايلىنىپ كەتسەم، ئوماق باللار مېنى ئوقۇتقۇچىلارغا سوۋغات قىلىپ بېرەرمىدى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم ئارمانسىز خورىغان بولاتتىغۇ. توغرا، مەن تۇزۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، پۈتكۈل ھاياتىم شۇ ئەقىل ئىگىسىنىڭ، شۇ مەرىپەتپەرۋەر باغۋەنىنىڭ ئىلكىگە، ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ئېيتقاندا، مەن تەلپۈنىدىغان ئېتىقاد ساھىبلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولار ئىدى.

بەزىدە سىنتەبىر كەلسە، قەلەم- دەپتەرلەرگە، ئۆچۈرگۈچكە ياكى ھەتتا بىر تال بورىغا بولسىمۇ ئايلىنىپ، مەكتەپ قوينىغا قايتىپ ھاياتىمنى ئاشۇ مەرىپەت باغچىسىدا ئاخىرلاشتۇرسامىمۇ مەيلىتتىغۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ھېچ بولمىسا، مەكتەپ مەيدانىغا ئورنىتىلغان ھەيكەلگە ئايلىنىپ كەتسەم، بىر ئۆمۈر جىم تۇرسامىمۇ ھاياتىمدىن ئۆكۈنمەس ئىدىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، سىنتەبىرنىڭ بەختى ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئەمدى يۈرەكلىك ھالدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىيالماس بولدۇم. مەكتەپ ئىچىدە غەمسىز، شوخ قىيغىتىپ دەسسەپ يۈرىدىغان چاغلىرىم كەلمەسكە كەتتى. مەكتەپ ماڭا گۈل- گۈل يۈرايتتى. ئەمدى ئۇنى يۈرىيالماس بولدۇم. ئۇستازىمنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىيالماس، ئاشۇ يوغان قارا دوسكىلارنى كۆرەلمەس، پارچە بورلارنى تېرىپ، دوسكىغا «ئوقۇتقۇچى» نى دوراپ، كۆرەڭلەپ خەت يازالماس بولدۇم. ئاشۇ يەر ماڭا ھاياتنىڭ ئەڭ جۇشقۇن، مەنىلىك باسقۇچى بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئەمدى ئاشۇ جۇشقۇن، مەنىلىك تۇرمۇش مەندىن يىراقلاپ كەتتى، ياق، مەن ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتتىم. كەلگۈسىدە مەنمۇ ئانا بولارمەن. شۇ چاغدا بالام: «سەندە تىرىشىپ كۆرەش قىلغۇدەك ئارزۇمۇ يوقمىتى؟ ماڭا بەرگەنلىرىڭ ئۈمىدسىزلىك ۋە يارىماسلىق ئەندىزىسىمۇ» دېسە، نېمىدەپ بېشىمنى كۆتۈرەي؟ راست، مەن ھېچ نەرسە قىلالمىدىم. رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ شەپقەتسىز قىسمىشى ئالدىدا بۈيۈك ئارزۇ، ئۇلۇغ ئىستەكلەرنىڭمۇ بەزىدە بويۇن قىسىپ قالىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىمغا كەلگەندە ئازاب ئىچىدە كۆردۈم.

سەن ماڭا مەنسۇپ، سىنتەبىر. ئەمما سەندىكى چەكسىز ئىمكانىيەت ۋە شادلىقنىڭ ھەم تۈگىمەس ئۈمىدنىڭ تەنتەنىگە تولغان سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىش پەقەت ئىلىم بوستانىدا داۋاملىق تۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلەرگە مەنسۇپ. بەلكىم مەكتەپ ئىچىدىكى گۈل - گىياھ، ئوت- چۆپلەرمۇ مەندىن مەغرۇر- بېشىنى تىك تۇتقان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن پەخىر ھېس قىلىپ تەنتەنە قىلىشار. سىنتەبىر، سەن ماڭا خۇرسەنلىك ۋە تاتلىق ئەسلىمە ئازابىدىن باشقا يەنە نېمە بېرەلەيسەنكىنتاڭ؟

سىنتەبىرنىڭ گۈلگۈن باللىرى، ياشاڭلار دەيمەن، پەقەت خۇشال ياشاڭلار! سىنتەبىر، كېلەرسەن بىر كۈن!

2007- يىل 24- مارت، چىرا

ماۋزۇ سۈرىتىدە: مەن ئوقۇيمەن. رەسسام: ئوسمانجان ئابلىز

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە دامكۇ يېزا ئىلكىئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان(M3)



# ئانامغا

ئانچا منچ

ساڭا قايىللىقىمنى بىلەمسەنكىنتاڭ، ئانا؟ توغرا، ھەربىر بالىدا ئۆز ئانىسىغا نىسبەتەن قايىللىق ھېسسىياتى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ساڭا ئەقلىم، روھىم، جىسمىم بىلەن قايىلمەن. سېنىڭ شۇنچىۋالا ئېغىرچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ غەيرەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاش روھىڭ مېنى تېخىمۇ زور ھۆرمەتتە باش ئەگدۈرىدۇ. سەن بىر ئۇلۇغ ئىنسانسەن، ئانا. ھەئە، ھەممە ئانا ئۇلۇغ، لېكىن سېنىڭدەك ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ، نەچچە بالىنى ۋايىسماي، يەرگە قاراتماي بېقىپ ئوقۇتۇۋاتقان ئانىلار تېخىمۇ ئۇلۇغ، بۈيۈكتۇر. مەن ئېتىزدىمۇ، ئېغىلدىمۇ، ئاشخانىدىمۇ، بازاردىمۇ، مازاردىمۇ سېنى، سېنىلا كۆرىمەن. مېنىڭ كاللامدا دۇنيا سەن بىلەنلا مەۋجۇد. شۇڭىمۇ سېنىڭ دېگىنىڭ، ئۈمىدىڭ، تىلىكىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا. سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ئاقلاش مېنىڭ ھاياتلىق قەرزىم، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ غايەم، ئانا!

ئەمما....

شۇ ئايال نەدىن ئۇچرىدى دەيمەن؟ ھەئە، ئەشۇ بۇرۇنقى قوشنىمىز.

— يېقىندا ئاپائىلارنى ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ھازىر ياخشى بوپقالدىمۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشقانىدۇق. ئەمما نېمە بولدى، ئۇ تۇساتتىنلا گېپىنىڭ ئورامىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— سىلەرمۇ ئىش ئۇققىدەك بولغان تۇرۇقلۇق كاللائىلارنى ئازراق بولسىمۇ ئىشلىتىپ باقمايدىكەنسىلەر. ئاپائىلارنىڭ ئەھۋالى شۇ، يەنە ھەممىڭلار ئوقۇيمىز دەپ بىچارە ئاپائىلارغا ھەسسىلەپ ئېغىرچىلىق سېلىۋاتقان. ھەدەڭنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى، ئىنى- سىڭىللىرىڭ ئىشنىڭ يولىنى ئۇقمايدۇ. سەن بولساڭمۇ ئاپاڭنى ئويلاپ قوي، قىزچاق. ھەرقانچە كۆتۈرۈشلۈك نەرسىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ.

ئۇ سۆزلەۋاتىدۇ، ئەمما قۇلىقىم پاڭگىدە قىلىپ ئېتىلىپ قالدى. كۆزۈمدە ياش لىغىرلاپ، يۈرىكىمدىن سەلدەك تېشىۋاتقان بىر يىغا قايىنىمى بوغۇزۇمغا كەپلىشىپلا قالدى. مەكتەپتىكى يېرىم كۈننىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. كەچقۇرۇنلۇقى ئېچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدىم.

كۆزۈمدە سەن، ئانا. قۇلاق تۈۋىمدە باياتىنقى گەپ. ئۆي، ئېتىز، ئەھلىمەھەللە، مەن، ئاچام، ئىنى- سىڭىللىرىم، مەكتەپ، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، تۈگىمەس ئالۋاڭ- ياساق...يەنە بىر تەرەپتە بارغانسېرى ئاجىزلاپ ياداپ كېتىۋاتقان سەن.... سەن ئاجىز گەۋدەڭ بىلەن بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان، بەئەينى بىر تاغنىڭ ئېغىرلىقىدىكى ئائىلە يۈكىنى مۈدۈرۈپ- مۈدۈرۈپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتىڭ ۋە يەنە بىزلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىڭ، بىزلەرنىڭ ياخشى ئوقۇشىمىز ھەققىدە تاتلىق ئوي- خىياللارغا چۆمۈلەتتىڭ. ئەمما...

ياق، ئانا، ئەمدى كەچۈر...

ئەمدى بىرىمىز مۇشۇ يولدا ماڭماي ئامال يوق، جان ئانا. ئاچچىقلىنىشىڭنى، ئەتىسىز تېنىڭنىڭ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كېتىشىنى بىلىمەن. ئەمما...

ئوقۇغۇمنىڭ بار- يوقلۇقىنى سورىما. بۇ ھەقتە سۆزلىگۈم يوق. «ئوقۇش» دەيدىغان گەپنى ئېغىزغا ئالغۇممۇ يوق.

مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغىنىغا «ۋاي — داد» دەرمىكىن دەپ خىيالىڭغا ئەكېلىپمۇ سالما، ئانا. مەن سېنىڭدەك مېھرىدە باغ، يۈلەكتە تاغ بىر ئۇلۇغ ئانىدىن تۇغۇلغىنىمدىن ھەمدە ئۇنىڭ قەيسەر روھىدىن ئوزۇق ئېلىپ چوڭ بولغىنىمدىن ئىككى ئالەم پەخىر- ئىپتىخار ھېس قىلىپ ياشايمەن.

ئانا، سېنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. سەن ماڭا تىل بەردىڭ، دىل بەردىڭ. ئەمدى شۇ تىل، شۇ دىلدىن ساڭىمۇ ئازراق بېرەي دەيمەن.

مېنى كەچۈر، ئانا. مەندىن، مەندىنلا ئەمەس ھەممىمىزدىن ئاجايىپ زور ئۈمىد كۈتكەنىدىڭ. ئاشۇ ئۈمىدىڭنى يەردە قويىدىغان بولدۇم. ئەمما ئۆز ئۈمىدىم ئۈچۈن قەتئىي نىيەت بىلەن كۈرەش قىلماقچىمەن. سېنىڭ كۈندىن- كۈنگە نۇرسىزلىنىپ بارغان گۈنسىز كۆزلىرىڭگە ئازراقنى قىلىۋېلىش، مۈكچەيگەن گەۋدەڭگە يەنە ئېغىرلىق سېلىۋىرىش ئارقىلىق قاي بەخت، قاي ئۈمىدكە بارارمەن، ئانا؟ ئادەمدە ئوخشىمىغان ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان ئۈمىد- ئارزۇ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئۈمىدىم- سەن، سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش! مەن ئوقۇماي، ئانا! مېنىڭ تاللىشىمغا بىر قېتىم، پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ يول قوي!

2006- يىل مارت، توققۇزتارا- تېكئېرىق

---

ئاپتور: موڭغۇل، توققۇزتارا ناھىيە تېكئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئۇيغۇر 3- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M3)



## نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

«قورۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ»؛ «باينىڭ ياتقىسى كەلمەس، گادايىنىڭ قويقۇسى.»

ــ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)

1

پۇل!

ئالدىمدا چېچىلىپ ياتقان پۇلغا قارىدىم. ئۇنىڭغا ئىنتايىن نۇرغۇن مەنە ـ ماھىيەت سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مەلۇم بىر دۆلەت، مىللەت، ھاكىم كۈچنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ئىدى. دۆلەت بولۇپ، ھاكىمىيەت قۇرۇپ بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ئورتاق سىياسىي نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلالىغانلار ئۆزىگە خاس بەلگە، شەكىل، تامغا، ئويمىلار ئاساسىدا پۇل ـ تەڭگە تارقىتاتتى. ھەربىر يېزىق، سىزىق، خەت، نەقىش، بەلگە، سۈرەتتىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇق كۈچى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ قەغەز ـ پۇلنىڭ يەنە باشقا ئەل ـ خەلق پۇللىرى ئالدىدىكى قىممەت، ئورنى ئارقىلىق شۇ مىللەت، خەلقنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى، نوپۇزى، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىنى بىلگىلى بولاتتى. دۇنيادا قانچە خىل پۇل بارلىقىنى بىلمەيمەن. مەن بىلىدىغىنى ئون خىلمۇ بارمايدۇ. دېمەككى، بىر دۆلەتنىڭ پۇل ـ تەڭگىسىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىمۇ تەبىئىي ھالدا شۇ دۆلەت خەلقى ئۇنىۋېرسال ھاياتىي كۈچىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىۋېرسال كۈچى قانچە زور دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭلا ئەمەس، ھەممە ـ ھەممە نەرسىسىنىڭمۇ ئىناۋىتى، قىممىتى شۇنچە ئاشاتتى، تونۇلاتتى، ھەممە يەردە ئۆتەتتى؛ مادارى ئاجىز ئەلنىڭ ھېچنىمىسى باشقا يەردە ئۆتمەيتتى، پۇلىنىڭمۇ كۇرسى چۈشەتتى، پاخاللىشاتتى، ھەتتا مەۋجۇدلۇق قىممىتىنىمۇ يوقىتاتتى. ھەقىقەتەنمۇ، ئۆلگەن پۇل ـ تەڭگىلەر زەئىپلەشكەن ئەل ـ خەلقنىڭ چۈشكۈن ھال ـ تۇرقىنىڭ نىگاتىپىدۇر.

پۇل!!

پۇلغا قارىدىم، قارىغاندىمۇ ناھايىتى ئۇزاق سەپسالدىم. ئۇ ئەمدى گۈللۈك قەغەز ھالىدىن ئۆزگىرىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنە

ئىقتىساد ئەينىكىدە

- قىممىتى بولمىش ئىقتىساد، مال- دۇنيا، بايلىق تۇسىگە كىرىۋاتاتتى ۋە شۇ قەدەر يالتىراق، جۇلالىق نۇر چىقىراتتى. قاراپ تۇرۇۋەردىم، كاللام قۇيقۇرۇق، ھېسسىز ئىدى. پەقەت كۆزۈمنى ئۈزمەي، بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قارىغۇملا كەلگەنىدى. ياللداۋاتقان ئالتۇندەك سايىسىرىق بىر نۇر تاختىسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى- دە، ئەكسىم كۆرۈندى. ئىقتىساد ئەينىكىدە ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىلا ئەمەس مەن تەۋە بولغان ئىجتىمائىي تۈركۈمنى تولىمۇ ئېنىق كۆردۈم. بىزنىڭ پەخىرلىنىپ مەيدە قېقىشلىرىمىز، ئاغرىنىشلىرىمىز، دۇنياۋى يۈزلىنىشنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويماي ئۆز خىيالىدىكى غايىۋى ئالەمدە يەنىلا مۇغەمبەر خىياللار، ساماۋى ئىستەكلەر بىلەن بىغەمەلەرچە ياشاۋېرىدىغان بىچارە كۆرەڭلىكىمىز، كۈلكىمىز، يىغىمىز، ھەممە- ھەممە ھالىمىز ئۇندا مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پۇل!!!...

كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئالدىم ۋە ئاشۇ بايلىق، مال- دۇنيا، ئىقتىساد ھەققىدىكى قالايمىقان ئوي- خىياللىرىمنى بىر يەرگە يىغماق بولدۇم. ھەرقانداق بىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئى، نەرسە - ھادىسىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە جەمئىيەتلەشكەن ئېڭى بولىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىدا بەلگىلىك نىسبەتتە ئومۇملاشقان بۇ خىل ئاڭ - تونۇش تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات كۈچ - سەۋىيىسىگە ھەل قىلغۇچ ياخشى ياكى يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. خىيالىمدا پۇل، بايلىق، مال- دۇنيانى بىر تەرەپتە، يەنە بىر تەرەپتە بىزنىڭ ئىقتىساد ھەققىدىكى قاراش - ئېڭىمىزنى قويۇپ باقماق بولدۇم.

## 2

خەلقىمىزنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تۈستە ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىنى تەكرار- تەكرار ئاختۇردۇم. چۆچەك، رىۋايەت - ئەپسانە، لەتىپە- قوشاقلارنى بىرمۇ- بىر ۋاراقلاپ چىقتىم. كۆرگىنىم، مال- دۇنياغا بېرىلمەسلىك، بارىغا شۈكۈر قىلىش ھەققىدىكى دەۋەت - تەشەببۇس يىغىملىرى، دۇنياغا بېرىلگەنلىكنىڭ پۇشايمىنى، ھەتتا بايلىق، مال- دۇنيانىڭ زىيىنى، بالاسى، بايلارنىڭ رەزىللىكى، ئاچ كۆزلۈكى، ئەقىلسىز - ئەخمەقلىقى ھەققىدىكى پۈتمەس- تۈگىمەس تەكرار- تەكرار بايانلار ئىدى. خەلقىمىز مال- دۇنيانى ئەمەس، ئىلمىنى، ئەخلاقىنى، مەنىۋى تاكامۇللۇقنى قوغلىشىشنى ۋە شۇنىلا مەڭگۈلۈك دوست تۇتۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەپتۇ ۋە كۆپىنچە ئۇيغۇرنىڭ چۈشەنچىسىدە بايلىق قوغلىشىش ئادەمنى پۇشايمانغا، ھاڭغا باشلايدىغان يول دەپ قارىلىپ، بايلار ئەڭ رەزىل، ئەخمەق، دۆت ئادەملەر قاتارىدا سۈپەتلىنىپ كەپتۇ. بايلارنى، پۇلدارلارنى، بەگلەرنى ئەڭ پەسكەش، نەپرەتلىك تۈستە سۈپەتلەش ۋە كەمبەغەل - يوقسۇل، ھەتتا قەلەندەر - دىۋانىلەرنى مېھرىبان، تەقۋا، خالىس نىيەتلىك كىشىلەر قاتارىدا تەرىپلەش، پۇل - مالنى دوست تۇتماسلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمەس مېلودىيىسى بوپكەپتۇ. ئۇيغۇر خەلق لەتىپە- چۆچەك، ماقال- تەمسىللىرىنى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ باققانلا ئادەم: «تويۋا، بۇ ئەلنىڭ باي، غەنى- زەردارلىرى، بەگلىرى شۇنچە ئىپلاس، رەھىمسىز، ئاچ كۆز، ئىنساپسىز، ھاماقەت، دۆت بولغىيمىتتى» دېمەي قالمايدۇ.

توغرا، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ۋاپا، ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت قوغلىشىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا سەل قاراشقا ئەسلا بولمايدىغان ئانا باش تېمىلاردۇر. مەن ھەم روھىي — مەنىۋى تاكامۇللۇق قوغلىشىشنى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ مەڭگۈ يىقىلماس تۇغ- بايرىقى دەپ قارىغۇچىلاردىن. لېكىن، ھەرقانداق بىر نەرسىنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ تەكىتلەش يەنە بىر نەرسىگە سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ- دە، ئويلاپ باقمىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى چىللايدۇ. ھەم تاكامۇللۇق ھەرگىزمۇ بىر تەرەپنىڭ كامالەتكە يېتىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس.

بىز تارىختىن بېرى سودىغا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ كەلگەن خەلقىمىز. لېكىن، سودىغا ماھىر، مەدەنىيەت پىشخىكىسى سودىغا ئاجايىپ ماس كېلىدىغان بۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر قاتلىمىدا يەنە نېمىشقا پۇل، مال- دۇنيانى تىللاش، ئازغۇنلۇقنى شۇنىڭدىن كۆرۈش، بايلاردىن ئاغرىنىش، نەپرەتلىنىشتەك خاھىش ساقلىنىپ كېلىدۇ؟ بىز بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭدا، تەپەككۇردا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دۆلەتچىلىكتە چېكىنگەن، چۈشكۈنلەشكەن دەۋرىنىڭ ئىنكاسى دېيىشكە مەجبۇرمىز. چۈنكى، مال- دۇنيانى تىللاش ئەزەلدىن يېتەرلىك پۇل- مالغا ئېرىشەلمىگەن يوقسۇللارنىڭ ئىشى بوپكەلگەن. كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، روھىي بايلىقنى، مەنىۋى كامالەت - تاكامۇللۇقنىلا كۈچەپ تەكىتلەپ، ئىنساننىڭ ماددىي پاراغىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۆۋرۈكىگە سەل قاراش خەلقىمىزنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خارۇ- زارلىققا مۇپتىلا قىلغان يىرگىنىشلىك خاتا قاراشتۇر. جاھالەتلىك كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەۋجىگە چىققان بۇ خىل سوپىزمچە تەركىدۇنياچىلىق خەلقىمىزنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىگىلىك جەھەتتىن خارابلىققا، مەدەنىيەت جەھەتتىن گۇمرانلىققا باشلاشتىن ئۆزگە ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمىدى. تولىمۇ غۇۋا - مۇۋھۇم نەرسىلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېشچىلاپ كىرىپ كېتىش خەلقىمىزنىڭ قەددىنى پۈكۈۋەتتى. مەنىۋىيەت، روھ، ئۇ ئالەم دەپلا باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ھەتتا ھاكىمىيەت، سىياسەت، تۇرمۇش، تۈزۈم، ئىقتىسادقىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋالغان خەلقىمىز مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشنىڭ ئورنىغا چۈشكۈنلۈككە، ناباب شۈكۈرچانلىققا، قۇل مىجەز روھىي مەھكۇملۇققا تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە پاتتى، خانلىقلار ۋەيران، ئىگىلىك گۇمران، خەلق سەرسان، يۇرەكلەر لەختە- لەختە قان بولدى. ئىقتىسادنى مۇھىم دەپ قارىماسلىق، پۈتۈن ئەسلى- ۋەسلى بىلەن جانىمۇ، جاھانىمۇ ئۇنتۇپ ئۇ دۇنيالىقنى قوغلىشىش بۇ ئەلنىڭ ئىگىلىكىنى، مەدەنىيىتىنى خاراب

قىلىۋەتتى. ناباب شۇكۇرچىلىك، بىكىنمە ئىدىيە، ئۆزىدىن ئاشمايدىغان ئىپتىدائىي ناتۇرال ئىگىلىك، ئاددىي قول سانائەتتىن ئۆزگە سانائەت ئاساسى بولمىغان بۇ ئەلدە «بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك ، تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك» [1] چىقمىدى. ئىگىلىك سۇندى. خەلق مازار- ماشايىقلاردىن نىجاتلىق تىلەپلا يۈرۈپ نورمال ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن ئەقىدىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى- دە، خارلىققا يۈز تۇتتى، مەرىپەت بۇ ئەلدىن كۆتۈرۈلدى. «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئانا يۇرت نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابلاشتى» [2] . «جاھالەت پىرلىرى» دەپ لەنەتلەنگەن ئالدامچى- رىياكار سوپىلار پۇلنى، بايلىقنى، ئىقتىسادنى مۆئمىنلەرنى ئازدۇرغۇچى - يولدىن چىقارغۇچى شەيتان دەپ سۈرەن سېلىۋاتقاندا، ھەتتا «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ» دەپ بىدئەت تارقىتىپ ئەل- ئاۋامنىڭ قولىدىكى ھەددى- ھېسابسىز مال- دۇنيانى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىۋاتقاندا، ئۆزلىرى ئەيش- ئىشرەت، كەيپ- ساپا، بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا، «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىسقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» [3] دەپ سورايدىغان ۋە «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن» [4] دېگەنغۇ دەيدىغان ئادەم چىقمىدى. چىقسىمۇ، بۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغان، ئۆزلىرى ياقلاۋاتقان ئىدىيە - مەسىلىنىڭ توغرا- خاتالىقىدىن گۇمان قىلىپ باقىدىغان ئادەم كۆپ چىقمىدى. ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىق پەرز ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يېتەرلىك ئىقتىسادتىن مۇستەسنا ھالدا لاياقىتىدە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش، ھەتتا زور ئىقتىساد توپلاش كېرەكلىكىنى ئويلايدىغانلار كۆپ بولمىدى. بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار، قىلغانلار بىلەن قىلمىغانلار، بەرگەنلەر بىلەن بەرمىگەنلەر، تولۇق چۈشىنىپ ئەمەل قىلغانلار بىلەن چۈشەنمەي تۇرۇپ قارىغۇلارچە ئەگەشكەنلەرنىڭ دەرىجىسى تەڭ بولامدۇ؟ ناچار تۇرمۇشقىمۇ شۈكۈر قىلىپ ياشاۋەر دەپ قايسى شەرىئەت، قايسى قانۇن، قايسى ھۆكۈمدار ئېيتتى؟ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى ياراتقۇچىنىمۇ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقىدىغان ئاممىۋى توپنىڭ شەكىللەنمەسلىكى بۇ ئەلنى چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق، ئاڭقاۋ - نادانلىقنىڭ قارا پاتقىقىغا يەتكىچە پاتۇرۇۋەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇسا جارۇللانى: «تۇۋا، بۇ ئەلگە ئىسلام كېيىنچىلەپ كىرىپتۇ» دەپ ياقا تۇتقۇزغان شالغۇت ئېتىقاد بۇ ئەلنى قۇللۇق، شۇملۇق، رەزىللىك، جاھالەت، خورلۇقنىمۇ ھېس قىلالماس، ئېپلاسلىقنىمۇ ياقا تۇتالماس دەرىجىدە ئاڭقاۋ - نادان قىلىۋەتكەن، كۆزىنى قارا تۈتەكلەر بىلەن پەردىلىۋەتكەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ، ئاڭدىكى، ئىدىيىدىكى كورلۇق مەۋجۇدلۇقنىڭ زۇلمەتلىك گۆرىنى قازىدۇ. ئاڭنىڭ تېگى ئاتمىغۇچە بىزنىڭ جاھالەتنىڭ ھاڭىدا ياتقىنىمىز ياتقان. جاھالەت تۈتەكلىرى باسقان دەۋر ئۆتتى، كەتتى. ۋەھالەنكى، ئەسىر، ئېرا ئالماشقان، پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ھەممىنى چوڭقۇر كرىزىس تۇيغۇسىغا سۆرەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز بەزى- بەزىدە بايلارنى، بېيىغانلارنى، ئىقتىساد ئۈچۈن تىرىشىپ، تىرمىشىۋاتقانلارنى ئەيىبلەش، تىللاش، سېستىش ھەتتا ھاقارەتلەشلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ھازىرغىچە ئەخلاق، پەزىلەت، ئادەمىيلىك تۇيغۇلىرى بىلەن پۇل- بايلىق، مال- دۇنيا چۈشەنچىلىرى بىر- بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان قارىمۇ - قارشى ئۇقۇملاردۇر. بەزىلىرىمىز ھېلىھەم شۇنداق قارايمىز: پۇل - بايلىق ئادەمنى بۇزىدۇ، مال- دۇنياغا بېرىلىش ئىنساننى ئاچ كۆز، رەھىمسىز، نەپسانىيەتچى، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز قىلىۋېتىدۇ؛ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئېسىل ئادەم پۇل- مالغا بېرىلمەيدۇ؛ ئەخلاقلىق، ئىلىملىك، ۋىجدانلىق ئادەم مال- دۇنيانى دوست تۇتمايدۇ؛ مال- دۇنيانى دوست تۇتقان ئادەم چوقۇمكى ئۇنچىۋالا ياخشى، توغرا نىيەتلىك ئادەم ئەمەس؛ بايلار، بېيىغانلار چوقۇمكى ھارامغا، بۇزۇقچىلىققا، ۋىجدانسىزلىققا يېقىن تۇرىدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ بايلىق، ئىقتىساد قارىشىمىز بىلەن باغلانغان ھاياتلىق چۈشەنچە ۋە غايىلىرىمىز. بايلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەت، ئىقتىدارىغا گۇمان بىلەن قاراش، ئۇلارنى ئارقىسىدىن سېستىشقا چۈشۈش ھېلىھەم بىزدىكى ئومۇمىي ھال.

خوش، ئۇنداق بولسا، بىز روھىي بايلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپلا نەچچە ئەسىر ياشىدۇق، لېكىن بىز روھىي جەھەتتىن نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۇنچىۋالا مۇكەممەل ئەمەس، ھەتتا خېلىلا ئاجىز. ئەخلاقنىلا، ھەدېسىلا ياخشىلىق، قەلب گۈزەللىكى، يامان خىياللاردىن نېرى تۇرۇش، ھارام ئوي، مال- دۇنيا، ھاۋايى- ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىكنىلا تەكىتلىدۇق. لېكىن يامانلىق بىزدىن قانچىلىك نېرى كەتتى؟ ياخشىلىق بىزگە قانچىلىك يېقىن كەلدى؟ نامرات، ياۋاش، مۆئمىن بولۇشلا بىر ئىنساننى مەڭگۈلۈك ئىززەتكە ئىگە قىلامدۇ؟ ھەقىقىي مۆئمىنلىك زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىلا مال- دۇنياغا بېرىلمىسە، ئىقتىساد ئۈچۈن چاپمىسا، مال- دۇنيا، بايلىق تەشۋىشى قىلماي يۈرسە ئاندىن بۇ جەمئىيەت، بۇ مىللەت ھەقىقىي بەخت- سائادەت يولىغا قەدەم قويغان بولامدۇ؟ ئۇنداقتا، بۇ جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق، ئۇل قۇرۇلۇشىنى كىم قىلىدۇ؟ مال- دۇنياغا بېرىلمەسلىكنىڭ ئۆزىلا ياخشىلىققا تەڭمۇ؟ ئىقتىسادقا بېرىلىش ھەقىقەتەن يولدىن، تاپتىن چىققانلىق، بۇزۇلغانلىقمۇ؟ پۇل ئىلىمنىڭ، پەزىلەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ دۈشمىنى، كىشىلەرنى يولدىن چىقارغۇچى شەيتانىي لەئىنمۇ؟ پۇل تاپقانلار راستتىنلا بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

## 3

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، پۇل، ئىقتىساد، بايلىق ھېسسىز، جانسىز نەرسە. پۇلدا نىيەت، كۆڭۈل، قەلب، ياخشى - يامانلىق تۇيغۇسى دەيدىغان نەرسە ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس، بەلكى پۇل- بايلىققا يۈزلەنگەن ئىنساندا نىيەت، غەرەز، نەپس، ئوي- خىيال بار. بايلىق، مال- دۇنيا رەزىل، شەپقەتسىز،

ئازدۇرغۇچى نەرسە ئەمەس، بەلكى پۇلنى قانداق يوسۇندا تېپىش، ئىشلىتىش ئاندىن پازىللىقنى ياكى غاپىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پۇلدا كۆتىگىزنى ئېرتىسىگىزمۇ، ئۇنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بەرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىش قىلسىڭىزمۇ ياكى بۇزۇقچىلىق قىلسىڭىزمۇ ئۇ ھامان شۇك! تامامەن ئىنساننىڭ نەپسى-رايىغا بويسۇنغان جانسىز نەرسىنى تىللاپ، سېستىپ، ئۆزىمىزنىڭ نەس، پەس ئىللەتلىرىنى ئۇنىڭ گەدىنىگە توقۇم قىلىپ ئارتىپ قويۇپ، غۇربەتچىلىكتە چىرايىمىز زەپىرانىدەك سارغىيىپ، كالپۇك يالاپ ئولتۇرۇشىمىز باردۇر. بۇنى زادى قانداق مەنتىقە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟

مەن ئىلىم- مەرىپەت، مەنىۋى كامالەت، ئادەمىيلىك تۇيغۇلىرى پۇل- مال، ئىقتىساد- بايلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ دېسە ئىللا- بىللا ئىشەنمەيمەن. جاھاندا مەنىۋى كامالەت ماددىي كاپالەتتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باققان ئەمەس. ئىنساندا بايلىقلا بولۇپ، ئەقىل- پاراسەت، ئەخلاقىي، روھىي ساپا بولمىسا ئۇ ھەقىقەتەن ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئەقىل، ئەخلاق، ئىنساپ، دىيانەتلا بولۇپ بايلىق بولمىسا، ھەتتا ماددىي كاپالەت ھەققىدە تىرىشىش خىيالىمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى خارلىقتىن، مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىر ساغلام ئاڭ - ئەقىل ھەرگىزمۇ ماددىي مەئىشەتنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە شۇنداقلا مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئىگە ئىنسان ئىقتىساد بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلىم - ئىمانىنى بۇلغىمايدۇ بەلكى بايلىق بىلەن ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەڭ بۈيۈك سوۋغات سۈپىتىدە تارتۇقلاپ بېرىلگەن ئەقىل- ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىماستىن باشقىلاردىن، ھەتتا ئۆز رەقىبلىرىدىنمۇ زەئىپ، پەس، خار، ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى، خارلىقىمۇ سوكۇت قىلىپ ياشىشى، مېنىڭچە، ياراتقۇچىنىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان يىرگىنىشلىك مەسكىنلىكتۇر. يېتەرلىك ماددىي مەئىشەتسىز ساماۋى ئىستەكلەر ئات- ئېشەكنىڭ ئورنىدا ساپان تارتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ رولىنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىش سىزنى سۈزۈك تاڭغا ياكى قاراڭغۇ ھاڭغا باشلايدۇ. مۇھەممەد ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئىدى، ئۇ سودا قىلدى، سودا، ئىقتىساد، پۇل بىلەن بولغان يېقىن ئالاقە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ھەرقانداق ئىشتىكى دۇرۇس سەممىيىتىنى گۇمران قىلىۋەتمىدى. خەدىچە باي ئايال ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش مۇھەممەدنىڭ ۋىجدانىنى بۇلغىۋەتمىدى. پەيغەمبەرلىك ۋەھيى قىلىنغاندىن كېيىنمۇ خەدىچە يەنە شۇ ساداقەت - سەممىيىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىندىن ئەگەشتى. پۇل، مال- دۇنيا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئەبۇبەكرى ۋە كېيىنچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېقىندىن ئەگەشكەن نۇرغۇن ساھابىمۇ ھەم بايلاردىن ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بايلىقى، مۈلكى، مال- دۇنياسى ھېچقاچان ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەپلەت پەردىلىرى بىلەن چۈمپەردىلىۋەتمىدى ۋە بەلكى ئۇلار ئۆز مۈلكى، مال- دۇنياسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولدى. بىز ھەدىستىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكىنى بىلىمىز. خوش، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مال- دۇنياسى قايسى ئىلىمگە، قايسى ئەخلاق، پەزىلەت، ۋىجدان، سەممىيەتكە قانداق زەرەرلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ مۇسابايېفلارنىڭ پۇلى ئۇلارنى يولدىن چىقاردىمۇ؟ ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۇلىنى ئارتۇقچە جاھان تەشۋىشى بىلەن كارى بولماي يۈرۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئاتالمىش تەقۋادار بەندىلەر سالدىمۇ ياكى ئۆز ئەقلى، مال- دۇنياسى بىلەن ئادەمىيلىك سۈپىتىدە ياشاشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلگەن مۇسابايېفلار سالدىمۇ؟ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەرھۇم شائىر ئەھمەد زىيائىي پۈتكۈل ئۆمرىنى يېزىقچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. لېكىن ئۇ كاتتا باي ئىدى. ئەينى يىللىرى قەشقەردە بارى- يوق ئىككى ماشىنىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىدى. ئۇ لاداخ يولىدا سودا قىلىپ ناھايىتى كۆپ پايدىمۇ ئالغانىدى. خوپ، كىم ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلانسۇن؟ توغرا، نۇرغۇن ئىنسان پۇل تېپىپلا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. مال- دۇنياغا يەتتى، ۋىجدانىدىن كەتتى. ئەمما بىر ئىنساننىڭ بۇزۇلۇشىدا ياكى تۈزۈلۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ئۇنىڭ ھاياتلىق ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ دەرىجىسىمۇ ياكى تاپقان- تەرگىنىمۇ؟ ساغلام ئاڭدىن كەتكەن زەئىپ بەندىلەر پۇل تاپسىمۇ- تاپالمىسىمۇ بۇزۇلۇۋېرىدۇ. ھىدايەتنىڭ پاكىز، ئارامبەخش نۇرىغا چۆمگەنلەر دۇنيا قىسمەتلىرىنىڭ بېشىدا قانداق چۆرگىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئىمانى ئالدىدا مەڭگۈ بەرقارار تۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئىنسانغا تۆپ نېگىزىدىن تالىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ خارلىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىنسان ئەڭ مۇقەددەس سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئەقلى، جىسمىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدە تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى چىن قەلبى بىلەن تونۇپ يېتىدۇ. پەزىلەت ئىگىلىرى ئەزەلدىن خار تۇرمۇشقا رازى بولغان ئەمەس ۋە تۇوقچىلىقتىن كېرىلگەنمۇ ئەمەس. خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقىمۇ رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خار، زەئىپ، پەس، رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. ئۆز ئەقلى ۋە مال- دۇنياسىنى ئەڭ ئەزگۈ ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم پۇل- مالغا سەجدە قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپمۇ يۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆز ئەقلى، كۈچى، ھالال تىرىشچانلىقى بىلەن تاپىدۇ. پۇل بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى، مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىدۇ. ھاياتلىق ئەقىدىسى تازا بولمىغان ئادەملەرلا پۇل- مالنى دەپ ۋىجدانىدىن، ئىمانىدىن كېتىدۇ، پۇل ئۈچۈنلا ئەڭ رەسۋا- نومۇسسىز ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ ياكى پۇل تېپىپلا چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ. بىز ئىنساننىڭ قولىدىكى پۇلدىن ئەمەس، پۇل ئالدىدىكى ئىنساننىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىن ئۇنىڭ ساپاسىغا باھا بېرەلەيمىز.

## 4

ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان دەقىقىدىن باشلاپلا

ماددىي ئېھتىياجىنىڭ ئۈستىگە توغۇلىدۇ. ئۇ ساغلام يېتىلىش ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى، يېتىپ- قوپىدىغان ئۆي- ماكانغا ئىگە بولۇشى كېرەك. دېمەككى، ئىقتىساد ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلىدۇر. ئۇ ئۆسۈپ مەلۇم ياشقا يەتكەندىن كېيىن تەربىيىلىنىشى كېرەك. ياخشى تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش، خىزمەت، نىكاھ، ئائىلە قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈنمۇ دەل پۇل- ئىقتىساد كېرەك. ئىقتىساد بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش، يېتىلىش سۈپىتى ۋە ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش ھالدا ئىككى ئائىلىدە توغۇلغان ئىككى بوۋاقنىڭ يېتىلىش، تەربىيىلىنىش ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چوقۇمكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، قول ئىلكىدە بار ھاللىق ئائىلىدە توغۇلۇپ ئۆسكەن بوۋاق بىلەن يەنە بىر كۆك نامرات دېھقاننىڭ ئۆيىدە توغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئالەمشۇمۇل پەرق پەيدا بولىدۇ. زۇنۇن قادىرىينىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدىكى باقىنىڭ ئۆيىدە توغۇلغان «ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر» بىلەن موسابايېفلار ئائىلىسىنىڭ بەگزادىلىرىنىڭ يېتىلىش، تەربىيىلىنىش ۋە ھاياتتا بولغان تونۇش، بىلىش، پوزىتسىيە — مۇئامىلىسىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ باقى ئۆز پۇشتىدىن تامغان باللىرىنى «تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى» دەپ سەپرالارچە (نامراتلارنىڭ تولىسى سەپرا كېلىدۇ) ۋارقىراپ تىللايدۇ. بەلكىم باھارخان كىرىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ بېرىۋاتقان باينىڭ باللىرى دادىسىدىن جاندىن ئۆتىدىغان مۇنداق ئاھانەتلىك تىللارنى مەڭگۈ ئاڭلاپ باقماسلىقى، ئاڭلىسىمۇ دادىسىنىڭ ئۆگىنىش، تىرىشىش ھەققىدىكى ھەيۋە- تەنىسىنى ئاڭلىشى- كۆرۈشى مۇمكىن. نامراتلارنىڭ كۆزىدىنلا ئاچلىق، ئاجىزلىق، سۇنۇقلۇق، يىگلەپ قېلىش، چۈشكۈنلۈك، مىسكىنلىكنىڭ كۆڭۈلنى ئەزگۈچى بىچارىلىكىنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس. يوقسۇزلۇق ئىنساننى تەربىيىدىن، دۇنيانى ئەركىن نەزەر بىلەن بىلىش، چۈشىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ- دە، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىقتىدارلار كۆمۈلۈپ قالىدۇ ياكى يېتەرلىك پۇرسەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭغا ئوت ياقىدىغان چوغقا ئېرىشىپ بولغىچە خوراپ تۈگەيدۇ. قانچىكى نامرات ئەل شۇنچە ئاڭقاۋ، تەربىيىسىز ۋە ھەتتا ئىلىم ئېلىشتىنمۇ قاچىدىغان خۇراپىي، نادان پېتى قالىدۇ. نامراتلارنىڭ چامىسى يېتىدىغىنى، كۆرگىنى، بىلىدىغىنى شۇنچە ئاددىي، ئەرزىمەس بولغاچقا ئويلايدىغىنىمۇ، قىلىدىغىنىمۇ، جۈرئەت قىلىدىغىنىمۇ شۇنچە چەكلىك، تار بولىدۇ ۋە ئوڭايلا شۈكۈرچان، ھۇرۇن، بوشاڭ، تىرىشماس، لايغەزەل، قورقۇنچاق، خىيالپەرەس، ھەدېسىلا زارلايدىغان يىغلاڭغۇ مىجەز بوپقالىدۇ. مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ باينىڭ بالىسى ئەقىللىق، نامراتنىڭ بالىسى كارغا كەلمەس چىقىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلماقچى ئەمەسمەن. مەيلى قانداق ئائىلىدە توغۇلغان بولسۇن، ئىنسان ئۆز ئەقلى، ئىرادىسىگە تايانسىلا مۇھىت پەيدا قىلغان چەكلىمىلىكلەردىن ھامان ھالقىپ چىقالايدۇ، ھەتتا كاتتا نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. ھەم پۇل، ياخشى مۇھىت بولسىلا تالانتلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىققىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل مۇھىت، يېتەرلىك ئىقتىسادىي يۆلەك بولسا ئۇنىڭ ساغلام، جۇشقۇن يېتىلىشى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۆزىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىقتىدارنى يەنىمۇ ياخشى، ئەركىن ۋە كۆپ تەرەپتىن جارى قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بەزى ھاللاردا قۇرۇق غايە، ئەقىل بىلەنلا كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. يوقسۇزلۇق سېنىڭ ئالدىڭغا نۇرغۇن بىھۇدە توساق- چەكلىمىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سەن ئاشۇ توساقلاردىن بىر ئاماللارنى قىلىپ ھالقىپ بولغۇچە ئالتۇندەك ئېسىل نۇرغۇن پۇرسەت، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويىسەن، ھەتتا ئۆزۈڭدىكى كۆۋەجەپ تېشىپ تۇرغان تالانت- ئىقتىدارلىرىڭنىمۇ خورىتىپ قويىسەن. مەن ئەتراپىمدا تالانتى تېشىپ تۇرغان نۇرغۇن بالىنىڭ ئىقتىساد- پۇل سەۋەبلىك ئوقۇيالماي توختاپ قالغىنىنى ۋەياكى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ئارماندا لەۋ چىشلەپ قالغىنىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇسا، ئۆگەنسە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى كۆپلەپ يارىتالايدىغان، مىللىتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ھەسسە قوشالايدىغان، كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى ئىدى. پۇل- ئىقتىسادنىڭ يوقسۇزلۇقى ئۇلارنىڭ تىلىنى بوغدى، يولىنى توستى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشخانىلاردا قاچا يۇيۇۋاتقان، كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتقان، خەقنىڭ ئېغىر، مەينەت ئىشلىرى ئۈچۈن ھېسابسىز ۋاقتى، زېھنى، كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقانلار بىزدە ئازمۇ؟ مەن ئۆز غايىسى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىزدىنىۋاتقان، بولۇپمۇ ئەقىل- بىلىم بىلەن قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېچە- كۈندۈز تىرىشىۋاتقان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمغا شۇ قەدەر چوڭقۇر ھۆرمەتتە باقىمەن ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋاقتى، ئەڭ قىممەتلىك تالانت- ئىقتىدارىنى بىر- بىرلەپ خورىتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان يوقسۇزلۇقتىن ئىبارەت بۇ تاشتىن قاتتىق رەھىمسىزلىك ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرىمەن. ئۇلاردا يېتەرلىك ئىقتىساد بولغان بولسا خەقلەرنىڭ مەدىكارلىقىنى قىلغان ۋاقىتتا تېخىمۇ غەيرەت- شىجائەت بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنمەسمىدى؟ بەزىلەر ساددا، گۆدەك قاراش بىلەن: قىيىنچىلىقنىڭ بولغىنى ياخشى، ئۇ ئىنساننى تېخىمۇ بەردەم، چىدامىلىق ۋە تىرىشچان قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما قىيىنچىلىق بىر ئادەمنىڭ يېڭىش ئىقتىدار چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇ، ئادەمنى بەردەم- چىدامىلىق ئەمەس، چۈشكۈن- يىغلاڭغۇ قىلىۋېتىدۇ؛ ئادەمدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان شىجائەت ئوتلىرىغا مۇز - مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى چەكلەپ، توسۇپ تۇرغان مۇنداق زور قىيىنچىلىقنى يالغۇز ئىرادە، تىرىشچانلىق، ئاتالمىش غايە بىلەنلا يېڭىپ بولۇش بەكمۇ تەس. ئەگەردە يەڭدى دېگەندىمۇ، يېڭىپ بولۇش ئۈچۈن ئالتۇندەك ئېسىل پۇرسەتلەرنى قۇربان قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ.

مەن كۆپىنچىمىزنىڭ بېشىدا ئىقتىسادنىڭ، موھتاجلىقنىڭ ئىنتايىن شەپقەتسىز قارا سايىسى ئەلەڭشىپ يۈرگەندەكلا ھېس قىلىپ قالىمەن. ئىجادىي، ئەقلىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىنلا ئوقۇيالماي، ئۆلمەي تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈنلا (بۇ، مەۋجۇدلۇقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەمەس) كوچىلاردا ھارۋا سۆرەپ باققاللىق قىلىپ جان بېقىۋاتقان، ناۋايخانىلاردا كۆل تارتىۋاتقان، ئاشخانىلاردا قاچا يۇيۇۋاتقان، ئىس بۇخسۇپ تۇرىدىغان كاۋاپدانلار ئالدىدا كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ خېرىدار چىللاۋاتقان، ئەرزان باھالىق ئىچ كىيىملەرنى قولتۇقلىۋېلىپ كوچا ئارىلاۋاتقان، كىچىك تۇرۇپلا قولىغا چوتكا ئېلىپ خەقنىڭ تاپىنىغا يالۋۇرۇپ ئېگىشىۋاتقان ھەربىر نارەسىدە بالىنىڭ كاللىسىدا ئىقتىسادىي بىقوۋۇللۇقنىڭ، ماددىي يوقسۇزلۇقنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئاھانەتلىك مەسخىرىسى گىدىيىپ تۇرماقتا؛ مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى ھەقلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە بالىلىرىنى يوقسۇزلۇق، قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئوقۇشتىن چىقىرىۋېلىشنىڭ كويىدا تىركىشىپ يۈرىدىغان دېھقانلار يوق ئەمەس. ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋار بالىلىرىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگۈسى، ئوقۇتقۇسى، كۆزىنى ئاچقۇسى يوقمۇ؟ تېخى يېقىندىلا گېزىتتىن ئافغانىستانلىق بىر ئايالنىڭ تاشتىن قاتتىق موھتاجلىق ئالدىدا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن قىزىنى ئەرگە بېرىۋەتكىنىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا سېتىۋەتكىنىنى ئوقۇدۇم. كىمنىڭ ئۆز بالىسىنى جاھالەتنىڭ، نادانلىقنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگۈسى بار؟ كىمنىڭ ئوقۇغۇسى، بىلىم ئالغۇسى، جاھان كۆرۈپ كۆزىنى ئاچقۇسى يوق. بەلكىم كېرىيىنىڭ شۇۋۇل يېزىسىدىكى 20 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ئاشۇ 13 ياشلىق بالىنىڭمۇ ئوتتەك ئوقۇغۇسى، بىلىم ئالغۇسى، ئۆزىنىڭ ئار- نومۇسى، ياشاش ھوقۇقىنى خارلىقتا قويماي راۋۇرۇس ياشىغۇسى بولغىيتتى؟[5]· كىچىك تۇرۇپلا ئېغىر ئىش- ئەمگەكنىڭ ئاستىدا يەنچىلىۋاتقان، تەربىيىسىز قېلىۋاتقان ۋە ھەتتا كىچىك تۇرۇپلا جەمئىيەتكە چىقىپ قېلىپ تۈرلۈك ناشايان قىلىق، جىنايى ئىشلار، ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بالىلىرىمىزنىڭمۇ بەلكىم ئوقۇپ تۈزۈك ئادەملەردىن بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرگىسى بار بولغىيتتى...

ھەقىقەتەنمۇ ئىقتىساد بىلەن بىز تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايمىز، ئۆزىمىزنى زامانغا خاس ئاڭ، مەدەنىيەت، ساپا بىلەن قوراللاندۇرالايمىز. پۇل مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ئىززەت- ئابرويى، غۇرۇرى، كىشىلىك ئىززىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم قورالىدۇر. يوقسۇزلار ھەرقاچان باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىچارە، ئاجىز بوپكەلگەن، ئۇلارنىڭ پىكىر- دەۋاسى يوللۇق بولغان تەقدىردىمۇ جاھاننىڭ نەزىرىگە كەمدىنكەم ئىلىنىپ كەلگەن. چىڭ خاندانلىقىنىڭ چىرىك - زەئىپلىكى جۇڭگو خەلقىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق، كەمسىتىش، دەپسەندە قىلىنىشقا دۇچار قىلدى. ھەتتا جۇڭگودىكى چەت ئەللىكلەر باغچا، كونسىسسىلىرىگە «جۇڭگولۇق بىلەن ئىت كىرمىسۇن» دەپ خەت ئېسىپ فېئودال تۈزۈمنىڭ ئاجىز- زەيىپانە ھامىيلىقىدا ئىڭراپ ياتقان جۇڭگولۇقلارنى ئىتتىنمۇ پەس ھالدا مەسخىرە قىلىپ ئوينىدى. بۇ ئالەمنىڭ پۈتكۈل ماددىي مەئىشىتىنى تەرك ئېتىپ ئۇ ئالەمنىڭ راھەت- پاراغىتىنىلا تەۋسىيە قىلىدىغان، رايىشلىقنىلا ئەڭ مۇقەددەس پەزىلەت دەپ بىلىدىغان خەلق ئۆزىنىڭ زېمىنى، دۆلىتى، بايلىقىنى ئەمەس ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي غۇرۇرىنى، شەخسىيىتىنى، ئۆز زېمىنىدا ئۆز مەيلىچە ياشاش ھوقۇقىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. پەلەستىن خەلقىنىڭ ئاجىز، زەئىپ مادارى ئۇنىڭ مىللىي، دىنىي غۇرۇرىنى، كىشىلىك قەدىر- قىممىتىنى ئىسرائىلىيىنىڭ تاپىنىدىن تارتىپ چىقالمىدى. نېمىشقا؟ قاش كۆتۈرگۈدەك مادار يوق، ئىقتىساد يوق. ھەربىي كۈچ- ئۆزىنىڭ مىللىي، ئىنسانىي غۇرۇرىنى قوغداپ قالىدىغان قالقان بەكمۇ ئاجىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «جاھان پەيلاسوپىنىڭ مال- دۇنياسى بولمىسا قانچە سۆزمەن بولسىمۇ، تىلى كىشەنلىنىدۇ». ئىقتىساد- نوپۇز، كۈچ، غۇرۇر، ئار- نومۇس تۈيغۇلىرىنىڭ قالقىنىدۇر.

يوقسۇل ئادەم بارالايدىغان، كۆرەلەيدىغان بوشلۇق تولىمۇ چەكلىك ۋە تار بولىدۇ. مۇنداق بېكىنمىچىلىك تەبئىي ھالدىلا تەپەككۇردىكى، بىلىشتىكى، تونۇشتىكى ئاددىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىن ئىبارەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بېكىك، ئىپتىدائىي مۇھىتتا قاملىپ نەچچە يۈز يىل ياشىغان كىشىلەر، دەريا بويىدىن باشقا ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغاچقا، دەريا بويىدا تۇنجى كىنو قويۇلغاندا قورقۇپ قېچىشقان، يېزىغا تۇنجى قېتىم ماشىنا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا يېسۇن دەپ قومۇش - پاسار تاشلىغانىدى[6]· قۇدۇقتىكى پاقا ئۆزى كۆرەلەيدىغان دائىرىنىلا دۇنيا مۇشۇ دەپ چۈشەنگەنگە ئوخشاشلا ئادەممۇ ئۆزى بىلگەن، كۆرگەن نەرسىلىرىگە تۇشلۇق ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. بىزدە «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ، بىلىش مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ساپا - سۈپەتكە كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشارە. دېمىسىمۇ، قاراپ باقىدىغان بولساق، نامراتلىقى تۈپەيلى ئۆمۈر بويى ئۆيىدىن ۋەياكى مۇئەييەن چەكلىك مۇھىتتىن ھالقىپ چىقالماي بېكىنىپ ياشىغان كىشىلەردىن ھېچقاچان دۇنياغا، مىللەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تالانت ئىگىلىرى چىقمىغان. جاھان كۆرگەن ئەزىمەتلەرلا بىر مىللەتنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق نىشانغا باشلاپ ماڭالىغان. بىز ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ ھاياتىغا قاراپ باقايلى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئويغىنىشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن باھادىر سۈپەت بۇ ئەزىمەتلەر يەتكىچە بىلىم ئالغان، جاھان كۆرگەن، دۇنيانىڭ، زامانىۋى يۈزلىنىشىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ۋە جاھالەت - خۇراپاتلىققا پاتقان نادان- مەزلۇم خەلقىنىڭ ئېڭىنى ئاقارتىش ۋە قەددىنى تىكلەش

ئۇچۇن ھاياتىنى بەدەل قىلىپ جاھالەت بىلەن ئېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى جاھان كۆرگەن، نەزىرى ئېچىلغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇلارمۇ تالايلىغان كىشىمىزگە ئوخشاشلا ئۆز كۈنىنىڭ ئۆتكىنىگە شۈكۈر قىلىپلا ئۆتۈپ كېتەر ئىدى. دۇنيانى كۆرۈش، دۇنياۋى يۈزلىنىش بىلەن يۈزمۇ - يۈز ئۇچرىشىش ئارقىلىقلا ئويغانغان شەخسلەرلا مىللەت مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن نېمە قىلىش، قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئىستراتېگىيىلىك ئاڭ بىلەن ياشىيالايدۇ. بولمىسا ئاددىي كاللا، قۇرۇق خىيال بىلەن ھاياتنى، ئەقلىنى، تالانتنى، پۇرسەتنى سورۇپ تۈگىتىۋېتىدىغان گەپ. تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ »ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ«نامىلىق تارىخىي ھېكايىسىدىكى راخمان گۇگۇت پاجىئەسىگە سىغدالغان ئېغىر تراگېدىيە بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك دەلىللەپ تۇرۇپتۇ [7] .

بىزنىڭ بەزى ساددا ئادەملىرىمىز ھە دېسىلا پۇل ئادەمنى بۇزىدۇ، دەپلا قارايدۇ ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنى، ھوقۇقىنى، غۇرۇرىنى قوغداشتىكى رولىغا سەل قارايدۇ. كۆپ پۇل تاپقان ئادەمنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمان قىلىش، بېيىغانلارنى سېيىستىشقا ئۇرۇنۇش، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۈرلۈك بولمىغۇر سۆز- چۆچەك توقۇش بىزنىڭ ئاۋام پۇقرالىرىمىزدىلا ئەمەس، ھۆرمەتلىك، بىلىملىك زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ خېلى ئېغىر. ئەمما بىلىش كېرەككى، ئىقتىساد، بايلىق توپلىغان ئادەم ئىقتىدارسىز ئەمەس، بەلكى تالانتلىقتۇر. ئۆزىدىكى تالانت - ئىقتىدارنى بايقىيالىغان ۋە ئۆز بىلىمىنى ھەممىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان قىممەتكە، بولۇپمۇ ئىجادىيەتكە، تاۋارغا، مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرالىغان ئادەم ھەقىقىي تالانتلىق- ئىقتىدارلىقتۇر. شەخسنىڭ ئۆزىدىكى بارلىق ئەقىل- ئىقتىدارنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى ئۇنىڭ يالغۇز ئۆزىنى ھەرتەرەپتىن كۈچەيتىپ، نەپلەندۇرمەستىن، ئۇ ياشاۋاتقان توپنىمۇ ماس ھالدا مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىساد ساھەسىدە بىر تالانتلىق شەخسنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن يەنە نۇرغۇن تالانت مايسىسىنى كۆكلىتىدۇ. بىر كارخانىنىڭ قۇرۇلۇشى يالغۇز شۇ كارخانىنىڭ قۇرغۇچىسىنىلا ئەمەس، شۇ توپتىن نان تېپىپ يەيدىغان يەنە مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن گال ئىگىسىنى ئىش، ئىش ئورنى، تىرىكچىلىك پۇرستى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەمدە شۇ رايوننىڭ ئىگىلىكىنى نەچچە ھەسسىلەپ جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت «كىتاب خالتىسى» ئالىمدىن، سوپۇن ئىشلەپچىقارسىمۇ كارخانىچى، تىجارەتچىسىنى ئەتىۋار بىلىدۇ، ياساش، ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە تالانت ئىگىلىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇسابايېفلار دىيارىمىزغا تۇنجى زامانىۋى كۆن- خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇش ئۈچۈن زاۋۇتنىڭ ماشىنا- زاپچاسلىرىنى گېرمانىيىدىن روسىيىگە ئېلىپ كەلگەندە چار پادىشاھ ھەيرانۇ- ھەس قالغان ھەمدە زاۋۇتنى روسىيىدە قۇرۇشقا يۇمشاق- قاتتىق ۋەدە- ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ مۇسابايېفلارغا بېسىم قىلغان. مۇسابايېفلار زاۋۇتنى روسىيىدە ئەمەس، غۇلجىدا قۇرىدىغانلىقىنى قايتا- قايتا ئېيتىپ چار پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، روسىيە تەرەپ زاۋۇتنى 90 كۈن ئىچىدە چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىش، بولمىسا روسىيىدە قۇرۇش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دېمەككى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇنداق كاتتا زاۋۇتنىڭ روسىيىدە قۇرۇلسا روسىيە ئىقتىسادىنى شىددەت بىلەن يۈكسەلدۈرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. مۇسابايېفلار زاۋۇتنى پويىز ئارقىلىق روسىيىنىڭ ئومسكىي شەھىرىگە، پاراخوت بىلەن سېمىپولاتىنسكىي شەھىرىگە ئەكېلىدۇ. ئۇ يەردىن قورغاسقىچە بولغان 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق قاتناش ئىنتايىن قولايسىز يولنى ئادەم ياللاپ تۈزلەپ، راۋانلاشتۇرىدۇ، 286 يەرگە كۆۋرۈك سالىدۇ. زاۋۇتنى چۇۋۇپ پارچىلاپ، چوڭى تۆت تونىنا، ئەڭ يېنىكى بىر يېرىم تونىنا كېلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ ھارۋىلارنى ياسىتىپ، 96 ئۆكۈز تەييارلاپ، ھەربىر ھارۋىغا ئالتىدىن 12 گىچە ئۆكۈز قېتىپ غۇلجىغا ئەكېلىدۇ [8]. بىز بۇ يەردە مۇسابايېفلار كارخانىسىنىڭ تاپقان غايەت زور پايدىسى ھەققىدە توختالمايمىز. ئەمما قاراپ باقايلىكى، بىر زاۋۇتنىڭ دىيارىمىزدا، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دەپ قارالسىمۇ يەنىلا قول سانائەتتىن ئۆزگە سانائەت شەكىللەنمىگەن غۇلجا زېمىنىدا قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئىش باشلىشىغىچە بولغان جەرياندا قانچىلىك ئادەم بۇ كاتتا خەيرلىك ئىشتىن نەپلەندى، ئىش باشلىغاندىن كېيىن زاۋۇتتا قانچىلىك ئادەم تېخنىكا ئۆگەندى؟ ئىش تاپتى؟ مۇشۇ بىر زاۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەل باغلىغان ئەقىل - ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلدى؛ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى بارلىققا كېلىپ ئاڭ - تەپەككۇر جەھەتتىن ئويغىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى؛ يىگىرمە نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقدار تېخىمۇ كۆپ كەسىپ - تۈر، ئىگىلىك شەكىللىرى مەيدانغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل يېزا - قىشلاقلىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سانائەت، ئىقتىساد، ئىگىلىك، تېخنىكا، سودا- تىجارەت، دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق ساھەلىرى ئۈزۈلمەس بىر سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. دېمەككى، بىر ئاڭ - تەشەببۇسنىڭ باش كۆتۈرۈشى نۇرغۇن يېڭىدىن- يېڭى تەپەككۇر بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. بىرەيلەننىڭ بېيىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە، ھەتتا نەچچە ئون، نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ غېمىنى ھەل، كېمىنى تەل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆزىنى ئاچىدۇ، يولنى كېڭەيتىدۇ، ئىشنى يۈكسەلدۈرىدۇ، جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىدىغان نۇرغۇن تالانت ئىگىسىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ- دە، سانائەت، سەھىيە، مائارىپ، دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، سودا- سېتىق، قاتناش- ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى شىددەت بىلەن كۈچەيتىدۇ. «ئارمان»شىركىتىنىڭ تالقىنى خوتەن ياڭىقىنىڭ بازىرىنى چىقاردى ۋە يەنە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان نوقۇت، بادام، ئۆرۈك مېغىزى...قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمال بازىرىنى كېڭەيتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىزدە تالقان، شەربەت، سوپۇن، گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم- كېچەك، ئىچىملىك، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلار كەينى- كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ رايون سانائىتىنىڭ، ئىقتىسادىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك شەكىل- فورمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، نۇرغۇنلىغان ئەقىل، ئىقتىدار، تالانت ئىگىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ۋە دادىل رىقابەت

ئارقىلىق مۇشۇ رايون مىللىي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى تۈرتكىلىك رول بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، تەبىئىي هالدا ئۇلار تەۋە بولغان تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇدلۇقىنى هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەقىقەتەنمۇ، مەلۇم بىر مىللەتنى، مەدەنىيەتنى ۋە ئۇنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئەڭ كۈچلۈك ۋە يارقىن تۈستە نامايان قىلىدىغىنى يالغۇز ئەدەبىيات- سەنئەت، ناخشا- ئۇسسۇل ۋەياكى پالان- پۇستان نەرسە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى دەل كۈچ، نوپۇز، ھەيۋە، ھوقۇقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، مەركەزلىك ئىپادىسى، كاپالىتى، يۆلىكى بولمىش پەن- تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتۇر. بۇ قانداقتۇر ئىقتىسادتىن، پەن- تېخنىكىدىن باشقا نەرسىلەرنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. بىر مىللەت ئۈچۈن ھەممە نەرسە مۇھىم. ئەمما ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەممىلا نەرسىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئالتۇن بىلەن ھەقىقەتنىڭ بىرىنى تاللاشتا ئىككىلەنمەي ئالتۇننى تاللىغان ھەمدە ھەيران قالغان بايغا: «كىمدە نېمە كام بولسا شۇنى ئالىدۇ، تەقسىر» دېگەنىكەن. بىزگە ھازىر ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئەقىل، تېخنىكا، ئىقتىسادتۇر. بىزدە سەنئەت بار، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، بايلىق بار. بىزدە ئەڭ كەمى تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە جان تېكىپ ئىشلەش روھىدۇر. بىر چاغلاردا يۆتكەپ سېتىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن داڭق چىقارغان سودا تالانتىنى بۈگۈنكى بىلىم، ئەقىل، تېخنىكىنى ئۇل قىلغان زامانىۋى سودا، سانائەت سىستېمىسى ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشلا بىزنىڭ قەددىمىزنى تىكلىيەلەيدۇ، خىرەلەشكەن كىملىكىمىزنى يورۇتالايدۇ. يەنە كېلىپ بىر مىللەتتە ياساش سانائىتى شەكىللەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىقتىسادى ۋەياكى مەدەنىيىتى ھەقىقىي مەنىدە گۈللىنەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان مالىنوۋىسكىي: «بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك- ئاجىز، ئىلغار- قالاقلىقى ئۈستىدىكى بەھس- مۇنازىرىدە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى قورال چىقىرىدۇ» [9] دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قورال، ئەلۋەتتە، نوقۇل ھەربىي قورال بولماستىن، بەلكى شۇ مىللەت ئەزالىرى ئىگە بولغان دېھقانچىلىق، سانائەت، تۇرالغۇ، قاتناش، ئالاقە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتەتتى. يەنى بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق قوراللىنىش سەۋىيىسى، ياساش، ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارى مەركەزلىك تۇتقا قىلىنغانىدى. دېمىسىمۇ، ھېچقانداق نەرسە ياساش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان بىر مىللەت ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ۋاستىنى سىرتتىن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق خەلق قولىدىكى پۇل- مالغا ئۆزىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئىختىرادا، ياساش سانائىتىدە كۈچلۈك ئەل- خەلقلەر قىينالمايلا يەنە بىر دۆلەتنىڭ بايلىق، ئىقتىسادىنى يۇلۇپ ئالالايدۇ. ھەتتا، بىل. گېيتستەك تالانتلىق ئىقتىدار ئىگىلىرى، كارخانىچىلار يېڭى بىر مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش بىلەن ئۆز ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ پۈتكۈل دۇنيانىڭ تامامىي قەرنە- بۇرجەكلىرىدىن سۈپۈرۈپ- سۈپۈرۈپ پۇل يىغىۋالالايدۇ. تارىمنىڭ ئەڭ خىلۋەت بۇرجىكىدىكى بىر جاپاكەش دېھقان موتسىكلىت سېتىۋېلىش ۋاستىسى بىلەن چۆرگىلەپ بېرىپ ياپونىيىنىڭ SUZUKI شىركىتىگە بىر ئۆمۈر قان- تەر تۆكۈپ تاپقان- تەرگىنىنى چاڭگاللىتىپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ھەممە نەرسىدە قوبۇل قىلىش، سېتىۋېلىش ھالىتىدىلا تۇرغان ئەل- خەلقلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆز زېمىنىدىكى، ئۆز قولىدىكى پۇل- بايلىققا ئىگە بولالمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بايلىق ئەۋزەللىكى، تېخنىكا ئۈستۈنلۈكى، تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما بايلىقنىڭ بولۇشى بىلەنلا مەلۇم بىر رايون باي بوپكەتمەيدۇ. سەندە تېخنىكا، ئەقىل بولمىسا، ھەددى- ھېسابسىز بايلىقنىڭ ئۈستىدە ياتقىنىڭ بىلەنمۇ «ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان تىلەمچى»گە ئايلىنىپ قالىسەن (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، كالپۇكۇڭنىڭ گەز باغلىغىنى باغلىغان، پېشانەڭ ئاپتاپ كۆرمەيدۇ. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، كۈچ، نوپۇزدا زورىيىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تېخنىكا بىلەن قوراللانغان كارخانا- زاۋۇت، ياساش سانائىتىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ياساش ئىقتىدارى بولمىغان مەدەنىيەت ئەڭ ئاجىز مەدەنىيەتتۇر. مۇنداق مەدەنىيەت ھەممە نەرسىنى باشقىلاردىن سېتىۋېلىش جەريانىدا ئۆزىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرىدىغان ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، مەدەنىيىتى ئىزچىل تۈردە باشقا كۈچلۈك ئەل- خەلقلەر مەدەنىيىتى تەرىپىدىن زەربىلىنىدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ. سانائەت شەكىللەنمىگەن ئەلدە ئىقتىساد گۈللەنمەيدۇ، مەدەنىيەت يۈكسەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن بىر كارخانا، بىر زاۋۇت، بىر شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى قانداقتۇر ئۇنى قۇرغۇچىلارنىلا مەنپەئەتلەندۈرىدىغان پايدا قازىنىش بولماستىن، شۇ ئەل- خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى سىرتقا، باشقىلارنىڭ قولىغا ئېقىپ كېتىشتىن توسۇپ قالىدىغان، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، مەدەنىيىتىنى قوغدايدىغان، جانلاندۇرىدىغان، سالاھىيىتىنى باشقىلارغا تونۇتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە- قالقاندۇر. ئۆز كارخانىلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللاش ھەر بىر ۋىجدانلىق پۇقرا ئۈچۈن ھەرقانداق ئۇلۇغ قۇرۇق گەپتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئۈنۈملۈك قوللاش، مەدەت، غۇرۇر، مىللىي روھتۇر.

مەۋجۇدلۇق قوغداشقا موھتاج. ھەرقانچە شانلىق مەدەنىيەتمۇ يېتەرلىك قوغداش، كۈچلەندۈرۈشكە ئېرىشەلمىسە گۇمران بوپكېتىدۇ. شانلىق مەدەنىيەت ئىزنالىرى ياراتقان مايالار، ئازتېكلار، ئىندىئانلار قېنى؟ سىگانلارنىڭ نوقۇل سەنئەتكىلا دۈم چۈشۈپ، تىلەپ- تېرىپ يەپ ياشىشى ئۇلارغا لاماكان سەرگەردانلىقتىن بۆلەك نېمە ئەكەلدى؟ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى قايسى قەۋم بارخانلىرىدىن ئىزدەيمىز؟ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى مۇداپىئە قىلالىغانلار شۇنچە يېڭىلمەستۇر. بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى، بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى كۈچەيتىشى ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر تەرەپنى تەكىتلەش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان جەريان ئەمەستۇر. شەھەرنىڭ شەرقىي قۇۋۋىتىنى ساقلىساق غەربىي قۇۋۋىتىغا ئوت كېتىپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. ھەم قوغدىنىش ھېچقاچان گەپ، ئۇسۇل، روھقا ئالاقىدار چىرايلىق سۆزلەر، قەلب گۈزەللىكى دېگەندەك مەۋھۇم ئىبارىلەر بىلەن بولغان ئەمەس. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر؛ دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر». بۈگۈنكى ئېتىش، قوغدىنىش دەل ئەقىل، تېخنىكا، ئىقتىسادتىكى ئېتىش، ئۇرۇشتۇر. ئۇنىۋېرسال ساپادا ئاجىز ئەل مەلۇم بىر ساھەدە گۈللىنىش بىلەنلا دۇنياغا

تونۇلالمايدۇ. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، بىر مىللەتنى ئويغىتىش، يۈكسەلدۈرۈشتە تەنىنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى روھىنى داۋالاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ دوختۇرلۇق ئوقۇشىنى تاشلاپ پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان گىگانت ئەدىب لۇشۈن ئاخىرى شۇنداق خۇلاسە چىقارغانىدى: «جۇڭگو جەمئىيىتىدە مەيلى قانچىلىك زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلسۇن ۋە ھەتتا بۇ ئىسلاھات ئوت ياكى شەمشەر بوپكەتسۇن، بەرىبىركەن... نېمە ئۈچۈن؟ ئەڭ چوڭ سەۋەب، جۇڭگونىڭ پارتىيىۋى ئارمىيىسىنىڭ بولماسلىقىدا». ھەتتا ئۇ كېيىنچە ئەدەبىياتنىڭ بىر مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆزى ئويلىغاندەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنىمۇ تەن ئالغانىدى [10]. ئۇ بىر مىللەت، بىر دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ھەقىقىي مەنىدە قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىتىش- ئويغىنىشنىڭلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئېنىق مەقسەت- نىشانغا، سىياسىي پروگراممىغا ئىگە يېتەكچى كۈچ ۋە شۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان مىليونلىغان جەڭچى ئەزىمەت، كۈچلۈك ھەربىي قورال، ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن يۆلەپ تۇرىدىغان زور ئىقتىسادىي كۈچ بولمىسا ئازادلىق، مەۋجۇدلۇق دېگەنلەرنىڭ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئاشۇ تەن ئېلىش، ئاشۇ تونۇپ يېتىشنىڭ كەينىدە بىر مىللەت، دۆلەتنىڭ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈللەپ - ياشنىشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئامىلدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى چىن قەلبىدىن تەن ئېلىش بار ئىدى.

## 5

دۇنيا شىددەتلىك تۈستە يەر شارىلىشىۋاتىدۇ. يەر شارىلىشىش تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىدۇر. دۆلەت، مىللەت چېگرىلىرىدىن ھالقىغان دۇنياۋى كۆلەملىك ئىقتىسادىي يۇغۇرۇلۇش كۈچلۈكلەر يەيدىغان يەمنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ ۋە ئاجىزلار ئۇچرايدىغان بېسىم، خىرىس، كرىزىسنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ ئەركىن بازار بويلاپ ئېقىشى سىرتنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ تاۋار- مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ كىرىدۇ- دە، ئەقىل، تېخنىكا، سودا رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيەتلىك ماللارغا بولغان تەبىئىي مايىللىقى بايلىقنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكىدا كۈچلۈك ئەللەرگە ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سانائىتى ئاجىز ئەللەر تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. مۇنداق كەسكىن سودا ئۇرۇشىدا ئەگەردە كىشىلەردە ئۆز رايونىنىڭ سانائىتى، كارخانىلىرىغا بولغان كۈچلۈك قوللاش پوزىتسىيىسى ، ۋايىغا يەتكەن ئىقتىسادىي ئاڭ، بايلىق تەپەككۇرى بولمىسا قولىدىكى پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ، كارخانا - شىركەتلىرى ۋەيران بولۇۋېرىدۇ، ئىقتىسادتىن ئىبارەت مەدەنىيەتنى يۆلەيدىغان تىرەك ئاجىزلىغان ھامان ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ تۇرغۇچى بارلىق تەركىبمۇ رەھىمسىز سودا، مەنپەئەت ئۇرۇشىدا ھامان ئاجىز، زەئىپ، خار، قالاق ھالدا قېقىندى - سوقۇندى ھالغا چۈشۈپ قالىۋېرىدۇ.

دۇنياغا قارىدىم: سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئايلانغان؛ تارىمغا، تەكلىماكان بويلىرىغا قارىدىم: كەتمەن - تاغار، ئېشەك ھارۋىسى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش تېخىچە بۇ زېمىننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىپ تۇرۇپتۇ؛ دۇنياغا سەپسالدىم: ئىقتىساد، ھوقۇق، كۈچ، نوپۇز، سالاھىيەتنىڭ قالقىنى دەپ قارىلىپ تۇرۇپتۇ. ۋەھالەنكى، بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا تېخىچە سوپىستىك دۇنيا قاراشنىڭ تاتۇقى ساقلانغان ھالدا پۇل ئىلمىنىڭ، پەزىلەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىپ تۇرۇپتۇ: دۇنيا ئەقىللىقلار، ئىقتىدارلىقلار پۇل تاپىدىغان زامان كەلدى دەپ قاراپ يۈرۈپتۇ. «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دەيدىغان بىدئەت قاراش بىزدە تېخى تۈگىگىنى يوق. بىلىمنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن كۆپىنچىمىز ئويلىمىز. دۇنياغا كۆز سالدىم: كىشىلەر پۇل، ئىقتىساد ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بىلىم ئېلىۋاتىدۇ، كۈچ توپلاۋاتىدۇ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ، دۇنيانى ئەركىن ساياھەت قىلىپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىۋاتىدۇ، بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىدۇ؛ بىزدە ئاتالمىش «بىلىملىكلەر» ئىش تاپالماي ئاۋارە، بىكار لاغايلاپ يۈرۈشتىن نومۇسمۇ قىلمايدىغان كىشىلەر ئەتراپىمىزدا ساماندەك؛ ساياھەت قىلىش، دۇنيانى كۆرۈش، دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ ھەقىقىي بەشەرىسىنى تەن ئېلىپ تۇرۇپ تەپەككۇرنى يۈكسەلدۈرۈش بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشى ئۈچۈن ئويلاشمۇ قىيىن، مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدىغان سىرلىق ئىش. دۇنيا تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ، پۈتكۈل دۇنيادا ئايلاندۇرۇپ سېتىپ پۇل تاپىدىغان ئەقىل - تالانت ئىگىلىرىنىڭ قاپىقىغا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپتۇ؛ بىز ئۇششاق ئېلىپساتارلىق بىلەنمۇ يەنە تېخى دۇنيانى مەنسىتمەيمىز. كىشىلەر خۇسۇسىي مال- مۈلكى بىلەنمۇ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ دۆلەت، رايون ھالقىغان سودا، بازار مونوپولىيىسىنى يۈرگۈزمەكتە؛ ئەمما مەن دۆلەت ھالقىغان كارخانا، شىركەتلىرىمىزدىن ساناشقا قانچە بارماق چىقىرالايمەن؟ ئەڭ ئەقەللىيسى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچلۈك كارخانا، گۇرۇھتىن قايسىسى، قانچىسى بار؟ ئۈرۈمچىدىن مىللىي كارخانىلىرىمىزنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن سودا بىناسى، كارخانا، زاۋۇت بىناسىدىن نەچچىنى سانىيالايمىز؟ باشقىلار كىشى ئاڭلىسىمۇ ھاڭ- تاڭ قالغۇدەك بايلىقنىڭ ئىگىسى تۇرۇپمۇ يەنە ئۈن- تىنسىز، ھەشەمسىز، داۋراڭسىز ھالدا چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ ئىشلەپ تۇرۇپتۇ. كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى مەقسىتى يالغۇز ياخشى يېيىش، ئىچىش، كىيىش، راھەت ياشاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قۇدرەت تېپىش، زامانىۋى مىللەتلەرگە خاس ساپا- سۈپەت، روھ بىلەن ياشاش ئىدى. بۇ خىل ياشاش روھى ئومۇملاشقان خەلقلەر قارىسا ھەممىسلا ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما مۇنداق تىرىشىش، رىقابەت روھى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئېگىلمەس- پۈكۈلمەس توپ قىلىپ قۇرۇپ چىقاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى خۇسۇسىي پۇل- ماللار يىغىلىپ كېلىپ يەنە شۇ ئەل- خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى يىمىرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈپ، مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇراتتى. قارىدىم، بىر ئايلىق مائاشىنى يەنە بىر ئايغا ئۇلاشتۇرالماي نەچچە يەردە تاسمىسى بوشاپ كېتىدىغان مائاشلىقلىرىمىزنىڭ قانداق يەپ، قانداق كىيىپ، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىش بىزدە مودا. ئاشۇ پۇل، ئىقتىسادنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئەھمىيەتلىك يوللارغا سەرپ قىلىش ۋەھەتتا يەنىمۇ كۆپەيتىش كۆپىنچىمىزنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئۆتكەندە مەلۇم بىر ناھىيىدە بىر نەچچە يىل يىغىلىپ قالغان ئۆستى مائاشنى تارقاتقاندا ئىككى بالىلىق بىر

ئايالنىڭ 14 مىڭ يۈەنگە بىر چاپان سېتىۋالغانلىقىنى، غەزىپىگە پايلىمىغان ئېرىنىڭ شۇ بازاردىلا خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىقتىسادقا نىسبەتەن چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ياكى قۇلچىلىق قىلىش كۆزى مال- دۇنيا كۆرمىگەن گادايىنىڭ ئىشىدۇر. بىز باشقىلارنىڭ مال- مۈلكى، ئىقتىسادى بىلەن ئۆز ئىززەت- نەپسىنى خارلىقتىن قوغداۋاتقانلىقى توغرىلىق پاراڭلارغا قۇلاق سېلىۋاتقاندا، يەنە بىر ياندىن پۇلنى دەپ ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق ۋە ھەتتا نومۇسنى سېتىشتەك ئىپلاس شەرمەندىلىكلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز. ھەقىقەتەنمۇ، پۇل- بايلىققا بولغان خوجايىنلارچە روھ سېنى ئىككى دۇنيا ئىززەتلىك، پاك، ئۆزگەرمەس دەرىجىدە سەممىي قىلىدۇ. پۇلغا بولغان بىنورمال ئاچ- قاراش، پۇلنى كۆرسىلا رەزىللىشىپ كېتىدىغان تۇترۇقسىز كىشىلەرنى ياكى پۇلنى، بايلىقنى دەپلا ۋىجدانىنىمۇ، ئىمانىنىمۇ سېتىشتىن يانمايدىغان نومۇسسىز كىشىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ نامرات بوپقېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەمما ئومۇمىي ئاھالىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنىڭ نامرات بوپقېلىشى ئويلىنىشقا ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك پاجىئەدۇر. توغرا، ھېچكىمنىڭ نامرات بوپقالغۇسى يوق، ئۇ ھەم يالغۇز شەخسكىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشمۇ ئەمەس. ئىقتىساد مەسىلىسى تۈزۈم، بايلىق ئەۋزەللىكى، بىلىم- تېخنىكا قاتارلىق ئامىللارغا باغلىنىدۇ. ئەمما بىز ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كېرەك بولغان بايلىق ئەۋزەللىكىنى رايونىمىزدىن يەتكىچە تاپالايمىز. تۈزۈلمىنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. مۇنداق شارائىتتىمۇ نامرات قېلىش، ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرەلمەسلىك بىۋاسىتە شەخسنىڭ ئىدىيىسى، تىرىشچانلىقى، ئىقتىدارىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. دېمەككى، بىزدە ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىق بولۇۋاتقىنى دەل تېخنىكا، ئەقىل، بىلىمدۇر ۋە بايلىقنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ھەقىقىي، ئاڭلىق تونۇشتۇر. نامراتلىق تراگېدىيىسى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاڭ- ئىدىيىسىدە ئىقتىسادقا قارىتا ئېغىر دەرىجىدە تونۇش، قاراش خاتالىقى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا ئېنىق ۋە كەسكىن تونۇش تۇرغۇزماي، قانداق قىلغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسەلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايمىز. ئىدىيىمىزدىكى تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق قالايمىقان بىلجىرلاش، جۆيلۈشنى چۆرۈۋەتمەي تۇرۇپ ئەقلىنىمۇ، ئىقتىسادنىمۇ، تېخنىكىنىمۇ تاپالمايمىز. لۇشۈننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «يۈكسىلەيلى، خاتىرجەم ياشايلى دەيدىكەنمىز، 〈گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدىيە〉لەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، دۇنيا كەڭ بولسىمۇ، تېگىرقاپ قالغان خەلق ئاخىرى ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك يەرمۇ تاپالماي قالىدۇ». ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىقتىساد مۇھىم دەپ قويۇپ لاغايلاپ يۈرۈش ياكى پۇل تاپسىلا ھاكاۋۇرلىشىپ، چاكىنىلىشىپ كېتىش تولىمۇ چاكىنا ئىقتىسادىي ئاڭدۇر.

※ ※ ※

دېگەنلىرىم ماددىي مەئىشەتنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەرغىب قىلىشمۇ؟ ياق. مەن مەنىۋىيەتنىڭ سۈزۈك دۇنياسىنىڭ كامالىتىنى پۈتكۈل ئىشقى- ۋۇجۇدى بىلەن كۈيلىگۈچىلەردىن. ۋەھالەنكى، كامالەت ھېچقاچان يالغۇز روھتىنلا تەركىب تاپقان ئەمەس، سۈزۈكلۈكنىڭ ئۆزىلا ھەممە تەركىبنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئەلدە مەنىۋى يۈكسەكلىكنى تەرغىب قىلىدىغان كىشىلەرمۇ، ماددىي كاپالەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەرمۇ لايىقىدا بولۇشى كېرەك ھەم بۇ ئىككىسى بىر- بىرىنى چەتكە قاقماستىن، بەلكى قان بىلەن گۆشتەك تەبىئىي بىرلىك ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئەل- قوۋمدا بۈگۈنكى دۇنياغا يۈزلەنگەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئىقتىساد ئېڭى شەكىللەنمىسە، بۇنداق جەمئىيەتتە ئەقىل ۋە تەرەققىياتنى بەلگە قىلغان جانلىق، جۇشقۇن گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلەلمەيدۇ. شۇڭىمۇ مېنىڭ ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە شۇنچە زورۇقۇپ توختالغۇم كەلدى. مەن بىزدىكى تولىمۇ كەم ئاشۇ نەرسە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداپ ھەقىقىي ئادەمدەك غۇرۇر، قىممەت تۇيغۇسىدا ياشىشىمىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئۆزىمىزگە نىسبەتەن كاتتا- چوڭ ئەمما كىملەرنىڭدۇر نەزىرىدە ئەرزىمەس، پەس كىشىلەردىن بوپقېلىشتىن سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن!

2007- يىل 27- فېۋرال، شەھىرى ئۈرۈمچى

## سىتاتا مەنبەلىرى

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 5 -، 6 - (قوشما) سان.

[2] بۇ، قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ھاجى ئەلىنىڭ «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتىلگەن ماقالىسىدە يېزىلغان تەسۋىر بولۇپ، ئۇششى شىنچېرۇ «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قىستۇرما قىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004 - يىل 2 - سان.

[3] «قۇرئان كەرىم»، «قەسەس» سۈرىسى 77 - ئايەت. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

[4] «قۇرئان كەرىم»، «ئەئراف سۈرىسى» 32 - ئايەت. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

[5] بۇ ھەقتىكى مەلۇمات ئۈچۈن يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىگە قارالسۇن.

[6] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىل ئۆكتەبىر نەشرى.

[7] نۇرمۇھەممەت توختى: «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 - يىل 1 - سان.

[8] بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ «مۇسابايېف ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن؛ «ھۆسەينىيە روھى - تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل سېنتەبىر نەشرى.

[9] مالىنوۋىسكىي: «مەدەنىيەت ھەققىدە» «خۇاشيا» نەشرىياتى 2002 - يىل يانۋار نەشرى 4 - بەت.

[10] «20 - ئەسىر جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى»، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 - يىل ئاۋغۇست نەشرى 9 - بەت.

---

ئاپتور: يېتىلىۋاتقان ياش ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى (M1)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن نام ـ ئاتاق سىزنىڭ سىياسىي يەزىلىتىڭىزگە باھا بەرسە، خەلق بەرگەن نام ـ ئاتاق ئادەمىيلىك يەزىلىتىڭىزگە باھا بېرىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ بىلىنزى ئەقىل، مىللەتنىڭ بىلىنزى تىل.

ــ ئوبۇل ھىمىت(شاۋقۇن)

---

ئاپتور:شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ــ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تومشۇق شەھىرى پىچاقسۇندى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ سېنى سۆيگەنىنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭ، ئۆزۈڭ سۆيگەنىنىڭ بولسا ۋەسلىگە. سەن يەنە كىمدىن ئاغرىنماقچى.

ــ چىمەنگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسىدا، ھازىر تۇرپان تىببىي مەكتەپتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

## ئەقلىيلەر

▲ ئېتىقاد بىلەن ئىقتىساد دۈشمەنگە قارشى تولۇق قوراللانغان جەڭچى.

▲ بىزدە تەۋرەنمەيدىغان ئېتىقاد بولغىنى بىلەن ھەرىكەتچان كاللا يوق.

▲ ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى «ياۋاشلىق» ئەمەس، يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى «تەۋەككۈلچىلىك »ئەمەس.

▲ غەلىبە ــ ئەقلى بىلەن غەزىپىنى بىرلەشتۈرەلىگەنلەرگە مەنسۇپ.

ــ ئابدۇسەممەت قەييۇم، ئابدۇللا ئابلىكىم

---

ئاپتورلار: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئىسلام دىنى سىنىپى قورغاس

## تەپەككۇر كۆزى

ناھىيە دىن ئوقۇتۇشى نۇقتىسىنىڭ تالىبلىرى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ قېرىغاندا ھۆرمەتلىك ـ مۆتىۋەر سانالغانلار، ياشلىقىدا ئەل سۆيگەنلەردۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىر گۈل، ئېچىلغان غۇنچىدە، ھەم گۈللەرنىڭ سەرخىلى گۈل ئېچىدە، چۈشمەيدۇ شۇڭلاقېرى ـ ياش قولىدىن، مەيلى شەھەر ـ سەھرادا، كۈندۈز ـ كېچىدە.

▲ نادانلار كۆپەيگەن يۇرت، تەنھا ئاقىللار ئۈستى ئوچۇق تۈرمە.

▲ باھانە ـ سەۋەبلەرگە كۆنمەيدىغان بىردىنبىر جاي قەبرىستانلىق.

▲ ھازىر يېزا ـ قىشلاقلاردىكى توي ـ مەرىكىلەردە ياشلارنىڭ توپ بولۇپ ئەسەبىيلەرچە ئەبجەش ئۇسسۇللارغا چۈشۈشلىرى، ماڭا ئەينى زامانىدا جەررە ـ ساماغا چۈشكەن بىر توپ سوپىنى ئەسلەتتى.

ــ تۇردى ئالاۋۇش

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

## سۇبھىدىكى چوقانلار

▲ بار نەرسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۆزى پۇرسەت.

▲ پۇرسەتنى قولدىن بەرگەنلەر كۆپىنچە ئۆزى ھەم باشقىلاردىن ئاغرىنىدىغانلاردۇر.

▲ نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنسەن مۇنداق ئۈچ شەرتنى ھازىرلىشىڭ كېرەك: 1. ئەقىل ـ پاراسەت، 2. ئىقتىساد، 3. پۇرسەت.

▲ ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ــ شەخسىيەتچىلىك بولسا، ئارتۇقچىلىقى ــ مېھرىبانلىق. شۇڭا بىرسى بۇزسا، بىرسى تۈزەيدۇ.

▲ ئۈمىد ــ ئەتىنىڭ دەسمايىسى.

▲كەچ ــ ئاخىرقى ئۈمىد.

▲ غېرىبلىق ــ ئاجىزلار لاگىرى.

▲ پۇشايمان ــ ئىبرەت ئىشىكى.

▲ ھەقىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنەلىگەنلەر ــ بىرى، ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلىپ باققانلار، يەنە بىرى، ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بېرىپ باققانلاردۇر.

▲ ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن چەتنەپ كېتىدىغان ۋاقتى ــ بىرگە، زىيادە ئاچ كۆز بوپكەتكەندە، يەنە بىرگە، زىيادە ئاچچىقلىنىپ كەتكەندە.

▲ ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن نەپ ئالالمىغان چاغدىلا دۈشمەنلىشىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە يېقىنلاشقان ۋاقتى ــ ئۆزىگە يېقىنلاشقان ۋاقتىدۇر.

▲ ئىنسان ئۆزىنى ئويلىغاندا قورقۇنچاق، ئۆزىنى ئۇنتۇغاندا باتۇر بوپقالىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆز خىيالى بويىچە ياشىغاچقىلا خاتالىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ.

▲ ئىنسان باشقىلارنىڭ نىيىتىنى، بىرگە، بىر نەرسە بېرىپ، يەنە بىرگە، بىر نەرسە ئېلىپ بىلەلەيدۇ.

▲ باشقىلاردىن نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ تۇرغانلاردىن تەمەخورلار يېتىشىپ چىقسا، باشقىلارغا نەرسە ـ كېرەك بېرىپ تۇرغانلاردىن مىننەتخورلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ «پۇل» دەپ تىر ئاققۇزغۇچىلار ــ مەدىكار، قان ئاققۇزغۇچىلار ــ بۇلاڭچى ـ قاراقچىلاردۇر.

▲ بايلىق ــ ئۆزگىرىشچان چىراي.

▲ نامراتلىق ــ سەتلىك.

▲ باي«سەت»، سەت ئەمەس: كەمبەغەل چىرايلىق سەت.

▲ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلار ــ كېسەل كارىۋىتىدىكى بىمارغا ئوخشايدۇ.

▲ تالانتلىق كىشىلەرنى بىرگە تارىخ ئىسپاتلايدۇ، يەنە بىرگە هازىر (خەلق)ئىسپاتلايدۇ. تارىخ ئىسپاتلىغانلارتۇنۇگۈن ئۆزىنى كۆرسەتكەنلەر، هازىر ئىسپاتلىغانلار ــ بۈگۈن ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلاردۇر.

▲ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئاسانلا ئېرىشەلىگەن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ھەم ئاسانلا قالىدىغانلاردۇر.

▲باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ــ بىرگە، راست سۆزلەش ئارقىلىق، بىرگە، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئارقىلىق، يەنە بىرگە، ھەق ـ ئادالەتنى ياقلاپ، زۇلۇمنى يوقىتىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

▲ ئۆتكەن ئىشنى تەگەيدىغانلار ــ بىرگە، پۇشايمان قىلغانلار، بىرگە، ئاگاھلاندۇرغۇچىلار، يەنە بىرگە، ئېچىنغۇچىلاردۇر.

▲ ئۆزى سوئال سوراپ ئۆزى جاۋاب بەرگەنلىك ــ ئۆزى يىغلاپ، ئۆزى كۈلگەنگە ئوخشايدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراق ــ دۈشمەندىن يىراق.

▲ ئىشنىڭ ئاسان تەرىپىنى ئويلاپ قىلىدىغانلار ــ تەۋەككۈلچى، قىيىن تەرىپىنى ئويلاپ قىلىدىغانلار ــ قورقۇنچاقلاردۇر.

▲ئايال زاتىنىڭ باشلىمى قىزلىقى(پاكلىقى) بىلەن ئۇلۇغلانسا، ئاخىرى ئانىلىقى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ.

▲ ھەرقانداق مەخپىي سۆز كۆڭلى يېقىن ئادىمىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىدۇ(ئېيتىلىپ كېتىدۇ).

▲ كۆپىنچە ھالدا ئاياللار يالغان گەپنىڭ قۇربانىغا ئايلانغۇچىلاردۇر.

▲ گىرىم بۇيۇملىرى ئاياللارنىڭ سېھىر قورالى بولسا، ناز ـ خۇلقى سېھىرنى ئىشلىتىشتىكى ئەپسۇنىدۇر.

▲ ئەرنىڭ كىبرى كۈچىدە بولسا، ئايالنىڭ كىبرى چىرايىدا.

▲ ئايال زاتىنىڭ ئىشەنچىسىز بوپقېلىشى، ئۇلارنىڭ ئەركەكلەرنى ئاسانلا ئالدىيالىشى (بويسۇندۇرالىشى) دا، ھەم ئۇلارغا ئاسانلا ئالدىنىشىدا.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇدىي

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

## تېپەككۇردىن تېرمىلەر

▲ ئەگەر قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولىدىغان بولسا، كىشىلەرنى «خەلقنىڭ چاكىرى»ۋە «دۆلەتنىڭ خوجايىنى»دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

▲ نۆۋەتتە بىز مەكتەپتە، ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئالالمىغان بىلىم ۋە ئەخلاقنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن ئېلىۋاتىمىز.

▲ ئەگەر تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىمىزدىكى «ئالماس ماتا، زورلاپ ساتار»ئېلانلار ھەممىنى مالتىلاپ ئېلەشتۇرۇۋەتمىگەن بولسا، ساپ ـ ھەققىي مەھسۇلاتلار خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزلۈكىدىنلا تونۇلۇپ چىققان بولاتتى.

## ئېچىش خىياللار

▲ بۇلاق سۇلىرى ئەسلىدە ئانا يەر باغرىدىن سۇپسۈزۈك چىقاتتى. پەقەت ئېقىپ كېلىش جەريانىدىلا ئاشۇنداق لېيىپ قالغان؛ سىياسەت ـ قانۇنلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

▲ تەتۈر مەنتىقە: خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، مۇكاپات باشلىقىمنىڭ؛ ناۋادا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، جازا مېنىڭ.

▲ بىز ئاڭلاۋاتقان، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيىگە يات مىللەتتىن تىلەمچى كىرسە كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىلىدىغانلىقى، يىراق كوچىلاردا ئۆز مىللىتىدىن بىرەر تىلەمچىنى كۆرۈپ قالسا، قاتتىق دۇمبالاپ دۇنياغا تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىدىغانلىقى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ يارالمىشىدىنلا ئەقىللىق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە توقۇپ چىقىرىلغان ھېكايە بولسا كېرەك.

ــ ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام

---

ئاپتور: نىيە ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئادەمگە كىشىلىك ھاياتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول بەلگىسى.

▲ بىر ئۆمۈر ساقلىغان سىرىڭ بىر رۇمكا ھاراقنىڭ كۈچىدە كۆپۈككە ئايلانغۇسى.

ــ ئېلجان ئىسمائىل

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ سېنى ئەڭ كۆپ مەغلۇب قىلىدىغان كىشى ــ سېنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان كىشىدۇر.

▲ ئەقلى ئۆتكۈرلەر بىلەن پىكىرلەشسەڭ ئېچىلىسەن، ئەقلى گاللار بىلەن پىكىرلەشسەڭ چېچىلىسەن.

▲ باشقىلارنىڭ گېپىگە ئاسان ماقۇل دېگۈچىلەر، ئۇلار تەرىپىدىن دائىم دەككە يېگۈچىلەردۇر.

ــ ئايزىمگۈل ئەيسا

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە مىشا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

※ ※ ※

▲ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە ئاتائىڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، مېهرى-مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندە، ئاتائىڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، مەسخىرىسىگە ئېرىشكەندە بولسا، ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپ باق...

▲ دوراپ قىلساڭمۇ زىيان تارتىسەن، زورلاپ قىلساڭمۇ زىيان تارتىسەن، ئويلاپ قىلساڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە.

▲ ئەڭ بۇرۇن مۇھەببەتنىڭ ساختىسى چىقىپ بولۇپ ئاندىن باشقا نەرسىنىڭ ساختىسى چىقىدۇ.

▲ تۈنۈگۈن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىڭ، بۈگۈن جىنىڭنى ساقلاپ قېلىشقا ئاران دال بولالىشى مۇمكىن.

▲ ئاۋۋال يېڭىلىق، ئاندىن ئۆرپ-ئادەت، ئاخىرىدا ئەنئەنىگە ئايلىنىدۇ.

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايسەنۇ، يەنە تېخى باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتمەكچىمۇ؟

▲ ھەقىقىي دوست-دۈشمەن بېشىڭغا كۈن چۈشكەن چاغدىلا ئەمەس، ساڭا بەخت-سائادەت يار بولغان چاغلاردىمۇ ئايرىلىدۇ.

▲ ياشلىقنى باھارغا ئوخشىتىپ قويغاچقا ياشلار زىمىستان قىش ئۆتۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ، ئۆگىنىش، تىرىشچانلىق، ئەخلاق-پەزىلەت، شەرم-ھايا دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ.

▲ ئۆتنىڭ كۆيدۈرىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا كىرمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئەجەبا، سەن كۆيمەكچىمۇ ياكى تاۋلانماقچىمۇ؟

▲ بۇدۇنيادا ھەممە نەرسە ئىقتىساد ئۈستىگە قۇرۇلماقتا، پەقەت ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىلا ئۇنىڭ سىرتىدا.

▲ دوستۇڭغا سادىق بولساڭ ۋاپاغا، مۇھەببىتىڭگە سادىق بولساڭ جاپاغا ئېرىشىسەن.

▲ بۇ ھاياتتا بىرسىگە بولغان ئىشەنچ ھامان ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، ئۇنى چۈشەنگەنلىكتىن، يەنە بىرى، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن تۇغۇلىدۇ.

▲ ئوغۇللار بۇزۇلسا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، قىزلار بۇزۇلسا مەدەنىيەت.

— توختى ھەسەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا 2004-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ غالىب ئاجىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاجىز غالىبقا قاراپ يىغلىمسىرەيدۇ.

▲ قىزلار پەرىشتىگىمۇ، ئالۋاستىغىمۇ ئايلىنالايدىغان سېھىرگەردۇر.

▲ زەھەر چەككىنىڭ — خاراب بولغىنىڭ، ئېيىت ساتقىنىڭ — جالاپ بولغىنىڭ.

▲ تانسا — قىز-ئاياللىرىمىزنى «تاللا بازىرى»دىكى ئەرزان باھالىق ماللارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

▲ قوغداشقا تېگىشلىك يېڭىلىقنى چوقۇم قوللاش، قوغلاشقا تېگىشلىك يېڭىلىقنى مۇرەسسەسىز قوغلاش كېرەك.

▲ ھېكمەتلىك سۆز — ساماندىن ئايرىلغان دان.

▲ تەبىئىي ئاپەت — قىيامەتنىڭ بېشارىتى.

▲ جاھانگىر دۆلەت — يايلاقتىكى چىلبۆرە.

▲ پەرداز — گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنى.

▲ ماختانچاق — ئېلانچى مېكىيان.

▲ كېپىنەك — ئۆجمە كۆڭۈل يىگىت.

▲ كونىلاردىن قالغان ھېكمەتلىك سۆز-جۈملىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالمايلى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2006-يىل 6-سانىدىكى خەلىل ھۈسەن مۇجاۋىرىي«ئاپتور»لىقىدىكى «سەن سۆيگىنىڭنىڭ قولى بولغىچە، سېنى سۆيگىنىڭ كۆلى بولغىن»دېگەنگە ئوخشاش.

▲ دىن بىلەن پەن ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، زىت كېلىۋاتقىنى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىتلىق. ئەگەر پەندىكىلەر قوبۇل قىلالمايۋاتقان دىندىكى خۇراپاتلىقلار،دىندىكىلەر قوبۇل قىلالمايۋاتقان پەندىكى يېڭىچە خۇراپاتلىقلار تۈگىسە، «ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز»قويۇلغاندەك ئىش بولۇپ، بۇلارنىڭ زېمىنىدىمۇ ئاخىرلىشىپ، ئىنسانىيەت تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ.

▲دىن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىنى بوغمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىكى خۇراپىي كۆزقاراشلار بوغىدۇ: پەن دىنغا قارشى تۇرمايدۇ، ئەمما پەندىكى بەزى ئەقلىگە مۇۋاپىق بولمىغان سەپسەتە گەپلەر پەننى دىنغا قارشى قىلىپ قويىدۇ.

▲ سەن ئىزدىنىشتىن توختاپ قالغىنىڭ بىلەن ۋاقىت مېڭىشتىن توختاپ قالمايدۇ.

— يۇنۇس قادىر(قامچا)

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار تۈگمەنبويى كەنتىدە، دېھقان

## دىل دەرۋازامنى چەككەن چەشمىلەر

▲ كۈشكۈرتۈش،سېنى ياكى دۈشمىنىڭنى مەغلۇب قىلىش ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئانا — مېھىر-مۇھەببەتنىڭ، ئاتا — جاسارەتنىڭ، باللار— ساددىلىقنىڭ، ياشلار — باتۇرلۇقنىڭ، ياشانغانلار — رەھىمدىللىك، ۋاپانىڭ كۆيچىلىرىدۇر.

▲ مۈشتۈمنى تۈگكەنىدىم، غەزىپىم تاشتى؛ قوشۇمامنى تۈرگەنىدىم، تەپەككۇرۇم ئاشتى.

▲ قابىلغا قايىل بول، لېكىن ئالدىراپ ماقۇل بولما.

▲ قولۇڭدىن كەلگەن ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئەقلىڭنىڭ ئىشارىسىگە قارا.

▲ تەپەككۇر — تەرەققىيات.

▲ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى كەتمەن،ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىكى بور، شائىر-يازغۇچىلارنىڭ قولىدىكى قەلەم قۇدرەت جەھەتتە باراۋەر ھەم كارامەت.

▲ ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە بىر تال سوئال بەلگىسى بار.

▲ ئېتىراپ ئىختىلاپنىڭ يولىنى تورايدۇ.

▲ ئازمايدىغان ئادەم يوق، لېكىن تۈزەلمەيدىغان ئادەم بار.

▲ تارىخ — ئىبرەت قىل، ھازىر — جۈرئەت قىل، كەلگۈسى — دىققەت قىل.

▲ يېشىڭغا قاراپ ياشاۋېتىپمەن دېمەي، ئىشىڭغا قاراپ ياشاۋېتىپمەن دېگىن.

▲ كۈتۈپ ئولتۇرساڭ،كۈتۈلمىگەن ئىشلارغا دۇچار بولىسەن.

▲ تەقدىرنىڭ چاقچىقى تەدبىرنىڭ تەستىقىدىن باشلىنىدۇ.

▲ ئادەم ھېسسىياتنىڭ ئاستىدا قۇل، ئەقلىنىڭ ئۈستىدە خوجايىن.

▲ ئۈيۈنچۈق تاپانچا، ئۈيۈشقاق بالىلارنى ئۇرۇشقاق قىلىدۇ.

▲ تۇرمۇش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى سەن قىلغاندەك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

▲ ئوسال شارائىتنى ياراتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئوسال ئەھۋالدا قالىسەن.

— سەلەيجان روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلبتىكى سۆزلەر

▲ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى كىشى ئالدىغا خىجالەت بولۇپ بارغىنىڭدا ئاندىن بىلىپ يېتىسەن.

▲ نادان ئەلنىڭ نەزىرىدە قەھرىمان ئەخمەق سانىلىدۇ.

▲ قىزلارنى دەپسەندە قىلغان ئەر — قانخور ئىت،
ئوغۇللارنى دەپسەندە قىلغان ئايال — قانخور پىت.

▲ ئەيىبىنلا كۆرۈش ھەسەتخورنىڭ، ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈش بېپەرۋانىڭ ئىشى.

▲ ئورۇنسىز غەزەپ ھەسرەت ئېيىكەلسە، ئورۇنلۇق غەزەپ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ.

▲ ئاجىز دۈشمەن ئالدىدا غەزىپىڭنى مۇشتۇڭغا توگ، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا يۈرىكىڭ (قەلبىڭ)گە يىغ.

▲تۆت خىل ئادەم كۆپ ئەل روناق تاپمايدۇ: 1. نادان، 2.ھورۇن، 3.ئوغرى، 4.خائىن.

▲ يىغا — ھاياتلىقنى تونۇتقۇچى تۇنجى ئۇستاز.

▲ زېمىننىڭ كىيىم تىككۈچىسى پەسىل.

▲ دوستنى ئەپۇ قىلىش دانالىق، دۈشمەننى ئەپۇ قىلىش نادانلىق.

▲ مېھمانسىز ئۆيى — خىزىر رەنجىگەن ئۆي.

▲ سەبىيلەرنىڭ كۈلكىسى — جاھان كۈلكىسى،
ياشانغانلار كۈلكىسى — ھايات كۈلكىسى.

▲ ئانا ۋە سەبىيلەرنىڭ يىغىسىغا تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ يىغلايدۇ.

▲ ئاتاڭ كەتتى، ئاناڭ كەتتى — بەرىكىتىڭ كەتتى،
خوتۇن كەتتى، بالاڭ كەتتى — شادلىقىڭ كەتتى.

▲ مۇھەببەت — ئىككى روھ، بىر تەن؛ دوستلۇق — ئىككى تەن، بىر روھ.

▲ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان ناخشا — ناخشا ئارقىلىق تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ «ئويناپلى، كۈلەيلى، يايرايلى دوستلار»دەپ ناخشا ئېيتقۇچىلارغا مېڭىسىگە تاپانچا تەگلەپ تۇرۇپ سىگانلارنىڭ تارىخىنى ئوقۇپ بەرگۈم كېلىدۇ.

▲ ئامان بولغىن ئويغانغانلار، گۇم بولغايسەن ئويىنغانلار.

▲ باشقىلار ئالدىدا دوستۇڭنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرمە.

▲ يىغساڭ باي بولارسەن، چاچساڭ گاداي.

▲ نادانىنىڭ كۆزى يىغلايدۇ، دانانىڭ يۈرىكى.

▲ بىر- بىرىدىن رەنجىگەنلەر ئۇستاز- شاگىرت بولالمايدۇ.

▲ دوستۇڭدىن رەنجىسەڭ، دۈشمىنىڭدىن يىغلايسەن.

▲ پارىخورنىڭ تويلىرىدا مېھمان كۆپ، ئۆلۈمىدە ئاز بولىدۇ.

▲ ئىلاھىم، ئېيپەتسىز ئايالغا ئوغۇل، ھاياسىز ئەرگە قىز ئاتا قىلمايسەن. ئۇلار شۇندىلا ئۆز خاتالىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

▲ بەسلىشىش — ئاياللارغا نىسبەتەن مودىنى، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئوردىنى سوۋغا قىلىدۇ.

▲ زېمىننىڭ گۈزەللىكى ھەممىگە تەئەللۇق، ئايالىڭنىڭ گۈزەللىكى بىرلا ساڭا تەئەللۇق.

▲ تىنچ زامانلاردىكى خائىن — غەيۋەتخور، چېقىمچى.

▲ ئىككى يات بىلەن ھەمسۆھبەت بولما.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھرى چىندىل يېزا رادىئو- تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەپەككۈر تۇشلىرى

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، تاشتەك ئۇيۇشالمىغانلار ياڭاقتەك چېقىلىدۇ.

▲ ھوقۇق — سالاھىيەتسىز مىللەت ئوقسىز تاپانچىغا ئوخشايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ خالىسانە ياردىمىگە ئېرىشكەن كىشىلەر بىر بولسا بىچارە، بىر بولسا سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر.

▲ ئىدارە - ئورگانلارغا ئالدى- كەينىگە ئېچىلىدىغان ئىشىكلەرنىڭ ئورنىتىلىشى كادىرلارغا قولايلىق، پۇقرالارغا قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ.

▲ ئەرلەر ھېسسىياتچان بولسا قۇل ئۆتىدۇ، ئاياللار ھېسسىياتچان بولسا تۇل.

▲ پۇل — تاپساڭ بەگ، تاپالمىساڭ قۇل بولىسەن.

▲ ئۆز ئېلىڭنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، باشقا ئەلدە ياشاپ باق.

▲ «ئىنسانىيەتتە پەقەت بىرلا يەرشارى بار» دېگۈچىلەر بىر بولسا يەرشارىنى قوغداش كۆرىشىگە، بىر بولسا قىزىش كۆرىشىگە ئاتلانغانلاردۇر.

▲ ئەرسىز ئايال پوستى يوق مېغىزدۇر.

▲ ئىشسىز قالغانلار بىر بولسا ياخشى ئوقۇمىغانلاردۇر، بىر بولسا ئىشنىڭ يولىنى ئوقمايدىغانلاردۇر.

▲ قىزلار ئاڭلاشقا ئەڭ ئامراق لېكىن، ئېيتىشنى ئەڭ تەس كۆرىدىغان سۆز: «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن».

▲كىتاب - ژۇرنال سېتىۋېلىشقا ماڭغانلار — ئۆزىنى قوغدىۋېلىشقا ماڭغانلاردۇر؛ ھاراق- تاماكا سېتىۋېلىشقا ماڭغانلار — ئۆزىنى ئۆلۈمگە قىستاۋاتقانلاردۇر.

▲ تاسادىپىيلىقنىڭ ئۆزى دەل تەقدىردۇر.

▲ شەھەردە ئوچۇق- يورۇقلۇقنى ، سەھرادا شەرم- ھايانى ئەخلاقنىڭ، ئادەمىيلىكنىڭ ئۆلچىمى بىلىدۇ.

▲ ئۇرۇش - جېدەل نادانىنىڭ، ئۇيالدۇرۇش ئاقىلنىڭ ئىشىدۇر.

▲ ئۈرۈمچى — تىل بىلگەنلەرنى چىللاپ تۇرىدىغان، تىل بىلمىگەنلەرنى تىللاپ تۇرىدىغان شەھەردۇر.

▲ ئۈرۈمچى — ھەركىمنىڭ ئىمان- ئېتىقادى، ئەقىل- پاراستىنى كۈندە نەچچە قېتىم سىناپ تۇرىدىغان شەھەردۇر.

▲ قىز كۆڭلىنى ماختاپ، يىگىت كۆڭلىنى چاقچاق قىلىپ ئال.

▲ شەھەردىكى قىز- يىگىتلەرنى تورغا چىقىپ، سەھرادىكى قىز- يىگىتلەرنى تويغا چىقىپ بىلىسەن.

▲ دوستى يوق ئادەم بىر بولسا دەردى كۆپ، بىر بولسا دۈشمىنى كۆپ ئادەمدۇر.

▲ كادىر كۆپ كۆرسە قورساق، دېھقان كۆپ كۆرسە ئۆي سالىدۇ.

▲ شەھەرلىكلەر مېھمانغا ئاش-تاماقنى پەتنۇستا، سەھرادىكىلەر ئۆز قولى بىلەن سۇنۇشنى چوڭ بىلىدۇ.

▲ پۇل ھەم ئاقلىغۇچى، ھەم قارىلىغۇچى ئادۇوكاتتۇر.

▲ يەر ساتقان ئاچچىق يۇتىدۇ، ئىجارە بەرگەن تاتلىق.

▲ رىقابەت بار يەردە ئىنساپ يوق.

▲ ھەرقانداق يۇرتنىڭ ئەرلىرىنى شۇ يۇرتنىڭ ئاياللىرى بىلەن يەرلىرىگە قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

▲ بەختسىزلەر بىر بولسا جۈرئەتسىزلەردۇر، بىر بولسا ھۈنەرسىزلەردۇر.

▲ «ئۆز كۆشنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش» دېگەننىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن بولساڭ، بالىسى بار ئايالنى ئېلىپ ئۆي تۇتۇپ باق.

▲ مۇھەببەت بىلەن قورساق ئادەمنى ھەممە نېمىنى قىلغىلى سالىدۇ.

غەيۇەتخور ئاياللار بىر بولسا ئىشى يوق، بىر بولسا ئېرى يوق ئاياللاردۇر.

▲ خىيمخەتەرگە يۈز تۇتقاندا تۇمار ئاسماي پىچاق ئاس.

▲ قىز - ئاياللىرى بىلىملىك، ئەخلاقلىق مىللەت ھامان گۈللىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈلگىسى ياپونلاردۇر.

▲ «جىم ئولتۇر» دېگۈچىلەر خاتىرجەملىكنى، «سىناپ باق»دېگۈچىلەر تەرەققىياتنى سۆيىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئەرلەرنىڭ تېنىنى ھاراق-تاماكا، قىز-ئاياللارنىڭ تېنىنى گىرىم بۇيۇملىرى نابۇت قىلىدۇ.

▲ ھەقىقىي مەغلۇبىيەت، مەغلۇب بولۇشتىن قورقۇپ ھېچ ئىش قىلماسلىقتۇر.

▲ باللىرىنى كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىتىپ باققۇچىلار، باللىرى چوڭ بولغاندا يەرگە قاراپ تۇرغۇچىلاردۇر.

▲ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، قۇياش نەدە بالدۇر چىقسا، شۇ يەردە بالدۇر كەچ بولىدۇ.

▲ ماختاۋاتقانلار ئالداۋاتقانلار، ماختىنىۋاتقانلار ئالدىنىۋاتقانلاردۇر.

▲ ئەرلىرىنىڭ گېپى ئۆتمەس ئاياللار ئۇرۇشقاق، ئاياللىرىنىڭ گېپى ئۆتمەس ئەرلەر ئويۇنقىپى كېلىدۇ.

▲ جەمئىيەتنى چۈشەنمەكچى بولساڭ شەھەردە، تەبىئەتنى چۈشەنمەكچى بولساڭ سەھرادا ياشاپ باق.

▲ تارىخقا ئىشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاپتورنىڭ كىملىكىنى بىلىش زۆرۈردۇر.

▲ ئاتا-ئانىسى غەيۋەتخور ئائىلىنىڭ باللىرى قەستخور كېلىدۇ.

▲ قانۇن ئىگىسى يوق ئەل-يۇرتتا بىر بولسا جىنايەتچى، بىر بولسا شىكايەتچى كۆپ بولىدۇ.

▲ قانۇن ئىگىسى يوق ئەل-يۇرتنىڭ باشلىقى خىيانەتچى، ياشلىرى جىنايەتچى، قېرى-چۆرىلىرى شىكايەتچى كېلىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئاجىزلىقىنى شۇ ئادەمنىڭ دۈشمىنىدىن باشقا ئادەم پىششىق بىلمەيدۇ.

▲ دۈشمەننىڭ كۈلكىسى خاتا قىلىۋاتقانلىقىڭنىڭ، يىغىسى بولسا، توغرا قىلىۋاتقانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قايسى جەھەتتە پىششىق، قايسى جەھەتتە خام ئىكەنلىكىڭنى بىلمەكچى بولساڭ، رەقىبىڭنىڭ ھۇجۇم تاكتىكىسىغا ئوبدان زەن سال.

▲ سېمىزلىك بىر بولسا ھارامنىڭ، بىر بولسا ئارامنىڭ كۆپلۈكىدىن.

▲ مۇنداق ئادەم ئىتتىك مات بولىدۇ: بىرى، جىق گەپ قىلىدىغان، يەنە بىرى، چوڭ گەپ قىلىدىغان.

▲ ساپاسى يوق ئادەمنىڭ خاتاسى كۆپ بولىدۇ.

▲ باشلىقنىڭ گېپىنى قىلغان خۇشامەتچى، خەلقنىڭ گېپىنى قىلغان ئادالەتچىدۇر.

— ئابدۇغېنى توختى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

✱ ✱ ✱

▲ ئەدەبىيات — ئۆز روھى بىلەن سىردىشىش دېمەكتۇر.

▲ ئۆزۈڭنى قانچە يوقاتساڭ، باشقىلاردىن شۇنچە تەمە قىلىسەن.

— قۇربانجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا جوڭكۆل كەنتىدە دېھقان، ھازىر ئۈرۈمچى شەھەر «يورۇق» پەن-تېخنىكا تەربىيەلەش مەركىزى ئەرەب تىلى تەرجىمانلىقى 2006-يىللىق 1-سىنىپتا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

## يۈگەنسىز ھېسلار

▲ ئادەم ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئەمەس، ئەقلىنىڭ قىسقىلىقىدىن ۋايساش كېرەك.

▲ ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئارقىلىق بەزىلەر ياشارسا، بەزىلەر «قېرىيدۇ».

▲ ھەقىقەتنىڭ تارازىسى ھەركىشىنىڭ قولىدا ھەرخىل ئۆلچەمدە بولىدۇ.

▲ سەن ئارزۇيۇڭ بويىچە ئېرىشكەن نەرسىلەرمۇ كۆتكىنىڭدەك بولۇشى ناتايىن.

▲ ئۆمۈر — ساڭا بېرىلگەن پۇرسەت ھەم قەرز.

▲ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەسلىك — ئىرادە. لېكىن مەغلۇب بولۇشنى بىلىپ تۇرۇپ تەن بەرمەسلىك — نادانلىق.

▲ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە يېنىڭغا كېلىدىغىنى، بىرى، يېقىن دوستۇڭ، يەنە بىرى، دۈشمىنىڭ.

▲ ئەدىب جەمئىيەتكە باھا بەرسە، خەلق ئەدىبكە باھا بېرىدۇ.

▲ ئادەم بەزىدە غەم باسقاندا ئويلىنىدۇ، بەزىدە ئويلانغاندا غەم باسىدۇ.

▲ ھازىدارلارنىڭ يىغىسى — ماھىيەتتە ئۆلگۈچىنىڭ يىغىسى.

▲ بەزىلەر تارىخنى سۆزلەيدۇ، بەزىلەرنى تارىخ سۆزلەيدۇ. پەرق، قانداق ياشاشتا .

▲ يىللار ھەممە ئادەمگە ئەسلىمە قالدۇرىدۇ، لېكىن يىللارغا ئەسلىمە قالدۇرالايدىغانلار تولىمۇ ئاز.

— ئادىلجان سەمەت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

✱ ✱ ✱

▲ ئاغزىدىن «مەڭگۈ» دېگەن سۆزنى چۈشۈرمەيدىغانلارنىڭ قىلغان سۆزى ۋە ئىشى ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق بوپقالىدۇ.

▲ بەزىلەرنى چۈشىنىشكە مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ، بەزىلەرنى چۈشىنىشكە

بىر ئۆمۈر ۋاقتىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن.

ـ غۇنچە

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر كۆلچەكلىرى

▲ يەھۇدىيلار ۋە ياپونلار بالىلىرىغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىسە، ئۇنى ئويۇنچۇقنى بۇزۇپ بالىسىغا ياساتقۇزىدىكەن. ئەگەر ياسىيالمىسا ئۇزى ئۆگىتىپ ياكى بالىسى ئويۇنچۇقنى مۇكەممەل ياساپ بولمىغىچە بولدى قىلمايدىكەن. بىزچۇ؟ بالىلىرىمىز بۇزىدۇ، بىز ياسايمىز. ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇشۇنداق تەكرارلىنىدۇ. شۇڭا بالىلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرى قاتمال، ئىجادىي ئىقتىدارى تۆۋەن.

▲ تۇرمۇشنىڭ سوۋغىسى: نادانغا ئىللەت، ئاقىلغا خىسلەت.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر خاتالىقى ــ ئوقۇغۇچىنىڭ مىڭ خاتالىقى.

▲ ھاراق بوتۇلكىدىكى چاغدا سەن ئۇنى باشقۇرىسەن، ئىچىڭگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ سېنى باشقۇرىدۇ.

ـ ھوشۇرجان ئابدۇروسۇل

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە لومپا يېزا موغالئېرىق كەنتى تىم مەھەللىسىدە، دېھقان

* * *

▲پۇلغا ئەڭ ئامراق، ئەڭ موھتاج ھەم ئەڭ قەدرىنى قىلمايدىغانلار ــ قىماۋازلاردۇر.

▲ تارىختىن بۇيانقى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك ئىسراپچىلىقى ئەڭ ئېغىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز.

ـ ئەيساجان زۇنۇن

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا كۆكشاڭ مەھەللىدە، دېھقان

▲ بىز «ئۇلار» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ «ئۇلار»دىن پەرقىمىز بولۇشى كېرەك.

ـ ئابدۇقەييۇمقارىي ئابلەت بەشكېرەم

---

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازار ئىچى بوستان كەنتىدە، دېھقان

▲ تامنى يىقىتقان چۈمۈلە بىلەن زەي،
ئادەمنى يىقىتقان ئىشرەت بىلەن مەي.

ـ ئەسقەر مەخەت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا ھالال كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچىلەر ھەسەتخورلارنىڭ نەزىرىدە قۇسۇرچى، بىغەملەرنىڭ نەزىرىدە ساراڭ، غەيۋەتخورلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا بىر غەيۋەتخور سانىلىدۇ.

ـ رابىيگۈل مۇسا (نازۇك)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە

▲ بۈگۈننىڭ ھەل قىلىنماي تاشلىنىپ قالغان مەسىلىلىرى كەلگۈسى ئۈچۈن ئاپەت بولىدۇ.

ـ مەھمۇتجان نۇرمۇھەممەت(شەيدائىي)

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە گۇما بازىرى ساغان كەنتىدە، دېھقان

▲ سەن ئۆز تۇرمۇشىڭغا قانائەت قىلمايۋاتقان ۋاقتىتا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ سېنىڭ بەختىڭگە ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن.

▲ ئەگەر مائارىپتىكى شەكىلۋازلىق مۇشۇ پېتى داۋاملىشىۋەرسە، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز كىتاب ئارتىپ قويغان قېچىرغا ئوخشاپ قالىدۇ.

## تەپەككۇرۇم

▲ مەن ھەرقېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ياقۇپ ھەمدۇللا ئاكىنىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايمەن ھەمدە بۇ ئاكىمىزنىڭ قىسقا، مېغىزلىق جەۋھەر سۆزلىرىنى روھىمغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشىمەن.

ـ ئايگۈل توختى

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر 2 ـ بۆلۈمدە دوختۇر

* * *

▲ قىزلارنىڭ گۈزەل رۇخسارى بەزىدە ئۆزىگە خائىنلىق قىلىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە باغئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 9 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مال ـ دۇنيانى يوشۇرغىلى بولسىمۇ، مىجەزنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

ـ رەيھانگۈل يۇسۇپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتى قوللىنىشچان ماتېماتىكا 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئۆيى سۆڭەكتە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆيى يۈرەكتە.

▲ ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا يىلتىزى بىر. بىرى، ھىدايەت، بىرى، دالالەت.

▲ ئاياللارنىڭ كۆلكىسى دۇنيانى مۇھەببەتكە چۆمدۈرسە، ئەرلەرنىڭ كۈلكىسى دۇنيانى سائادەتكە تولدۇرىدۇ.

▲ ماڭغۇچىنى ماڭغۇسى بار يولغا قويۇۋەتمىسەڭ، مېڭىشنى خالىمىغان يولدا خاتا ماڭىدۇ.

▲ باھارنىڭ ھېكمىتى قىشتا بىلىنەر، ئادەمنىڭ قىممىتى ئىشتا.

▲ دىل گۈزەللىكى سۆزدە، تەن گۈزەللىكى يۈزدە.

▲ سۆزىدىن بىلىنمىگىنى كۆزىدىن بىلىنەر.

ـ ئابلەت مۇھەممەت سادائىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بۈگۈن قىلمىغان ئىشىڭ، ئەتىدىكى باشقىلارنى دورىغىنىڭ.

ـ تۇرسۇن ھەسەن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىم مەھەللە كەنتىدە، دېھقان

▲ تۇنجى بولۇپ سېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرالايدىغان كىشى، بىر بولسا، سەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان، بىر بولسا، سەن دۈشمەن دەپ قارايدىغان ئادەمدۇر.

— مېھرىگۈل مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا ئەڭ كىچىك خىل كىشى زىيانىنى بىلىپ تۇرۇپ تارتىدۇ: بىرى، ھاراقكەش، يەنە بىرى، بەڭگى.

— ئەبۇبەكر توختىروزى(ئارىن)

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا توغرىئېرىق كەنتىدە، دېھقان

## ئۇيۇقتا تۇتاشقان يول

▲ كۆز يېشى ھېسداشلىقتا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆكۈلگىنىدە، ئۇ، يۇندىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ.

▲ بۈگۈنكى قىزلار ھاراق-شاراب ئىچسە، ئەتىكى ئەۋلادلار قان-زەرداب ئىچىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ ئىپپىتى — ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ كۆڭۈل قەسرىگە كىرىشتىكى يول خېتى.

▲خەلقىم مېنى مەڭگۈ ئەسلىسۇن، ئۇنتۇمىسۇن دېسەڭ، ئىسمىڭنى تاش ئابىدىلەرگە ئەمەس، خەلقىڭنىڭ يۈرىكىگە ئوي.

▲ ئايال — ئات، ئەر — چەۋەنداز.

▲ ھاراق ۋە تاماكا ئەزرائىلنىڭ سۇيۇقلۇق ۋە ئىس-تۈتەك شەكلىدە كېلىپ ھاياتقا تەھدىت سېلىشىدۇر.

▲ تارىخ — ئۈنۈگۈنكىنى بۈگۈن ئەسلەشتىن ئىبارەت.

▲ بىرىنى رازى قىلساڭ يەنە بىرى نارازى بولىدۇ، ھەممىنى رازى قىلىشقا ئۆزۈڭ نارازى بولىسەن. چۈشەنسەڭ، بۇ دۇنيا ئەزەلدىن شۇنداق.

▲ ئاچلىق تەننى قىيناپ، روھنى چارچىتىش بىلەن بىرگە يېڭى بىر ئەقىل ئاتا قىلىدۇ.

▲ جىسمىڭ ئاغرىسا دوختۇرنى ئىزدە، روھىڭ ئاغرىسا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى.

— ئىبراھىم ئابدۇرەھىم(سولغۇن)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ۋاپاسىزنىڭ كۆزىگە قارىساڭ نادامەتكە، سۆزىگە قارىساڭ تالاپەتكە قالىسەن.

▲ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئىنتىلىۋەرسەڭ، ئۇنىڭ سەندىن تېز سۈرئەتتە يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

— ئابدۇغەنى ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تەييارلىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھاياتلىق ھېسلىرى

▲ ئىككى قېتىم نىكاھلىق بولۇپمۇ بەختلىك بولالمىغان ئايال مەڭگۈ بەختسىز ئايالدۇر.

▲ ئادەمنىڭ قىممىتى تۆكۈلىدىغان ۋاقتى، باشقىلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان چېغىدۇر.

▲ بۇزۇق ئايال قېرى ئەر تاللايدۇ، ياخشى نىيەتلىك ئايال ۋاپادار ئەر.

▲ ئەڭ تەسىرلىك كىشى بىزدە ئەڭ يىرگىنىشلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

▲ تەلمۈرۈپلا ئۆتسەڭ خارلىنىسەن، تەلمۈرتۈشنىمۇ بىلسەڭ ئەزىزلىنىسەن.

— غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قوملۇق مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ ساختىپەزنىڭ كۈلكىسى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ.

▲ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغان بالا، كەلگۈسىدە ھامان كۆزگە سىغماي قالىدۇ.

— ئەنۋەر ھۈسەن

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە يېزا ئىگىلىك كەسپلىرى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر تەرمىلىرى

▲ يەتمەكچى بولغان نىشانىڭنىڭ دەل ئۆزۈڭنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىڭدا، تۇرۇۋاتقان ئورنۇڭنىڭ قايەردىلىكىنى ئېنىق بىلىشىڭگە توغرا كېلىدۇ.

▲ يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە ئېيتقان چىن سۆزۈڭ، دەل سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ.

▲ سېنىڭ كۈچۈڭ ساڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن نامايان بولىدۇ.

▲ قانۇن ئادالىتى ۋە سۈر-ھەيۋىسىنى يوقاتقاندا، كۆندۈرۈلگەن يولۋاسقا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲باشقىلار سېنى سەۋىيەڭگە قاراپ ئەمەس، ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلىتىدۇ. باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان ئېھتىياجى كۆپ ھالدا سېنىڭ خاسلىقىڭ بىلەن بولىدۇ.

▲باشقىلارغا قولۇڭنى شىلتىۋاتقاندا، ئۈچ بارمىقىڭنىڭ ئۆزۈڭگە قارىتىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما. بۇ دېگەنلىك، باشقىلاردا بىر مەسىلە بولسا، سەندە ئۈچ مەسىلە بار دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

▲ سۇنىڭ ئېقىش يولى ئۇزارغانسېرى ئەسلىدىكىدىن ئازلاپ قالىدۇ، ئەكسىچە، قۇرۇق سۆز، پىتنە-پاسات، يالغان - ياۋىداقلار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچكەنسېرى ئەسلىدىكىدىن كۆپىيىپ ماڭىدۇ.

▲ پرىنسىپ بىلەن ئادەمىيلىك ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى.

▲ ھۈنەر — ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ.

▲ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئادەم، دەل جەمئىيەتنىڭ ئەخلىتىدۇر.

▲ ئاجىزلارنىڭ چىقىش يولى باھانە -سەۋەب تېپىش بولسا، كۈچلۈكلەرنىڭ چىقىش يولى چارە-ئامال تېپىشتىن ئىبارەت.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## ئېچىش خىياللار

▲ ئەقىل ـ ئۆمۈرلۈك قالقان.
▲ بىلىم ـ ئۇزارغان تىلىم.
▲ خاتالىق ـ پىلانسىزلىق.
▲ نامراتلىق ـ تەپەككۇرسىز ھايات.

ـ سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

---

ئاپتور: قاراماي شەھەر جەرەنبۇلاق رايونى نېفىت بۇرغىلاش 1 ـ شىركەت 50587 ـ ئەترەتنىڭ ئىشچىسى

## تۇيغۇ تۇشىلىر

▲ ئارقاڭغا قاراپ ساۋاق يەكۈنلىيەلىسەڭ، ئالدىڭغا قاراپ نىشان تۇرغۇزالايسەن.

▲ قەپەستىكى قۇشنىڭ نالىسىدىن ھۇزۇرلىنىش ـ ئىنسنى يوقىتىپ بالىسىغا ئېرىشكەندەكلا ئىش.

▲ بالىلىق ـ چۈشىنەلمىگەن، ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق چۈشىنىدىغان، قېرىلىق ـ چۈشەندۈرىدىغان مەزگىل.

▲ مۇھەببەتلىشىش ـ تەبىرسىز چۈش.

ـ تۇرسۇنجان قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە، بېقان

* * *

▲ باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن چاۋاك چېلىش بىر بولسا سەممىيلىك، بىر بولسا ئۆزىنى ھاقارەتلەش.

ـ ئازادگۈل قۇربان

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روھ جىلۋىسى

▲ ئازاب ـ قەپەستىكى قۇش.
▲ كۆز ياش ـ روھنىڭ زەردابى.
▲ ئېتىقاد ـ روھنىڭ سەلتەنىتى.
▲ قىزلىق ـ سۈلكەت، ئانىلىق ـ پەزىلەت.
▲ سۈكۈت ـ پىنھان ئاۋاز.
▲يۈرەك ـ مۇھەببەتنىڭ تونۇرى.
▲ ئانىلار ياغلىقنى گەدەنگە سىلىپ ماڭغاچ، قىزلار تاشلىۋېتىپ ماڭىدۇ.

ـ ئابلەت مۇھەممەت كۆيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا سۆگەتلىك كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ھەربىر ئادەم ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى باشقىلارغا يۈزتۇرانە دېيەلىگەن بولسا، بۇ دۇنيادا مەخپىيەتلىك ـ سىر دېگەنلەر يوقالغان بولاتتى.

ـ نۇرئامىنەم مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ دەرۋازىسىنى پەقەت ھەرىكەتلا ئاچالايدۇ. تاختىنۇپشىدا توپا بېسىپ تۇرغان توم ـ توم كىتابلاردىن نىمجان چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتى مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ھەم گۈزەلدۇر.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## تۇغراق چىچەكلىرى

▲ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمەي تۇرۇپ كېيىنكىلەردىن ھۆرمەت كۈتۈش، قۇرۇق ـ قاقشال دەرەختىن مېۋە تەلەپ قىلغاندەك بىر ئىش.

بۈگۈن باتۇرلار ئۇلۇغلانمىسا، ئەتە قورقۇنچاقلار كۆپىيىدۇ.

▲ يازغۇچى ـ ئەلگە نەسىھەت قىلغۇچى.
▲ سازەندە ـ ئىنسان روھىنى غىدىقلىغۇچى.

ـ مۇھەممەتجان قۇربان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئاقىل تەپەككۇرلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «روھ چوققانلىرى»سەھىپىسى تەپەككۇر قولۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ.

▲ ئاياللار ھورۇنلاشسا ئۆي نامراتلىشىدۇ، ئەرلەر ھورۇنلاشسا مىللەت، دۆلەت نامراتلىشىدۇ.

▲ ئاتىسىز ئۆي ـ سەركىسىز پادا.

▲يوشۇرۇن سۇيىقەست ـ كۆمۈلگەن بومبىغا ئوخشايدۇ.

▲ ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل، ۋاقىتنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى جان تەسلىم قىلىش ئالدىدا تۇرغان سەكراتتىكى بىمارنىڭ ھالىدىن كۆرگىن.

▲ ئاسايىشلىق كۈنلەردىكى دوستۇڭ كۈلپەتلىك چاغلاردا ساداقەتلىك كۆرسەتمىسە ، ئۇنىڭ يالاق ئالدىدىكى ئىتتىن قىلچە پەرقى يوق.

▲ مەنپەئەت ئالدىدا سەن ئاتاڭدىنمۇ ئىتقا ئوخشاش «سۆڭەك»تالىشىسەن. مانا بۇ ـ قىيامەت.

ـ تۇردىمۇھەممەت نىياز باقى ئاقىل

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى

* * *

▲ تالاي ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ بايلىق دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى باشلاپ بارالىغان ئەينى زاماندىكى ئەلى بابا. نۇرغۇنلىغان سىر ـ ھېكمەت، بىلىم ـ ئەقىل، ئىلىم ـ ئىرپان دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرىنى باشلاپ بارالىغان « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھازىرقى زامانىمىزدىكى«ئەلى بابا».

▲ نەچچە مىڭ توننا كېلىدىغان تۆمۈر ـ ئايروپىلان كۆكنىڭ قەرىدە ئۇچتى، نەچچە ئونمىڭ توننا كېلىدىغان تۆمۈر ـ پاراخوت سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈردى. ئەپسۇس، نەچچە كىلوگىرام كېلىدىغان تۆمۈر ـ كەتمەنگە تېخى قانات چىقمىدى.

ـ قۇناجى غوپۇر

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا ساي كەنتىدە، دېھقان

▲ بوۋام دېدى: «بۇرۇن كوچىدا غەربچە كىيىنگەنلەرنى كۆرسەك: ‹قايەردىن كەپتۇ›دەپ سورايتتۇق، ھازىر ساپ ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەنلەرنى كۆرسەك خۇددى ئەينى يىللىرى سورىغاندەك سوئال سورايدىغان بولدۇق».

▲ «مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى»( مۇھەممەتئېلى زۇنۇن تەشنائىينىڭ پوۋېستى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 3 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ سان)

دىن تارتىپ «قەلبىمدىكى ھېكايە» (خالىدە ئىسرائىلنىڭ پوۋېستى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سان) غىچە سۆيۈملۈك ھەمراھىم ۋە يولباشچى قۇتقۇزغۇچىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.

— جەسۇر قاسىم

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ ئۆگىنىشىمىزنىڭ نەتىجىسى نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمىزگە باغلىق ئەمەس، بەلكى نېمىلەرنى بىلگەنلىكىمىزگە باغلىق.

▲ يېقىن ۋە سىرداش دوستۇمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ماڭا يول كۆرسەتىدىغان سەممىي سىرداش دوستۇمنىڭ يەنىلا كىتاب ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن.

▲ تەكرارلانغان گەپ، يەپ بولغان تاماققا ئوخشايدۇ.

▲ نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇياتتا قالىسەن؛ خەقنىڭ كەينىگە كىرمە، پۇشايمانغا قالىسەن.

— ئەزىزجان سىددىق

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 2-يىللىق 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى — قەلب ئەينىكى.

— پولات ئامانتۇرى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات 2005-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تاجاۋۇزچىلىق ۋە تېررورلۇق — دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان تاشقى خەۋپ، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق — ئىچكى خەۋپ. ئالدىنقىسى، قورغاننى سىرتتىن بۇزماقچى، كېيىنكىسى ئىچىدىن.

▲ سەپەتىنىڭ ھەقىقەتنى باسالىشىدىكى تۈپ سەۋەب — ھوقۇقنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىدا.

— توختى ناسىر

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ بىر دوستنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ئوخشاشلا، بىر دۈشمەننىڭ كۆپەيگەنلىكىدۇر.

▲ دۈشمەندىن زىيان يەتسە مۈلكى ۋەيران بولسەن، دوستتىن زىيان يەتسە خانىۋەيران بولسەن.

▲ پادا باققاندا تۇتقان دوستۇڭ ياڭاق چاققاندا ئايرىلسا ئەجەبلەنمە. پادىنى 365كۈننىڭ ھەممىسىدە باققىلى بولىدۇ، ياڭاق پەقەت يىلدا بىرلا قېتىم پىشىدۇ.

— ۋەرشىددىن تۇردىقۇلى

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا ئالىملىق كەنتىدە، دېھقان

## رەڭدار خىياللار

▲ مېڭىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆملەشنى ئۆگىنىش كېرەك.

▲ دۇنيادا ئۇزۇن داۋام قىلمايدىغان ئىشلار لەززەتلىك بولىدۇ.

▲ پېشكەللىككە ئۇچرىغانسىرى كەمتۆكلىكىڭنى ھېس قىلساڭ، بىلىمىڭ كاشقانسېرى نادانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن.

▲ قىز بالىنىڭ مىجەز-خۇلقىنىڭ ئېسىللىقلىقىنى كېلىن بولغىنىدا بىلىسەن.

— گۈلبەھرى تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات 2003-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سېنى دەرد - ئەلەم، غەم - قايغۇ ۋە ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىش.

— قۇربانجان ياسىن

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن بىرسىدىن «ماڭا ئىشىنەمسىز» دەپ سوراۋەرگىچە، ئۆزۈڭدىن «مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەمدىم» دەپ سوراپ باققىن.

— رازىيە ئابلىز (ئىلتەبىر)

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەركىمنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتى، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭمۇ ياخشىلانغان ۋاقتى.

▲ سېنىڭ بىرسىگە قىزىقمايمەن دېگىنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سېنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

— رىزۋانگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى سانائەت - قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئانا سۈتىگە تەشنا بولغىنىدەك، مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» گە ئىنتىزار تىگىشكە تەشنا.

— قەلبنۇر ئىمام

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات - تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئاخبارات 2004-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سىرىڭ ئىچىڭدە دېگەنلىك، جەلپكارلىقىڭ يوقالدى دېگەنلىك.

▲ مەسئۇلىيەتچان كىشى بىرەر ئىشتىن ئەنسىرەپلا تۇرىدۇ.

▲ ئىپپەتسىز ئايال — ئاممىۋى ئاپتوبۇس.

— ئابلەتجان شۈكۈر (خۇش چاقچاق)

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يىراقتىن يار تۇتساڭ، ئۆزۈڭنى خۇددى تۇمانلىق دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن.

▲ مائارىپى چېرىكلەشكەن ئەلدىن نادان - بىلىمسىزلەر، قانۇنى چېرىكلەشكەن ئەلدىن پارىخور، ئوغرى-يانچۇقچىلار كۆپ چىقىدۇ.

▲ كۆچەتكە ئۈچ يىل، ئادەمگە يۈز يىل تەربىيە كېرەك.

▲ ھايۋاننى تاياق تۈزەيدۇ، جەمئىيەتنى قانۇن.

▲ باشقىلارغا ئۆچ-ئاداۋەت ساقلاپ يۈرۈش، ئەمەلىيەتتە يېنىدا بومبا

ئېلىپ يۈرگەن بىلەن باراۋەر.

▲ باشقىلار قىلغاننى قىلىش دورامچىلىق، باشقىلار قىلمىغاننى قىلىش يېڭىلىق.

▲ مائارىپ تەربىيىنى، قانۇن تەربىيە بىلەن جازانى ئاساس قىلىدۇ.

▲ قىزلار مۇھەببەتتە ئۇتتۇق قازانغاندا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلسا، ئوغۇللار كەسپتە ئۇتتۇق قازانغاندا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

▲ ئوغۇللارنى جەلپ قىلىدىغىنى قىزلارنىڭ شەھلا كۆزى، قىزلارنى جەلپ قىلىدىغىنى ئوغۇللارنىڭ شېرىن سۆزى.

▲ ئادەمنى ئىككى نەرسە ئەڭ ئاسان ئازدۇرىدۇ: بىرى، پۇل، يەنە بىرى ، ھېسسىيات.

▲ خىزمىتىڭنىڭ قانداق بولۇشى باشلىقىڭ بىلەن، تۇرمۇشۇڭنىڭ قانداق بولۇشى ئايالىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

▲ تۇرمۇشتا ئايالىڭ بىلەن چىقىشالمىغان چېغىڭدا، قەپەستىكى بىر جۈپ قۇشقا قاراپ قويۇشنى ئۇنتۇما.

— ئابدۇللا ياقۇپ

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى خۇنخاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

## قەلب تۈۋشلىرى

▲ ئۆزۈڭنى تونۇغىنىڭ — بەختىڭنى تونۇغىنىڭ.

▲ ھاياتىڭدىكى ھەقىقىي ئۇستازىڭنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆز روھىيىتى بىلەن سېنىڭ روھىڭنى ئويغاتقان كىشىنى ئىزدە.

▲ ھەقىقىي ئەر بىر قولىدا ئايالىنى تۇتسا، يەنە بىر قولىدا ۋەتەن زېمىنىنى تۇتىدۇ.

— قاسىمجان يۈسۈپ مۇسلىھ

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## تېرەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئەقىل - ماشىنا، تەپەككۇر - شوپۇرى.

▲ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھاياتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار خۇددى بىلەيتاشقا ئوخشايدۇ. چۈنكى پىچاق بىلەيتاشقا قانچە جىق سۈركەلسە شۇنچە ئۆتكۈرلىشىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، بىر ئۆمۈر سۈركىلىۋەرسە، پىچاقنىڭ دەستىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمايدۇ.

▲ ھەرقانداق روھىي سەلبىيلىككە قۇترايدىغانلارغا ئەخلاق، ئېتىقاد ھەم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ياخشى دېزىنفېكسىيە رولىنى ئوينايدۇ.

▲ ياشلىقىڭدا تىرىشىپ بىلىم ئالدىڭ،
زېمىستان كېلىشتىن بۇرۇن ئىسسىقىنە ئۆي سالدىڭ.

— ئابدۇخالىق مۇھەممەتنىياز شەھرىيارىي

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## تېرەككۇر مېۋىلىرى

▲ «يامان» نىڭ «ئامانلىق» كۆرمەسلىكى، ھەركىمنىڭ تىلىگىنىگە يېتىدىغىنىنىڭ روشەن دەلىلى.

▲بەزىدە ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، چوڭقۇر چۈشىنىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئائىلىدە بولالايدۇ.

▲ — كىملەرنىڭ چىرىكلىكى ئاسان پاش بولمايدۇ؟
— شىرىكلىشىشنى ئۇنتۇمىغانلارنىڭ.

▲ جاھان بۇزۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى ئادەملەرمۇ؟ ئەلۋەتتە ئادەملەرنىڭ ھېچقايىسى ئۆزىنى«مەن بۇزۇق»دېمەيدۇ، تەبىئەت بولسا تىلسىز.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەي، مائارىپ ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى گۈللەنمەيدۇ.

▲ چاچ ۋە يوپكا قىسقارمىدى، ئاڭ ۋە ئەقىل قىسقاردى؛ ئىشتان ۋە كۆڭلەك تارايمىدى، گۈزەللىك ۋە چىنلىق چۈشەنچىسى تارايدى.

▲ سەن ناخشا ئېيتالىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلق ناخشاڭنى ئاڭلىسا ناخشىچىسەن.

— ئەكبەرجان ئەھمەتنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە مەخسۇس خادىمى

## كېيىنرەك ئايلانغان ھېسلار

▲ قىزنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئانا — جەمئىيەتنىڭ ئانىسى،
ئوغلىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئاتا — جەمئىيەتنىڭ ئاتىسى.

▲ پۇل يىغىشنى بايلاردىن سورا، بۇزۇپ -چېچىشنى نامراتلاردىن.

— تۇردىرەھىم ئابدۇرەھىم

ئاپتور: تاجىك، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئىت ھەرقانچە يامان بولسىمۇ زەنجىرگە، ئادەم ھەرقانچە يامان بولسىمۇ قانۇنغا باغلانغان.

— مۇھەممەتئېلى ئىمىن

ئاپتور: بېيجىڭ پوچتا-تېلېگراف ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## قەلب چىرىغى

▲ يۈزسىزنىڭ يۈزى نەپسىدە.

▲ نادانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلالىغان بولساق ئىدۇق، ئەقىل بىزنى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى.

▲ سېنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىقلىقىڭ بىر بولسا ئاقىللىقىڭ، بىر بولسا نادانلىقىڭدۇر.

▲ ئاجىزلىقى ئالدىدا تىز پۈككۈچىلەر ئۆزىنىڭ خائىنىدۇر.

▲ ئىبرەتتىن ئىبرەت ئالماسلىقنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىبرەتتۇر.

▲ ئارزۇسىدىن ئەمەس، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ھوزۇرلىنالىغان ئادەم رېئال ئادەمدۇر.

▲تارىخنىڭ سەلتەنىتىنى ئويقۇنىڭ ئالدىدا، ئىبرىتىنى ئويغانغاندا ئەسكە ئال.

— نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قاراتېكىن سەنئەت كومپيۇتېرى»دا

※ ※ ※

▲ كىشىلەر بىلەن ماشىنىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانسېرى ماشىنىدىكى ھېسسىياتسىزلىق ئادەملەرگە كۆچتى.

▲ ساپاسىزلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان جاپاسىمۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ تالانتلىق يازغۇچىمىز خالىدە ئىسرائىلنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 3-سانىغا بېسىلغان «مەشئەل

كۆتۈرگەن كىشىلەر»ناملىق يۈرۈشلۈك تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە رادىئو دىرامىسى قىلىپ ئىشلەنسە، تەسىرى نەقەدەر زور بولغان بولاتتى-ھە.

— مۇھەممەتتۇرسۇن مۇھەممەت (بىلگە)

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېڭى ئالاھىدە تېببىي دورىلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ خادىمى

## تەبەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ تەقدىر دېگەن تۇغۇلۇش، توي قىلىش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇنى ئۆزگەرتىدىغىنى: 1. ئۆزۈڭ، 2. ھەۋەسلىك، 3. نەپسىڭ.

▲ ئىشىنىشكە بولىدىغان نەرسە ئىككى: 1. بۈگۈنىڭ، 2. بىلىمىڭ.

▲ بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشكەن چاغلار دەل ئۆز يوللىرىمىزغا راۋان بولغان ۋاقىتلار ئىكەن.

▲ ئۈمىد — باغرىنى كەڭ ئاچقان مېھرىبان ئانا.

▲ سېنى يوقاتتىم، لېكىن سەن بەرگەن ئاچچىق ساۋاقنى يۈرىكىمگە ئويۇۋالدىم.

▲ يۈرىكىمنىڭ نازۇك تىترەشلىرىدىن قالدىم، لېكىن كاللامنى سىلكىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

— گۈلمېھرى ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل-ئەدەبىيات 2004-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەن ئويلاۋاتقان يېڭىلىقلار

▲ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈكتۇر.

▲ مەن خوتۇن ئالغاندا ئاندىن قىز-ئاياللارنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم.

▲ سېنى، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

▲ كۆچەتۆگۈرلەردىن ئەمەس، چۈشكۈنلەردىن قورقىدىغان چاغلار يېتىپ كەلدى.

▲ «ئاھ، مىللىتىم...!»دەپ ۋايساۋاتقان چېغىمدا، بېشىمدا دوپپا يوق ئىدى.

▲ تاۋار ئىشلەپچىقىرايلى، ئەمما تاۋارغا ئايلىنىپ كەتمەيلى!

— ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى «پاسىئان ئۇيغۇر كىتابخانىسى»نىڭ خوجايىنى

## تەبەككۇر ئېقىندىلىرى

▲ ھېسسىيات — ئۇ، سېنىڭ ئەڭ ئىشەنچىسىز دوستۇڭ.

▲ نىكاھتىن ئاۋۋالقى مۇھەببەت نىقابلانغان مۇھەببەت، نىكاھتىن كېيىنكى مۇھەببەت ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلانغان مۇھەببەت.

▲ سىزگە ھېچكىشى قىزىقمىسا، ئۆزىڭىزنى يارىماس دەڭ.

— خالىدە ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2006-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ «ئادەملەر كىتاب ئوقۇمايدۇ»ئەمەس، كىتاب ئۆزىنى ئوقۇشقا مۇناسىپ ئادەملەرنى تاللاۋاتىدۇ.

▲ «شۇنىڭ ئۈچۈن»دىن جاھىللىق تۇغۇلسا، «نېمە ئۈچۈن؟»دىن ئەقىل تۇغۇلىدۇ.

— مېھرىبان ئابدۇمۆلۈك

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ماكارىپقا قىلىنغان ساختىلىق راك كېسىلىگە ئوخشايدۇ. راك كېسىلى ئاۋۋال سېزىلمەي، ئاخىرىدا جاننى ئالغىنىغا ئوخشاش، ماكارىپقا قىلىنغان ساختىلىق ئاۋۋال ئاشكارىلانماي، ئاخىرىدا ماكارىپىمىزنى نابۇت قىلىدۇ.

— مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 2-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات تىنىقلىرى

▲ نادانلار ئارىسىدا شەكلىۋازلىق كۆپ.

▲ بالىلار ئەقىل - پاراسەتنى ئاتىدىن، غەيرەت-شىجائەتنى ئانىدىن ئۆگىنىدۇ.

▲ ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى بىلمىگەنلەر ھامان باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ كۆز يېشى — ئەرلەرنىڭ جىنايىتى.

— ئايىمنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## بىر تامچە-بىر تامچىدىن يىغىلغان ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ بىكارغا كەلگەن بايلىق خۇددى تۇمان ئىچىدە تېپىۋېلىنغان سومكىغا ئوخشايدۇ. بەلكىم سىز تۇمان تارقالغاندىن كېيىن سومكا ئىگىسىنىڭ سىزگە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن.

▲ ھارام پۇل ئاسان چىقىدۇ، ھالال پۇل تەستە.

▲ بىر ئۆلۈش گەپنى ئاز قىل، ئىككى ئۆلۈش ئىشنى كۆپ قىل، شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنى مۇۋەپپەقىيەت يولىدا كۆرىسەن.

▲ مۇھەببەتنى يۈز پىرسەنت چۈشىنىدىغانلار — جۆرىسىزلەر،
ئەللىك پىرسەنت چۈشىنىدىغانلار — تۇرمۇش قۇرغانلار.
پەقەت چۈشەنمەيدىغانلار — مۇھەببەت مەستانىلىرى.

— راھىلە تۇرغۇن(پىنھان گىياھ)

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى 1-يىللىق 10-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ سائەت ۋاقىتنى سېكۇنتتىن ئوغرىلاۋاتقان بولسىمۇ، ئادەملەر بۇ ئوغرىغا پەرۋاسىز قاراۋېرىدۇ.

— ئېزىز ئىمىن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭگۇتان بازىرى تاقماق كەنتىدە، دېھقان

▲ پىكرىمگە پىكرداش، تەپەككۇرۇمغا ياندىش، ئۈمىدلىرىمگە يۆلەنچۈك، ئۆز قوۋمىگە بىقىياس كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى بىر روھىي ئوزۇق باركى، ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

— نۇرئامىنەم كېرىم

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ۋاز كېچىش — كونا كىيىمنى سېلىۋېتىپ يېڭىدىن كىيىنىش.
▲ پۇل — تاۋار قىممىتىنىڭ قەغەز يۈزىدىكى سۈرىتى.

— ئەيساھاجىم مۇختار

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نازۇك تۇيغۇلار

▲ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى دۇنيا ئۈچۈن بىر مۆجىزە بولغىنى بىلەن، ياشاش جەريانىدا ئۆزىنى بىلەلمىسە، ئۆلمەي تۇرۇپ باشقىلارغا ئىبرەت بوپقالىدۇ.

▲ بۈگۈن — تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان ۋەسىيىتى، ئەتە — ۋەسىيەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش مەيدانى. ئەتە بىلەن بۈگۈن زىددىيەتنى تېرىغۇچى ئاساسلىق جاۋابكارلاردۇر. ئۆتكۈن مانا بۇ زىددىيەتنىڭ قۇربانى.

▲ كۆپ تەكىتلەشنىڭ ئۆزى ئىشەنمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئاياللار ئەرلەرنىڭ يۈكىنى، ئەرلەر ئاياللارنىڭ بۈگۈنى.

▲ چىدىماسلىق كۆپىنچە هالدا قارشى تەرەپكە يېڭىلىپ قالغاندا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئىشىنىشنىڭ ئۆزى باشقىلاردىن كۆڭۈللىرىنىڭ بىردە ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ ھەرىكەت تىلنىڭ، تىل كۆڭۈلنىڭ سۈرىتى.

▲ مېنى چۈشىنىڭ دېگەنلىك، ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭغانلىقتۇر.

▲ ئويغۇشسىزلىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ساۋاق يوقماس ئەقىل، ئۇنتۇلماس تەجرىبە.

▲ ھەربىر يېڭىلىق، دۇنياغا تەرەققىيات ئىشىكىنى ئاچقۇچىدۇر.

▲ ھەربىر سۆز-ھەرىكەتنىڭ ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ باھالىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

▲ ئۆزىنى بىلگەن كىشىلەر ئۈچۈن باشقىلارنىڭ باھا بېرىشىنى كۈتۈش ھاجەت ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۆز قىممىتىنى ئۆزى بىلىپ يېتەلەيدۇ.

▲ ۋاقىت لام-جىم دېمەي ئۆتۈۋەرگىنى بىلەن، ۋاقىت دەپ يۈگۈرگۈچىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

▲ يول — بىز ماڭىدىغان، كېيىنكىلەر باھا بېرىدىغان تەرەققىيات كۆۋرۈكى.

▲ سىنىپتا ۋە جەمئىيەتتە ئۆز ئوبرازىنى ساقلاپ تۇرالىغان ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي ئۇستاز بولۇشقا يارايدۇ.

▲ ھاياتىڭدا، ئارقاڭغا قارىساڭ قېرىغاندەك، لېكىن ئالدىڭغا قارىساڭ تېخى تۇنۇگۈن تۇغۇلغاندەك ھېسسىياتقا كېلىسەن. مانا بۇ، پۇشايمان.

▲ ئادەم يېتىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى تەرەققىياتقا سوئال تېپىشتىن ئىبارەت.

▲ ئىبرەت — ئۆزىمىزنى بىلىشكە ياردەم بېرىدىغان بىردىنبىر دوست.

▲ تەبىئىيلىك تۈزلۈكنىڭ شەكلى، ساختىلىق ئالداشنىڭ.

▲ ماركا — ھەربىر نەرسىنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئېلان.

▲ ئادەمنىڭ ھېس قىلىشى ئۆزىدىن ھالقىپ چىقالمىغاندا ئۈمىد كۆز يۇمۇشقا باشلايدۇ.

ھېسسىيات — ئەقىلنىڭ كېچىسى، غەزەپ — قىلىچى.

▲ بالا — ئاياللارنىڭ ئاياللىق ئەينىكى.

— قۇربانجان توختى ھۆرمىتى

---

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە مۆش يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى — ھايات ھەقىقەتلىرىنى بىلىشنى خالايدىغانلارغا ئەڭ ياخشى دۇربۇن.

▲ ئۆگەنگىنىنى كۆز-كۆز قىلىش، ئۆز-ئۆزىنى ماختاش — بىرى ئەخمەقنىڭ، يەنە بىرى ئاجىزنىڭ ئىشى.

— ئانارگۈل يالقۇن

---

ئاپتور: تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى ھايۋانات ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەھۋانىيلىشىشى — ئەدىبلەر روھىيىتىدىكى پۇچەكلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى.

▲ ھەر قېتىم مۇھەررىرنى كۆرسەم دادامنى ئەسلەيمەن. چۈنكى دادام ھەرىيلى ئۈرۈك پىششىقدا بىر سېۋەت ئۈرۈكنى يۇيۇپ كىرسەم، توڭلىرىنى، بۇزۇلغانلىرىنى، ئاچچىقلىرىنى ئۆزى ئىلغاپ قېلىپ، مەي بولۇپ پىشقانلىرىنى بىزگە خىللاپ بېرەتتى. سېلىشتۇرۇپ كۆرسەم، مۇھەررىرمۇ ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن.

— روزى سوپى ئۈچتېكىن

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە ئارال يېزا «ئۈمىد»مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى

## ئېجەش خىياللار

▲ ژۇرنالنى سېتىپ بېرىش بەدىلىگە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشنى ئويلىغان ئاپتورلارنى كۆرسەم، ئۇلاغ بازىرىدىكى سۆيۈنچە تەمە قىلىدىغان بېدىك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

▲ كىنو تازا قىزىق يەرگە كەلگەندە ئارىلاپ تۇرۇپ تېلېۋىزوردا بېرىلگەن ئېلان ۋاقتى-ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىدۇر!

▲ ئوتتۇز يولۇچى بىر ئاپتوبۇسقا پاتىدۇيۇ، ئىككى باشلىقنىڭ بىر پىكاپقا پاتمايدىغىنى قىزىق!

— ئابدۇۋەلى ئابدۇرەھمان ھەققانىي

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئادەمنىڭ جىسمىنى بويسۇندۇرۇش زوراۋانلىق، روھىنى بويسۇندۇرۇش دانالىق.

▲ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ قارىغۇلارچە يەكۈن چىقارساڭ ئىجرا قىلغۇچىسەن، توغرا-خاتاسىنى پەرق ئېتىپ بىر تەرەپ قىلساڭ خىزمەت قىلغۇچىسەن.

▲ ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى چاۋاكتا ئەمەس، بەلكى ئىجادتا ئۆلچىنىدۇ.

▲ بويسۇنۇشنى بىلگەن ئادەم، بويسۇندۇرۇشنىمۇ بىلىۋېلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ئادەمىيلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

▲ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ، ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ھەرىكەتكە ئۆتمىسەك، نامىمىزدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

▲ ئەجدادلار ئەۋلادلارغا قانداق ياشاش يولى قالدۇرغان بولسا، ئەۋلادلارمۇ شۇ خىل ياشاش ئۇسۇلى بىلەن ياشايدۇ.

▲ ئەڭ چوڭ يوقىتىش — ئەركىنلىك، ئەڭ چوڭ بايلىق —

ساغلاملىق.

▲ ئۆگىنىشلىكەن ئىت ۋەھشىلىكتە ئۆگىنىشلىمىگەن ئىتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىگىسى قانداق بۇيرۇسا شەرتسىز ئورۇندايدىغانلىقى ئۈچۈن...

▲ ھاقارەت ئىچىدىكى بەختىيارلىقتا كۈنگەنلەر ئۆزىنىڭ ئالتۇن قەپەس ئىچىدە تىكەنگە تەلپۈنگەن بۇلبۇلغا سىلىشتۇرۇپ باق...

— توختىنىياز ئالىم

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چۈمپاق بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ سەن بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىپ تۇرلۇك مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرساڭمۇ، يازغانلىرىڭنى خەلق ئېتىراپ قىلمىسا، ئۆزۈڭنى شائىر دەپ ئاتاشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ.

▲ بىر قەلەمكەش ئۈچۈن، ئۆز ئەسەرلىرىدە تەنقىدلەپ يازغان پەسكەشلىكنى ئۆزى قىلىپ سېلىپ، مەسخىرىگە قېلىشتىنمۇ ئارتۇق رەسۋاچىلىق يوق.

— ئەكبەر جاپپار دەردى

---

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

▲ ھەممىنى بويسۇندۇرىدىغان يولۋاس، ئاخىرىدا قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولۇپ تۈگىشىدۇ.

— زاھىرجان ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت 2-ئوتتۇرا مەكتەپ «قوش تىل» 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قۇشلارنىڭ قانىتى ئۇلارنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرسا، ئاۋازى ئۇلارنى قەپەسكە مەھكۇم قىلىدۇ. مانا بۇ، بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئادىل دۇنيا.

▲ تۇغۇپلا قويۇش ھايۋاننىڭ، تەربىيىلەش ئادەمنىڭ ئىشى.

— قۇربانجان ۋارىسى ئۆتكۈر

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ئېرىشەلمىگەن گۈزەللىك ھامان ئىلاھىي ۋە غايىۋى تۇيغۇلار بىلەن قەلبىڭدە نۇرلىنىدۇ.

▲ قىيالار شۇ قەدەر گۈزەل، پۈتنىڭىز تېيىلىپ كەتمىسىلا.

— قۇربان نۇر

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە جام بازار يول ئاسراش پونكىتىنىڭ ئىشچىسى

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى توغرىسىدا دەيدىغانلىرىم

▲ رومان — ۋەقەلەر يىپىلمىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ۋەقەلەر يىغىندىسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسى، بۇ ژۇرنالنىڭ قانچىلىك نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ مەھەللىمىزدىكى ساۋاتسىز بىر دېھقاننىڭ قولۇمدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ كۆركەم مۇقاۋىسىنى كۆرۈپلا ئۇنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر بالىسىغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، «بۇ ژۇرنال سەندە يەنە بارمۇ؟»دەپ يېنىمغا كىرگىنىدىن، بۇ ژۇرنالغا بولغان قايىللىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى — مەۋجۇدلۇق نەزەرىيىسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىدىكى ئوقۇغۇچى دانىشمەنلەرنى كۆرۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پېشكەدەم ئېسىلىپ، «100 مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن»گە جاۋاب تېپىۋاتقان بالىلار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنى كۆرۈپ، بۇ ژۇرنالنىڭ «جاھاننىما ئەينىكى»ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى — ئادەمىيلىك رىسالىسى.

— ئابدۇغېنى مۇقىم

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايايلاق يېزا تىجەن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ ئۈچ خىل ئىللەت ئۈچ خىل خىسلەتنىڭ گۆركارىدۇر: كەيپ-ساپا — ئىمان-ئېتىقادنىڭ، نامراتلىق ۋە ھورۇنلۇق— ئىناۋەتنىڭ، ھاياسىزلىق — ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ.

▲ ئىنساننىڭ جان ئەزالىرى بىرگە ئەڭ پاكىز، بىرگە ئەڭ پاسكىنا بولىدۇ.

— ياسىنجان ئۆمەر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## بەرگى تامچىلىرى

▲ خام خىيال — ۋاقىتنىڭ سىرتمىقى.

▲ بىلگىنكى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىر ئەينەك، كەل، ئۇنىڭدىن ئەكسىڭنى كۆر، خىسلىتىڭنى پارلات، ئىللىتىڭنى ئۈزات، ئۆزۈڭنى تونۇ، تارىخىڭنى بىل، بۈگۈنۈڭنى يارات.

لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەپتىڭ بەتبەشىرە بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە.

▲ بايلىق مىسالى مايدۇر. مايسىز تاماق ئېتىلمىگەندەك، بايلىقسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز سەن. ئەگەر تاماققا ماي بەكلا ئاز قويۇلۇپ قالسا، تاماق تېتىمايدۇ، بەدەن قۇۋۇەتسىزلىنىدۇ. شۇنداقلا ماي بەكلا كۆپ بولۇپ، مۇۋاپىق ئورۇننى تاپالمىسا، شۈبھىسىزكى، بەدەندە قۇۋۇەت ئارتىپ، كېسەل چىرمايدۇ.

— رۇقىيەگۈل جاپپار (بەرگى)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تەكرارلاش سىنىپى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ يىغلىما ئىنسان، بەختسىز كۈنلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇكاپاتى بار.

▲ كۈتۈش بىر بولسا ساداقەتلىكتىن، يەنە بىر بولسا ھاماقەتلىكتىن.

▲ ئاتىلار جەمئىيەتكە، ئانىلار بالىغا مەسئۇل بولسا، كەلگۈسى ئەۋلادلاردىن غەم قىلىش ھاجەتسىز.

▲ تاشلىۋەتكەن بالا بىر بولسا پالۋان، بىر بولسا سەرگەردان بولىدۇ.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ پىركازچىكى

* * *

▲ ھېلىگەر كۆزنىڭ، شېرىن سۆزنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرالىغىنىڭ،

تۇرمۇشتا پىشىپ يېتىلگەنلىكىڭدۇر.

▲ مائارىپقا ساختىلىق ئىشلەتسەڭ ئاخىرى چىنىپ قالىدۇ؛ ھەمراھىڭغا ساختىلىق ئىشلەتسەڭ ئۆزۈڭگە يېنىپ قالىدۇ.

— پاشاگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا 2002 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز دائىم ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئاز كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆپ كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەقىل كۆزىمىز ئېتىلىپ قالغان.

▲ چىرايىڭىزدىكى نۇقسانىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز ئەينەككە، روھىڭىزدىكى نۇقسانىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە قاراڭ.

— خانزۆھرەگۈل ئوسمان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ «ئىرادىلىكلەر» تولۇق 1 - يىللىق 9 - سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ غەم — قەلبىڭدىكى ئەزرائىل، ئوي — ئەقلىڭنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كىتاب — پەلسەپە پەشتىقى.

— ئەھمەتجان دىلمۇرات

---

ئاپتور: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي ئىنستىتۇتى تىببىي ھۆسن تۈزەش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرمۇش ساڭا ئۆگىتىدۇ ھەم سېنى تۈگىتىدۇ.

— شەۋكەت بەگبولدى

---

ئاپتور: تاجىك، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات 2005 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نامراتلىقتا ئوقۇيالماي قالغانلار ئىچىدىن كاتتا كەشپىياتچىلار چىقىۋاتىدۇ، لېكىن خەلقىمىز زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئاسپىرانتلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟

▲ مەن بوۋامنىڭ چۆچەكلىرى ئارقىلىق ئەجدادىمنى تونۇغانىدىم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئۆزۈمنى تونۇدۇم.

— ئادىلجان ھاپىز (پاۋان)

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە ئۇلۇغساي يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى خادىمى

▲ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى — ئۆمۈرنىڭ قىسقىرىشى.

— ئىمىننىياز ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلمىقۇدۇق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ئاتىنىڭ غەزىپى، ئانىنىڭ كۆز يېشى بەڭۋاش بالىغا قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتتۇر.

— نۇرمۇھەممەت مىجىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئانا ھەققىدە تالاي ئۇلۇغ ھېكمەتنى ئوقۇدۇم، ئاڭلىدىم. بىراق ئانىسى ئۈچۈن ئۆز ھالاۋىتىدىن كېچەلىگەنلەرنى ئاز كۆردۈم.

— ئادىل دائىم (ئەلچىن)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى 2005 - يىللىق 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر مېغىزلىرى

▲ ئاقىللار سەۋەنلىكنى ئۆزىدىن كۆرىدۇ، نادانلار شەيتاندىن.

▲ ئاجىزلارنى مەسخىرە قىلىش — ئاجىزلىق، ئاجىزلاردىن پايدىلىنىش — شەخسىيەتچىلىك، ئاجىزلارنى يېتەكلەش — ئاقىلانىلىك.

▲ تەرەققىياتنىڭ ئانىسى — پەرق.

— ئابدۇقەييۇم ئەيسا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلانغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇساڭ، نېمىنى يېتتۈرۈپ، نېمىگە ئېرىشكەنلىكىڭنى بىلەلەيسەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق پىكىرلىشىدىغان سورۇنى.

— نۇرىمانگۈل نۇرغوجا

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات - تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئاخباراتچىلىق 2003 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋنى رەت قىلالمىغانىكەنسەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياشقا مەجبۇر بولىسەن.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايىتى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قاغىلىق چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

▲ تۆھمەت — بىر بولسا ئادەمنى جىمغۇر قىلىۋېتىدۇ، بىر بولسا سۆزمەن.

— بۇۋىخەلچەم مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مورىنىڭ ياسىلىشى ئىسنى سىرتقا چىقىرىش ئىدى، تاماكىنىڭ ياسىلىشى ئىسنى ئىچىگە شوراش بولدى. بۇ قانداق مەنتىقە؟

— ئوسمانجان ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى 2005 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئەمدى قولىڭىزغا ئالغان بولسىڭىز، زاماندىن راستلا كېيىن قاپسىز.

▲ سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولىڭىزغا ئالغان ۋاقىتتا، نېمىشقا بالدۇرراق مۇشتەرى بولمىغان بولغىيتتىم، دېگەن ئويغا كېلەلىگەن بولسىڭىز ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن بولىسىز.

— نۇرنىسا مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز چىن قەلبىمىز بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا ياكى بىز بەختسىز بولىمىز ياكى ئۇ قىز بەختسىز بولىدۇ.

— ئۆمەرجان سالام

---

ئاپتور: شايار ناھىيە «مەشئەل»كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى بىلەنلا خاتالىق سادىر قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ خاتالىق سادىر قىلىشى مۇمكىن.

▲ ئەتىگە ئۈمىد باغلاۋەرگەنسېرى، بۈگۈن شۇنچە ئەھمىيەتسىز ئۆتىدۇ.

— بەھرىنسا ئادىل (دىلەفكار)

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئاۋانگارت» ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىنىڭ خادىمەسى

▲ ئەل ئارزۇسى ئەمىنلىكتە، ئەر جاسارىتى تەمكىنلىكتە.

— ئابلىكىم قارىي

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تىرىشىشمۇ ئۆز ئىشىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئادەم، چېچەكلەپ مېۋە تۇتمىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.

▲ ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغىنىمدا، ئۆز ئەركىنلىكىمگە ئۇلار قولۇپ سېلىپ قويغاندەك ھېس قىلىمەن.

— ئارزۇگۈل ئوبۇل(شادلان)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق -مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى خىمىيە 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قىزلارنىڭ ئىپپىتى ھاياسىزلىق ۋە ناپاكلىققا قارشى قۇلۇپ، ھالال نىكاھ ۋە بەختلىك ئائىلە ئۈچۈن ئاچقۇچ بولۇشى لازىم.

— ھاجىمۇھەممەت ئابدۇرەشىد(تەركىي)

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى 2003-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ غەپلەت ئۇيقۇسىغا بۆلەنگەن نادان ئەلدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ئاز دېگەندىمۇ بىرى جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ: بىرى، دىنىي خۇراپاتلىق؛ ئىككىنچىسى، ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مەي-شاراب؛ ئۈچىنچىسى، ھەم مەجبۇرىيەتكە ئايلانغان، ھەم نەتىجىسى چىقمايدىغان ئەقلىي ياكى جىسمانىي ئەمگەك.

▲ «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ»— بۇ، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ باب كېلىدىغان تەسەللىي سۆزى.

▲ ئۆيىڭىزدە بىرەر پارچىمۇ كىتاب-ژۇرنال ياكى گېزىت يوقمۇ!؟ ئۇنداقتا سىز ھەقىقەتەن نامرات ئىكەنسىز. ئۆيىدە ئەمەس، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئېغىلدا ياشاۋېتىپسىز.

— جېلىل ئاۋۇت

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «خۇدا ساقلايدۇ»دېگەنلىك، سەۋەب قىلمىساڭمۇ ساقلايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

▲ مېن دەيمەن: شەھەردىكىلەر سىلەر بىردىن ئىت باقماي بىردىن خوراز بېقىڭلار.

▲ ئەل-جامائەتتىن ھايا قىلساڭ ئەدەب — ئەخلاق ساھىبى بولىسەن، ئۆزۈڭدىن ھايا قىلساڭ ئۇلۇغلۇق ساھىبى بولىسەن.

▲ ئەركىشىنىڭ ياش چېغىدا بۇزۇلۇشى شوخلۇقىدىن، قېرىغاندا بۇزۇلۇشى پەسلىكىدىن.

— تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ كىتاب — مىننەتسىز ئۇستاز.

— ئوبۇلقاسىم ئەخمەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزىسىدا، دېھقان

▲ ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ۋۇجۇدىدا ئەركەكلىكنىڭ قېنى بارلارنىڭ يۈزىنى قىزارتسا، ئاچ كۆزلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتتى.

▲ تىلنى ئابروي ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنەيلى .

— مەرىيەمگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تەييارلىق بۆلۈم ئىجتىمائىي پەن 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاچچىق — تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈن.

▲ بىرسى سەندىن ئايرىلماقچى بولسا ئۇنىڭغا قىيماسەن. ئۇ يېنىڭدا بار ۋاقىتدا نېمشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايسەن؟

▲ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەمدىن ئىت-مۈشۈكمۇ قاچىدۇ.

— بۈۋىھەجەر ئوسمان

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پاكىز مۇھىتتا ياشىغىنىمىز، پاكىز تاماق يېگىنىمىزگە ئوخشاش.

▲ كۆڭۈلنىڭ دەرۋازىسى يوق.

— نۇربىيەم تۇرسۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سىزنىڭ ھېچقانداق ھوقۇق بەرمىگەن كىشىگە ھەرقانداق بىر مەجبۇرىيەتنى يۈكلەش ھەققىڭىز يوق.

▲ كىشىلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادىللىق ئادا قىلمىغاندا، مەجبۇرلىماقتىن باشقا چارە يوق.

▲ يول ماڭغاندا، ھامان ئالدىدىكى پۇتىڭىزنىڭ تۈز، ئارقىدىكى پۇتىڭىزنىڭ ئېگىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ.

— خاسىيەت ئېلى

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى ئەمەلىي قوللىنىشچان خىمىيە 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئوتلۇق يۈرەكتىكى ھېسلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئەسىر ئەۋەتىۋاتقان دېھقان قەلەمكەشلەرنىڭ كۆپىيىشى، مىللىتىمىز ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم قىزلارنى كۆرۈپ ئۇلاردىن نەپرەتلەنسەم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىۋاتقان قىزلارنى كۆرۈپ ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

▲ ھەمىشە باشقىلارنىڭ «قىلالمايمەن»دېگىنىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى پەرەز قىلىپ بولىمەن.

▲ يانتاق ــ قەيسەرنىڭ كەلگۈسى قانداق.

▲ گۈل ــ قەدىرىمنى بىل.

▲ تۆگە ــ چىدامسىزغا ئۈلگە.

▲ كېچە ــ ئادەم بەدىنىنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتى.

ــ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كۆڭلىدىكى ئادىمىنى چۈشىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىككى خىل: بىرى، تېخىمۇ مەپتۇن بولۇش، يەنە بىرى، بىزار بولۇش.

ــ ھەسەنجان نۇر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى 2006 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تاش گېپلار

▲ سەنئەتكارلار ھۆرمەتكىمۇ، تۆھمەتكىمۇ ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر.

▲ سىياسىيونلار غېم ـ ئەندىشىدە، جەمئىيەتشۇناسلار دەرد ـ ھەسرەتتە، پەيلاسوپلار سىر ـ ھېكمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

▲ غەرەزلىك ماختاش ــ يوشۇرۇن قىلتاق.

▲ ئادەم ئۈچۈن ۋىجدان تۇۋرۇك، ئەقىل كۆۋرۈك.

▲ ئىبرەت ــ ھېسسىياتنىڭ ئۆگەي ئانىسى، ئۇ، سەن ئازغان چاغدىلا تەربىيە قىلىدۇ.

▲ قانۇن ـ تۈزۈم ماھىيەت جەھەتتىن ئاۋام ـ پۇقرانى بويسۇندۇرۇش ۋە قوغداش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ.

▲ تەسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت ــ تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمان.

▲ نادانىنىڭ قۇلىقى سېزگۈر، ئاقىلنىڭ كۆزى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

▲ ھېكمەت تاپاي دېسەڭ تەبىئەت بىلەن سىرداش، ئادەم بولاي دېسەڭ باشقىلار بىلەن ئارىلاش.

▲ ئارتۇق يېگەن تاماق قورساقنى، ئارتۇق دېگەن گەپ كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ.

▲ ئادەملەر، بىرى، يالىڭاچلانغاندا، ئىككىنچىسى، يالغانچىلىقى ئاشكارىلانغاندا، ئۈچىنچىسى، ۋاقىتسىز قېرىغاندا سەتلىشىدۇ.

▲ ئائىلىدە ئەرلەر ھۆرمەت، ئاياللار كۆيۈنۈش تەلەپ قىلىدۇ.

▲ ئەپۇ سوراش ــ كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيىدىغان سوپۇن.

▲ باللار مېڭىسى ئۇچۇق چاغدا، چوڭلار مېڭىسى چارچىغاندا ئويۇن ئويناپ كۆڭۈل ئاچماقچى بولىدۇ.

▲ قايسى جايدا تەبىئەت بۇزۇلسا كېسەللىك، ئەخلاق بۇزۇلسا رەزىللىك يامرايدۇ.

▲ ئۆزىنى چۈشىنىش ئادەمنى كامالەتكە، ئۆزگىنى چۈشىنىش ئادالەتكە يۈزلەندۈرىدۇ.

▲ يول قانچە ئېگىز ـ پەس بولسا، ھوشيارلىق شۇنچە ئاشىدۇ.

▲ ئاچچىق كەلگەندە ئاجىزلار يىغلايدۇ، كۈچلۈكلەر غەزەپلىنىدۇ.

▲ كۈتۈلمىگەن ھادىسە ــ ئىرادىنىڭ سىناق تېشى.

▲ ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەكتەپتە نېمىنى ئۆگىنىشنى بىلمىگەچكە، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرمەكتە.

▲ ئادەم ئۈچۈن پەرزەنتىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ، قېرىندىشىنىڭ ھاقارىتىدىن، دوستىنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىدىن ئارتۇق ئازاب بولمايدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ ئورۇنسىز گۇمانلىرى كۆپەيگەنسېرى ئەرلەر يالغان سۆزلەيدىغان بوپقالىدۇ.

▲ ئادەم جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىلا ئاندىن بەختنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ.

▲ كۆڭۈل تويغان ئىشتىن كۆپىنچە ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ.

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ قانۇننىڭ ھۆرمىتى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى ھەقىقىي قوغدىيالىغاندا ئاندىن تىكلىنىدۇ.

▲ تەبىئەت سىزغان سۈرەتلا ئەڭ چىن سۈرەتتۇر.

▲ مۇھەببەت ــ بىز يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان خۇشاللىق ناخشىسى.

▲ ھەممە ئادەمگە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ سىرى بولمايدۇ.

▲ جەمئىيەت ــ مەكتەپنىڭ ئۆزىنى كۆرىدىغان ئەينىكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئال دېگىنى.

▲ يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات يەر، يەتتە جەننەت، يەتتە دوزاخ ئىنسانلارنى ئىنسانلىق يولىغا باشلايدىغان ئەنئەنىۋى تەشۋىقات؛ يەتتە كۈن ھاياتلىق مەۋقەسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بوۋاقلىق، باللىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق ۋە ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىگە بېرىلگەن پۇرسەت. يەتتە قىتئە ئىنسانلارنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەتتە كەتمەن توپىدىن ئىبارەت.

ــ قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## قەلبىمدە چۇقان

▲ ئەتراپىمىزدىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزى بىر ھەقىقەت. گەپ ئۇنى قانداق تونۇپ يېتىشىمىزدە.

▲ دوستتىن كەلگەن ۋاپاسىزلىقنى ھەرقانداق مۇھەببەت يۇيۇپ چىقىرالمايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى نۇرغۇن ھەقىقەت بىز ئۇچرىغان، ئۇچراۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە ئۇچرايدىغان مەسىلىلەرنىڭ تەتبىقلىنىش مىزانىدۇر.

▲ «ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى ئويلاپتىمەنۇ، كەلگۈسىنى ئويلىماپتىمەن؛ ئوماق، چىرايلىق بولۇشىنى ئويلاپتىمەنۇ، قانداق تەربىيىلەشنى ئويلىماپتىمەن؛ ئۆيدىكى ئورنىنى يۇقىرى بىلىپتىمەنۇ، جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى قەدىر ـ قىممىتىنى ئويلىماپتىمەن». مانا بۇ، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەمەس، تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئويلىنىشى زۆرۈر بولغان مەسىلە.

— مۇھەممەتزۇنۇن ئوسمان

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2005-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن ئەقىل، قوۋۇەت تالقانلىرى ئارقىلىق كىرمەس.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن خاتىرە يېزىپ ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى ئويلىدىم.

— مەمتىمىن كېرىم

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئويتاغ بازىرىدا

▲ كۆندەشلىك — ئەر-ئاياللارنىڭ تۇرمۇش يولىدىكى كاتاڭ.

— قۇددۇسجان ساۋۇت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئويتاغ بازىرىدا

## تەپەككۇرىمدىكى ئاچچىق ھېسلار

▲ خاسلىق قىزىقتۇرار، ئوخشاشلىق ئېزىقتۇرار.

▲ رادىئودا «قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەت» پروگراممىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، بىزنىڭ «غەربىي دىيار كېسەل كۆرپىلىرى»گە ئايلىنىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئاز ئىشلىتىپ، زىيانسىز «يېشىل-ساپ مەھسۇلات» بەرپا قىلدۇق؛ ئەجەبا، تېتىقسىز ئېلانلارنى ئازايتىپ «يېشىل-ساپ رادىئو-تېلېۋىزىيە» بەرپا قىلساق بولماسمۇ؟...

▲ ئەي ئاتا-ئانا، ئەگەر سىز قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى، ئوغۇللىرىمىزنىڭ يىگىتلىك جاسارىتى ئىنتېرنېت زەھىرىدە زەئىپلەشمىسۇن دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا تاۋلاپ تۇرۇڭ.

— رەيھانگۈل سۇلايمان

ئاپتور: شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى-ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە قاراپ بىلىدۇ.

— مۇھەممەت

ئاپتور: بورتالا شەھىرىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللار روھىي زەربىگە ئۇچرىغاندا ئاسانلا ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ نىشانى قانچە ئۇلۇغۋار بولىدىكەن،تۆلەيدىغان بەدىلىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

▲ ئەمەلىيەتچانلىقى يوق ئەسەر تۇزسىز تائامغا ئوخشايدۇ.

▲ ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى ئۆلۈم چىققان ئۆيدىن كۆر.

— مارىگۈل تۇرداخۇن

ئاپتور: كۇنەس ناھىيە تالدى بازار دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىدا

## تەپەككۇرىمدىكى يېڭى مېۋىلەر

▲ رىقابەت ئېڭى، بىر بولسا، رەقىب تەرەپتىن كېلىۋاتقان زەربە يېگەندە، يەنە بىر بولسا، ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇغاندا شەكىللىنىدۇ.

▲ نادانلارنىڭ ھەيۋىسى — قورۇق بەتلىگەن ئوقسىز مىلتىق.

▲ ساڭا ئەڭ دىققەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان ئادەم، بىر بولسا، سېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، بىر بولسا، ساڭا ئەڭ ئۆچ ئادەم.

▲ شەپقەت چەك ئېچىدە بولىدۇ، چەكتىن ئاشسا سەددىقەدىن پەرقى قالمايدۇ.

— ئوسمانجان ئوبۇل

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق 2005-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا تەپەككۇر

▲ باھانە-سەۋەب ھەردائىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىدۇ.

▲ سەن قانچىكى ئالدىراش بولساڭ، قىلىدىغان ئىشىڭ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ قىيىنچىلىق تەمەخورلۇقتىن تۇغۇلىدۇ.

▲ روھ ۋە ئىدىيە — بىرلىكنىڭ ئانىسى.

▲ ئائىلىنىڭ تەربىيىسى — قىزنىڭ مۇداپىئەسى.

▲ مەغلۇبىيەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك.

▲ ئاچ كۆزلۈك — ئىنسان روھىيىتىدىكى ئاستا خاراكتېرلىك ئۆسمە.

▲ نەپسىنى يىغالىساڭ گۇناھمۇ سەندىن قاچىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا ئېرىشىش ئەڭ قىيىن بولغان ئۇنۋان — «ئادەمىيلىك» ئۇنۋانى.

— ئابدۇرەھمان ئابدۇلئەزىز

ئاپتور: ئوقۇغۇچى، ئەپسۇس، مەزكۇر ئەقلىيلىرىگە ئىسىم-فامىلىسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

※ ※ ※

▲ ئانا بىرىنچى مەرىپەت ئۇستازى، ئوقۇتقۇچى ئىككىنچى مەرىپەت ئۇستازى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بولسا ئۈچىنچى مەرىپەت ئۇستازىدۇر.

▲ ئاتا-ئانام ماڭا نەسىھەت ئارقىلىق ياخشى ئادەم بولۇشنى ئۆگەتسە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ماڭا قانداق ئادەم بولۇشنى ۋە قايسى يولدا مېڭىشنى ئۆگەتتى.

— ياسىنجان ئەيسا

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى باشلانغۇچ مائارىپ (ئىجتىمائىي پەن) 2006-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا مەڭگۈ ياش تۇرىدىغان نەرسە ھەقىقەتتۇر.

— ئالىمجان نەسرىددىن ئۆزقۇت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمى

▲ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ــ خاتالىقىمىزنىڭ قىممىتى بولماسلىقى.

ــ مۇھەممەتجان كېرىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىقىلدىن چەشمىلەر

▲ كىتاب ـ مەنىۋى ئۇستاز، مەكتەپ ـ كىتابىي ئۇستاز، جەمئىيەت ـ ئەمەلىي ئۇستاز.

▲ھاراق سۈيۈق بومبا، بوتۇلكا ئېچىلىدۇ، مەستلەر بىر ـ بىرلەپ يىقىلىدۇ.

▲ كىچىككىنە ئاچقۇچ چوڭ خەزىنىلەر ئىشىكىنى ئاچقاندەك، قىسقىغىنە ئەقلىيە سۆز قەلب خەزىنەڭنى ئاچالايدۇ. بۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدىسەڭ«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بول.

▲ كۆزكۆرگىنىنى ئۇنتۇيدۇ، يۈرەك كۆيگىنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

▲ كۆڭلىرىڭنىڭ مەنىلىك ياكى مەنىسىز ئۆتكىنىنى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ چىھرىدىن كۆرۈۋال.

▲ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىككى مەنىسى بار: قۇرۇلۇش دەۋرىدە تەر ئاققۇزۇش، ئۇرۇش دەۋرىدە قان ئاققۇزۇش.

▲ كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېگۈچە، «مەن نېمە ئىش قىلدىم؟»دېگەن سوئالنى ئۆزىدىن ئۈچ قېتىم سورىغان ئادەم، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرغان ئاقىل ئادەمدۇر.

▲قانۇن پەللىلىك تارازىدەك ئادىل بولسا،پۇقرا تارغاق چىشىدەك تەڭ ـ تەكشى بولىدۇ.

▲ سېمونت قوم ـ شېغىلنى بىرلەشتۈرىدۇ، نىيەت قوۋمنى.

▲ ئەل ـ جامائەت سورۇنلىرىدا كۆزۈڭ ئۆتكۈر، قۇلىقىڭ سەزگۈر، تىلىڭ ئېغىر بولسۇن.

▲ ئادەمنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان مەھكۇملۇق ــ ئىدىيىدىكى قاتماللىق، پىكىردىكى قاشاڭلىق، ئىرادىدىكى بوشاڭلىق.

▲ سانائەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، بۇلغانمىلارنىڭ مەنبەسى.

▲ تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ــ ھالاكەت، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ــ جىنايەت.

▲ راھەت ـ ئىشرەتكە بېرىلىش ــ كېسەل، ھاراق، چېكىملىككە بېرىلىش ــ ئەجەل.

▲ مەن 65 باھار ـ قىشنى ئۆتكۈزدۈم. كىتاب ئوقۇش، بىلىم توپلاش ــ مېنىڭ كۈندىلىك ئادىتىم. كىتاب ئوقۇغانچە بىلگەنلىرىمنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ چاڭقاپ تۇرغىنىمدا، پاساھەتلىك، سەترلىرى قىسقا، مەنالار يىلتىزى بەك چوڭقۇر، پاك ۋە سۈزۈك بىلىم بۇلىقى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ، چاڭقاق دىلىم ئېرىپان كەۋسىرىگە قاندى، ئاجىز تېنىم سىرلىق ئەڭگۈشتەرنى تاپتى.

▲ بېغىغا قاراپ باغۋەنگە، مېلىغا قاراپ چوپانغا، يېرىگە قاراپ دېھقانغا، بالىغا قاراپ ئاتا ـ ئانىغا باھا بەرگۈلۈك.

▲ قانۇن سوتى مەزگىللىك، ۋىجدان سوتى مەڭگۈلۈك.

▲ «تەرەققىيات پويىزى»نىڭ تۆمۈر يولى دېھقانچىلىق، چاقى سانائەت، ماتورى پەن ـ تېخنىكا،رولى مائارىپ، شوپۇرى ئوقۇتقۇچىلار، ئېنېرگىيسى ئىقتىساد.

▲ مۇش تۆگكەتدىن باتۇر چىقىدۇ، باش ئەگكەندىن ئاسىي.

▲ قەيسەرلىكنى قارىغايدىن، چىداملىقنى قارىياغاچتىن،تىك ئۆسۈشنى چىناردىن، چېچەكلەشنى ئۆرۈكتىن، مېۋىلەشنى ئۈزۈمدىن نۇسخا ئالساڭ كۈندەك پارلاپ، يۇلتۇزدەك چاقنايسەن.

▲ بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى قۇياشقا، تەنھەرىكەت، سەنئەت ماھىرلىرى چولپانغا، قەھرىمان ـ باتۇرلىرى خادا تاشقا، مۇئەللىم ـ ئۇستازلىرى بۇلاققا ئوخشايدۇ.

▲ چىن مۇھەببەت كۆزدە، ساختا مۇھەببەت سۆزدە ئەكس ئېتىدۇ.

▲ مائارىپ ــ دەريا، پەن ـ تېخنىكا ــ كېمە، سىياسەت ــ يەلكەن، تەرەققىيات ــ شامال.

▲ تاللاش ــ زېھنى ئۇچۇق، ئاساسى تولۇق، مۇلاھىزىسى چوڭقۇر كىشىگە تەئەللۇق.

▲ قانۇنلارنى ھەممە پۇقرا ئۆز بالىسىدەك چۈشەنسۇن، ئۆز پۇت ـ قولىدەك بىمالال ئىشلىتەلىسۇن.

▲ مەدھىيە، مۇكاپات، تەنقىد ياكى جازا ــ سىز بېرىدىغان مۇشكۈل ئىمتىھان.

▲ تەبىئەتنى تەتقىق قىلغانلار ئالىم، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغانلار داھىي، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى، ئادەمنى تەتقىق قىلغانلار شائىر ـ يازغۇچى بولىدۇ.

▲ ئوردا شائىرىنىڭ قەلىمى چوتكا، خەلق شائىرىنىڭ قەلىمى نەيزە.

▲ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئۆتكۈر ھەقىقىي شېئىر ــ خەلقنىڭ بېيىت ـ قوشاقلىرىدۇر.

▲ چەكسىزلىك پەقەت ئىلىم ـ پەنگىلا خاس.

▲ موھتاج بولماي دېسەڭ، ئېھتىياجدىن ئارتۇق پۇل تاپ.

▲ ئادەمنى قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىر خىجىلچىلىققا قويىدىغان ئۈچ خىل ئادەم بار: 1. تۈگىمەس ئۆلۈم، 2. تۈگىمەس كەلگەن مېھمان، 3. كەپسىز بالا.

▲ ئالتۇننىڭ قىممىتى ھەرگىز دات باسماسلىقىدا، ۋاقىتنىڭ قىممىتى ھەرگىز ئارقىغا قايتماسلىقىدا.

▲ مېڭە، كۆز ئۆتكۈر، يۈرەك، قۇلاق سەزگۈر، پۇت ـ قول چاققان بولسا، يولۇڭ كەڭ، ئىشىڭ ئوڭ، نېنىڭ چوڭ، ئامىتىڭ دۆڭ بولىدۇ.

▲ كېچە ــ ئەسكىلەرگە پۇرسەت، ئۆگەنگۈچىلەرگە غەنىيمەت.

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ پۇرسەتنى تۇتالساڭ ئالقىنىڭدا، تۇتالمىساڭ ئاسماندا.

▲ باشقىلارنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرساڭ ھۆرمەت، خەۋپتىن قۇتۇلدۇرساڭ شۆھرەت تاپىسەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مىللىتىمىزنىڭ تەربىيىچى ئۇستازى، «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى پەلسەپە سىنىپى، ھەقىقەت، ھېكمەتلەر خەزىنىسى بوپقالدى.

▲ تەرەققىي قىلغان ئەللەردە كىتابخانا، كۆرگەزمىخانا، مۇزېيخانا، قالاق ـ چىرىكلەشكەن ئەللەردە مەيخانا، قىمارخانا، پاھىشىخانا كۆپ بولىدۇ.

▲ قاراقۇش چارپايلارنى شاللايدۇ، جاپالىق ئىش ئادەملەرنى تاللايدۇ.

▲ بۇۋىلارنىڭ ئىبرىتى، ئاتىلارنىڭ نەسىھىتى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى «تەپەككۇر مېۋىلىرى»نىڭ ھېكمىتىنى ئەستىن چىقارما.

▲ ئېغىز ــ بالا ـ قازانىڭ سەۋەبچىسى، كۆز ــ ھەقىقەتنىڭ

گۆۋاھچىسى، پۇت-قول — ھەقىقىي ئىشنىڭ ئىشتىراكچىسى.

▲ ئويلىماي گەپ قىلما، ئويلانماي گەپ تىڭشىما.

▲ تېزلىك مۇسابىقىدە، جەڭدە، ئىش-ئەمگەكتە غەلىبە- ئالامەت ئېپكەلسىمۇ، گەپ قىلغاندا ئاپەت ئېپكېلىدۇ. گەپنى ئالدىرىماي قىلىمىز.

▲ ئاشىقنى كۆزىدىن، دەردمەنىنى يۈزىدىن، مۇساپىرنى سۆزىدىن تونۇغىلى بولىدۇ.

▲ مەدەنىي ئادەم بولۇشنى گىرىمىدىن، كىيىمىدىن، چەت ئەلدىن ئۆگەنگىچە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئۆگەن.

▲ دوستۇڭدىن رەنجىپ قاچساڭ، دۈشمىنىڭ ھەجىيىپ قېشىڭغا كېلىدۇ.

▲ پەزىلىتىڭ ئېسىل بولسا دوستۇڭ، پرىنسىپىڭ چىڭ بولسا دۈشمىنىڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ ئالىملار سەپەر قىلسا جاپا-مۇشەققەت ھەمراھ؛ ئەمەلدار سەپەر قىلسا راھەت-پاراغەت.

▲ ساھىبخانىنىڭ نىيىتىنى بىلمىسەڭ زىياپەتكە، خوتۇنىنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلمىسەڭ مېھماندارچىلىققا بارما.

▲ ئۇرۇش زالىمنى، قەھرىمانىنى، تىنچ - ئاسايىشلىق كەشپىياتچى، ئالىمنى تۇغىدۇ.

▲ ياراتقۇچى ئادەمنىڭ نەپسىنى ئۇتتىن، پەزىلىتىنى نۇردىن ياراتقانىكەن.

▲ بىر ياخشى كىتاب چىقسا، تۈمەنلىگەن ئوقۇرمەن چىقىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك كىتاب-ژۇرناللار كۆپەيسە خەلقىمىز تۈزۈلىدۇ، يۇرتىمىز تۈزۈلىدۇ، ئىشلىرىمىز ئۆڭشىلىدۇ.

▲ مەنسىپىڭ ئۆرلىسە شاھسەن، ئۆيۈڭ گۈلىستان؛ مەنسەپتىن چۈشسەڭ غېرىبسەن، ئۆيۈڭ گۆرىستان.

▲ مەكتەپ كۆرمىگەننىڭ دىلى، بازار كۆرمىگەننىڭ كۆزى كور.

▲ كىتاب كۆرگەن چېچەن، بازار كۆرگەن سۆزمەن، ئەمگەك قىلغان تېمەن.

▲ باللىق — شەبنەم سۈيى، ياشلىق — بۇلاق سۈيى، قېرىلىق — كۆل سۈيى.

▲ ئاي ۋە يۇلتۇز گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى، يۇلتۇزدەك كۆزگە، ئايدەك يۈزگە گىرىم، بوياق نەھاجەت؟

▲ قەسىر-ئۆيلەرنى بېزەشكە نەققاش ئۇستا، قەلب قەسرىڭىزنى بېزەشكە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدەك ئۇستاز كېرەك.

▲ تاغقا چىقساڭ يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋاندىن ھوشيار بول، شەھەرگە كىرسەڭ ساختىپەز-قويمىچى، ئوغرى-بۇلاڭچىدىن.

▲ ئېشەككە ھالۋا تېتىمىغاندەك، نادانغا ھېكمەت تېتىمايدۇ.

▲ دوست-يارانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش تاغ چوققىسىغا چىققاندىنمۇ جاپالىق ئىش؛ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش تامدىن يىقىلغاندەك دەقىقىلىق ئىش.

## ماقال - تەمسىللەر ئىزىدىن...

▲ ئەل-يۇرت ئارىلىغان ئەقىل تاپىدۇ، بازار ئارىلىغان پۇل.

▲نادان خوتۇن قېرىسا تادان بولۇر، نادان ئەر قېرىسا زوراۋان.

▲ قىزنىڭ قورالى كۆز، ئەپەندىنىڭ قورالى سۆز.

▲ سۇنى كۆپ كەچكەن دېھقان، قاننى كۆپ كەچكەن قەھرىمان.

▲ ساغلام بولاي دېسەڭ قارا ئاش يە، سەمرەي دېسەڭ كەچتە گۆش يە.

▲ ياشلىقىڭدا ھەممىگە تار بولساڭ، قېرىغاندا ھەممىگە خار بولىسەن.

▲ پۇل تاپقىچە بىلەك سىرقىرايدۇ، خەجلىگىچە يۈرەك.

▲ ئۆلگەنلەر قۇرۇق كەتتى، ھەممە دەردىسىنى قويۇپ كەتتى.

▲ باينىڭ بالىسى دۆلەتمەن، ئەمەلدارنىڭ بالىسى سۆلەتمەن، نامراتنىڭ بالىسى ھۈنەرۋەن.

▲ سۇدا ئاققانغا سالما تاشلا، ئۇسسىغانغا ئالما.

▲ شاللاق خوتۇن — ئويۇنچۇق، يۇمشاق باش ئەر — قارانچۇق.

* * *

▲ مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى توي قىلماستا، ئاچچىقىنى تويدىن كېيىن تېتىيسەن.

▲ سەنئەت سەھنىسىدە چولپان بولۇپ نۇر چاچقان بەزىلەر ئېلان سەھنىسىدە تاپتەك بېسىقا باشلىدى.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى مۇئەللىمى(M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ ماشىنىست ۋە بەتچى: رىسالەت مۇھەممەت.

ژۇرنىلىمىز «ئۇيغۇرسوفت» كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىپ — 5.0» سىستېمىسىدا تىزىپ، بەت ياسالدى



# ئوغلۇمنىڭ ئۆيى

(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

## 1

چىۋىق بىلەن ئۇزۇن تونىغا يېپىشقان چاڭ - توزانلارنى قېقىشتۇرغىنىچە پاكار، ۋادەكلىك كىچىك دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن بوۋاي ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىشكىنىچە شەمبىزە كۆڭلىكىگە يۇقۇپ قالغان پاختا توزۇندىلىرىنى ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ھىمىرىپ تازىلاپ، ئورۇق، يېرىلغان ئالىقانلىرىغا تۇرۇلگەن پاختا يىپچىلارنى قېقىشتۇرۇۋاتقان مومايىنى ئالدىراتتى:

— بولە خوتۇن، ئۇستام بەك ساقلاپ كەتتى.

— قولۇمنى تىترەتمىسىلە دادىسى، مانا مېڭىۋاتىمەن.

— سەنمۇ قىزىق، خۇددى تويىڭ بولىدىغاندەك قىپكەتتىڭغۇ؟ ئوغلىمىز يامەتجاننىڭ ئۆي مارىكى جۇما بۇ...

— بىلىمەن دادىسى، «ئاناڭنى ئاتاڭغا بىپەداز كۆرسەتمە» دەيدىغان گەپ با. «قاتار سۆگەت» نىڭ ھاشىرىغا ئەمەس، يامەتجان بالامنىڭ شەھەرگە بارىمىز ئەمەسما. شەلىك دېگەن ئۇز خەق، يامەتجان بالامنى كېلىنىمىزنىڭ ئالدىدا سۇندۇرۇپ قويساق بومماس.

مومايى گىدىڭشىپ سۆزلىگىنىچە دوڭغايغان بېلىگە بىر قولىنى ئارتىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئاندىن كونىرىغىنىدىن كىرلىشىپ قارامتۇل بولۇپ پارقىرىغان ئىشىك قانىتىنى ئاۋايلاپ يېپىپ زەنجىرلىدى. يوغان ئۇرۇس قۇلۇپىنى سېلىپ، قۇلۇپنى بىر قانچە قېتىم تارتىپ بېقىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن شوينىغا چېگىلگەن ئاچقۇچلارنى جىلدىرلاتقىنىچە چىمچىلاق بارماقتەك قالغان كومۇشەرەڭ ئۆرۈم چېچىغا چېگىۋېلىپ، چېچىنى دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپ ئاندىن بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئەمدى ماڭايلى، دادىسى.



ئۇلار پايپاسلىشىپ، توپىلىق يولنىڭ بىر چېتىگە توختىتىلغان كىچىك مىنىبۇسنىڭ يېنىغا كېلىشتى. تىت-تىت بولۇۋاتقان شوپۇرغا قاراپ بوۋاي ئەپۇ سورىغاندەك كۈلۈمسىرىدى:

— مۇشۇ خوتۇن خەق بىلەن بىرەرگە باسا ئەدەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ زادى. خاپىمىسىلا جۇما، ئۇكام.

— ھۆيت! ئاياغلىرىدا پايپېتەك بولاپ ئادەم ئىسكەتىگە چىگۆزۈپ قويسام زېرىكىپ كەتتىلىما ئەمدى. ئۇكىشسىلا ئۇۋۇ تۇماقلىرىنى، قاچان قايلىسا جىسكىنى تەتۈر ئۆرۈۋالغان! شەگە بۇنداق باسلا، ئېزىپ قاغان پادىچىكەن دەپقالىدا جۇما.

— گېپىڭمۇ تولا خوتۇن-دە، سەن.

ئۇلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بىر-بىرىگە يۆلىشىپ، ئۇسسۇشۇپ-غۇدۇرىشىپ ماشىنىغا چىقىشتى. تار مىنىبۇس ئىچىدە دوڭغىيىشىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتى.

— بىرنەرسە ئۇنتۇلۇپ قالمىغاندۇ ھە، دادىسى؟

— ئۇنتۇلمىغاندۇ.

— يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەدىمۇ، ئۇستام؟

— خاتىرجەم بولۇشسىلا، ھەممىسى مۇشۇ يەدە.

— ھېلىقى نەرسىنى ئالدىلىمۇ دادىسى؟

— ھەئە.

ئۇلار تارشىدەك قوللىرى بىلەن بۇلۇتتەك يۇمشاق تىكىلگەن يوتقانلارنى يەنە بىر قېتىم سىلاشتۇرۇپ كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن يېنىك تىنىشتى.

— ماڭساق بولاما، تاغا؟ — دېدى ئالغاي شوپۇر ئاسمانغا قاراپ .

— ماڭىلى.

شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ بولۇپ ئارقىسىغا قايرىلدى:

— ئىشىكنى يېپىسلا.

شوپۇرنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ خىرامان ئولتۇرغان بوۋايىنى موماي جەينەكلىدى:

— ئۇستام گەپ قىلىۋاتىدا.

— سائا دېدىمكىن؟

— ياق، سىلىگە.

شوپۇر ئالغاي كۆزلىرىنى نەدىرگىدۇر تىككىنىچە قايتا تەكرارلىدى:

— ئىشكنى يېپىۋالسىلا، تاغا.

— ھە، مېنى دەپتۇ، — بوۋاي سىيرىلما ئىشكنى ياپتى.

مىنىبۇس توپا توزۇتقىنىچە قوزغالدى. ئىككى قېرى كاتاڭ يولدا چايقىلىشىپ كەلىمە كەلتۈرۈشتى:

— بىسمىللا، ئاقىۋول بەرگەيسەن ئىگەكىم...

## 2

ناھىيىنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان «تولۇن ئاي» رېستورانىنىڭ ئالدى كىرىپ-چىقىۋاتقان ئادەملەر بىلەن بېسىق ئىدى. جۈپ-جۈپتىن يېتىلىشىپ كىرىپ-چىقىۋاتقان قىز-يىگىتلەرنىڭ چاقچاق-كۈلكىلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. رېستوران ئىچىدە رەت-رەت تىزىلغان يۇمىلاق شىرەلەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ئىككى-ئۈچتىن باش قوشۇشۇپ پاراڭلىشاتتى. بىرلىرى ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان قاپقارىغۇ ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىشىپ سۆزلىسە، بىرلىرى بويۇنلىرىنى چىشى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ ئىڭىشكىنىچە ئاغزىلىرىنى قۇشقاچ كامارلىرىدەك يوغان ئېچىشىپ، باشلىرىنى توختىماي گىلدىڭشىتىپ تىڭشايتتى. ئالكىمىلەر يېنىدىكى قىز-چوكانلارنى موتاپ-چىمدىسا، ئۇلاردىن بىرلىرى ئازلىنىپ ئىڭرايتتى. چىرقىراپ كۈلەتتى. بويلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى بىر خىل كۈتكۈچىلەر بىر-ئىككىدىن كىرىشىۋاتقان مېھمانلارنى بوش ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىشاتتى. بىر كۈتكۈچى قىز بىلىكىگە قويۇلغان تۇنىكە مۇقاۋىلىق دەپتىرىگە مېھمانلارنى تىزىملاپ يۈرەتتى. زال ئىچى غۇژ-غۇژ ھەرە ئۇۋىسىدەك قاينايتتى.

شوپۇر ئەينەكلىك ئىشىكتىن كىرىشنى بىلمەي قىستىلىشىپ تۇرغان بوۋاي-موماينى قولىدىن تارتقىنىچە ئاغرىندى:

— يائاللا، مانداغ تارتىسلا تاغا، تۇرىدىيا قايلاپ!

كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، بەللىرى دوڭغايغان، باشلىرى تىنىمسىز گىلدىڭشىپ تۇرغانغا كۆنگەن بىر جۈپ قېرى لىق تولغان مېھمان، چىراغلىرى كۆز قاماشتۇرغان تورۇس، نەقىشلىك تەكچىلەر بىلەن بېزەلگەن تاملارغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشتى. ئەمدىلا زالغا قەدەم باسقان بوۋاينىڭ ناھاللىق ئۆتۈكى غىر قىلىپ تېيىلىپ كەتتى. شوپۇر چاققانلىق قىلىپ يۆلىۋالمىغان بولسا ئوڭدىسىغا چۈشەتتى. بوۋاينىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان شوپۇر بوۋايغا قاراپ بوش غۇدۇرىدى:

— مەككىم دەسسىسىلە، تاغا.

بوۋاي مەيدىسى غىزىلداپ تىنغىنىچە شوپۇرغا چىڭ ئېسىلىپ، توختىماي گىلدىڭشىۋاتقان بېشىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغان قارا كۆرپە تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيگەنچە سۆزلىدى:

— يائاللا مابالىنى، تاپقان پۇلىغا يەرگە ئەينەك ياتقۇزغانمۇ نېمە؟

— بۇ ئەينەك ئەمەس، چىنە، قىش، تاغا. ئاۋايلىسىلا، ئۆزلىرىنى يامەتجاننىڭ قولىغا ساق تاپشىپ بېرەي.

بوۋاي شوپۇرغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى. يادەك ئېگىلىپ دوڭغايغان موماي بىر قولىنى بېلىگە ئارتىۋالغىنىچە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەيتتى:

— شەھەرنىڭ ئۆيلىرى تار بولىدۇ دەيدىغان. ئوغلىمىزنىڭ ئۆيى خانىقادەك چوڭ ئىكەن-ھە، دادىسى؟

— شۇنى دەيمەن، ئازنا مەچىتنىڭ جامائىتى سىغقۇدەك.

— ئوغلىمىز چىقمايدىغۇ، دادىسى؟

— مېھمانلار بىلەن ئالدىراشتۇ تايىنلىق.

— ئىگەكىم...

زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شوپۇر ئالدىغا ھەجىيىپ كەلگەن بىر تونۇشى بىلەن كۆرۈشكىلى قولىنى تارتىۋىدى، ئاران تۇرغان بوۋاي غىرتتىدە تېيىلىپ كەتتى، ھودۇققۇشتىن، پەرىزاتتەك ياسانغان بىر قىزغا ئېسىلىۋالدى. ھېلىقى قىزمۇ پاشىنىسى ئۇچلۇق توپلىي بىلەن تۇرالماي ئىككىيلەن تەڭلا يۆتىلىشىپ يىقىلدى. ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. كۆرمىگەنلەر نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ھەدەپ قاراشقىلى تۇردى.

— ئوھوش، نەدىن ئېزىپ كېپقالغان ئادەم بۇ؟!...

كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوسال بولغان قىز نومۇس ۋە ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بويىنى شاش ئاتتەك تولغاپ، شىرەلەرگە پىيالە-ئىستاكان، قەغەز-چوكا تىزىش بىلەن بەنت بولغان كۈتكۈچى قىزغا ۋارقىرىدى:

— كۈتكۈچى، بۇ نېمە قالايمىقانچىلىق؟

كۈتكۈچى قىز ئالدىراپ-تېنەپ كەلدى-دە، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان بوۋايغا ئالايدى:

— بىركىمنى ئىزدىشەملا؟

بۇ گەپ بوۋايغا سەل ھاركەلدى. ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئادەمنى مۇنداق سوراق قىلغان قانداق شەھەر جىنى ماۋۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىغىنىچە ، تىنىمسىز گىلدىڭشىۋاتقان بېشىنى قىزغا بۇراپ:

— ھەئە، ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كەگەن! — دېدى تۇمىقىنى ئوڭشىغىنىچە.

شۇ ئەسنادا ئوتقاشتەك قىپقىزىل يوللۇق گالستۇكنى لەپىلدىتىپ كەلگەن سۆلەتلىك يىگىت يىقىلغان قىزنى قولتۇقلاپ، ئۇستۇبېشىنى تۈزەشتۇردى:

— پەرىدە، نېمە بولدىڭىز؟

— قايلىمىغا خەقكە! — دەپ ھاللاندى قىز.

يىگىت ئۆرۈلۈپ قاراپ بوۋاينى كۆردى.

— ھوي، دادا، بۇ سەنمىدىڭ؟

بوۋاي ئوغلىنى تونۇپ خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ قۇچىقىنى كەردى:

— يامەتجانمۇ سەن، بالام!

بوۋاينىڭ ئوغلىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن كەرگەن غولاچلىرى سارىنىڭ قانىتىدەك لەيلەپ قالدى. يىگىت ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ:

— ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ دادا، ئانا، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن.

ئوغلىنى كۆرگەن موماي يەرنى سۆيگىدەك ئىڭىشكەن گەۋدىسىنى رۇسلاشقا تىرىشىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— سادىغاڭكېتەي ئالتۇنۇم بالام! داداڭ ئىككىمىزنىڭ كۆزىدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭغۇ. ئۆيىنى، بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئانا، ئىشلار ئالدىراش شۇ.

موماي دولىسىدىن ئالدىغا ساڭگىلىغان چېچىنى ئاچقۇچلار بىلەن قوشۇپ ئارقىسىغا تاشلىۋالدى. مومىينىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى توختىماي چىملدايتتى. ھاسرايتتى. ئوغلىنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن توختىماي قارايتتى.

يامەتجان ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېلىپ ئىككى قەدەم ئارقىغا داجىدى-دە، مېھمان تىزىملاپ يۈرگەن كۈتكۈچى قىزنى

چاقىردى:

ــ كۈتكۈچى، ماۋۇ ئىككى مېھماننى جوزىغا باشلاڭ.

كۈتكۈچى قىز كېلىپ بوۋاي بىلەن موماينى ئەگەشتۈرۈپ بۇلۇڭدىكى بوش ئورۇنغا ئەكەتتى. يامەتجان پەرىدەنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگىنىچە خۇشامەتلىك تەبەسسۇم قىلدى:

ــ بىر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ، پەرىدە؟

ــ ئاغرىيمۇ كەتمىدى. ئادەم كۆپ يەردە ھەجەپ ئوسال قىلدى ئادەمنى!

ــ خاپىمماڭ پەرىدە، ئايرىمخانىدا بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، يۈرۈڭ.

## 3

بوۋاي بىلەن موماي كەمچەترەك سىرلانغان ئىگىز ئورۇندۇقتا پەقەت ئولتۇرالمىدى. مومايىنىڭ زىرائەت ئۇتىغاندىمۇ يۈكۈنۈپ ئادەتلەنگەن تىزلىرى، دائىملا دوگىيىپ تۇرىدىغان بېلى تېلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. يۇملاق شىرەگە تىزىلغان نازۇ ـ نېمەتلەرگە قاراپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشقان بايقۇشلار لەگۈۈك توغرامچىلىرىنى چوكا بىلەن قىسالماي قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئارىلاپ چاي قۇيۇپ يۈرگەن سىيكىلەك قىز پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆيدە لەگمەن يېسىمۇ قوشۇق سېپىدا يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئىككى قېرى غىققىدە بولۇپ جىم بوپقېلىشتى.

«قانداق بولغىنى؟ ــ دەپ ئويلايتتى بوۋاي ئەلەملىك خورسىنىپ. ــ بالىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئاتا ـ ئانىنى تەپ تارتماي «كىمنى ئىزدەيلا» دېگىنى قايسى يوسۇن؟ ئاۋۇ بالىنى دەيمەن، سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ شەھەرگە بىر كەتكەنچە ئۆي تۇتۇپ، ئۆيلىنىۋېلىپ، يەنە تېخى مۇشۇ كەمگىچە كۆرۈشمىگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قويايمۇ دېمەي، كۆرۈشكەندە ئادەمدىن نومۇس قىلغاندەك بىر قىلىق قىلىدۇ دېسە! پۇلى جىق ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا بوپكېتىدۇ، دەيدۇ. ئوغلىمىزمۇ... ياق، ياق، ئوغلىمىز ئۇنداق ئەمەس...»

بوۋاي بېشىنى گىلدىڭشىتىپ قارىغىنىچە شىرەلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ئوغلىغا زوقلىنىپ زەن سالدى. تىجارەت قىلىمەن دەپ شەھەرگە كەتكىلى نەچچە يىل بولدى. سەمرىپ، ئاقىرىپ، چىرايلىق بوپكېتىپتۇ. بۇرۇتلىرىنىڭ ياراشقىنىنى. بوينىغا تاقىغان گالستۇكىچۇ تېخى، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرگەندە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»دە چىقىدىغان سالاپەتلىك باشلىقلارغا ئوخشاپ قاپتۇ. قامەتلىكلىكى چوڭ بوۋىسىنى تارتقان. بوۋام رەھمەتلىك باقىھاجىم تېگىمۇ مۇشۇنداق كېلىشكەن ئادەم ئىدى. يوللۇق پەرىجىسى، گىلرەڭ ئۆتۈكىنى كىيىپ، سەللىسىنى ئوراپ، قولىلا تۇلپارغا مىنىپ يولدىن ئۆتىدىغان بولسا ھەممە ئادەم قارىشاتتى.

مومايىنىڭ تەخسىدىكى مونەكچىلەردىن يىگۈسى كېلىپ تارتىنغىنىچە بىر تال ئالدى ـ دە، چىشلىرى قالمىغان ئاغزىغا بىرتال سېلىپ چىشلىدى. چىشلىدىيۇ، تاڭلايلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىپ، زىڭىلداپ كەتتى. ئاغزى تۈزلۈق بولۇپ، ئاغرىقى مېڭىسىگە چىقتى. تاشتەك قاتتىق دادۇرنى چىشىسىز ئېغىزىدا ئۆيان ـ بۇيان يۇملىتىشقا باشلىدى. تېخىچە ئاغرىۋاتقان زاڭگىقىنى ئالىقىنى بىلەن بېسىۋالدى.

ئەمدىلا كېلىپ توختىغان يامەتجان بىر بوش ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى:

ــ دادا، ئانا، ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار.

ــ ئېلىۋاتىمىز بالام، ــ بوۋاي ئوغلىغا زوقلىنىپ قارىغىنىچە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ سورىدى، ــ قايداغراق تۇرۇۋاتىسەن بالام، ئىش ـ ئوقىتىڭچۇ؟

ــ ياخشى، دادا، بولىدا.

ــ بىر كەتكەنچە يۇرتقا دەسسىمىدىڭمۇ بالام، بەكلا سېغىندۇق سېنى...

موماي ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. يامەتجان ئەتراپىغا قارىۋېلىپ ئۆزىنى ئاقلىدى:

ــ تىجارەت دېگەن شۇنداق نەرسە، ئانا، بىر كۈن ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدا.

ــ ئەمىسە رىشتىمىز ئۈزۈلۈپ قالسا بولامدا؟

ــ بۇ... ئانا...

يامەتجان خىجالەت بولۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى. بوۋاي موماينى بىلىندۈرمەي جەينەكلىدى.

ــ بالام، كېلىنىمىز قېنى؟

ــ ئۇ بايام يىقىلىپ كەتكەندە پۇتى ئاغرىپ كېتىپتىكەن، ئارام ئېلىۋاتىدا. ـ دېدى يامەتجان ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ.

ــ ھە؟! بوۋاي ھەيران قالدى. ــ ئاشۇ كېلىنىمىزمىدى بالام؟

ــ ھەئە.

ــ ئەستاغپۇرۇللا شەيتان!... پالاكەتلىك قىلىپ كېلىنىمىزنى يىقىتىۋېتىپتىمەن ئەمەسما. سەت بولاپتۇ ـ سەت بولاپتۇ. بىزنى باشلاپ چىققان بولساڭ بالام، ئەپۇ سورىۋاللى. شۇنداقمۇ ئانىسى؟

ــ راست، كېلىنىمنى باشقىدىن كۆرەي.

يامەتجان تۇرۇپ قېلىپ، بىر ئازدىن كېيىن:

ــ مەيلى، يۈرۈڭلار ئەمىسە، ـ دېدى ئاستاغىنە.

ئۇلار ھىم، پارقىراق ئىشىكلىك، بېزەكلىك ئايرىمخانىغا كىرگەندە پەرىدە بىرقانچە دوستى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەنلەرنى كۆرۈپ كۈلكىسى ئۆچتى. بوۋاي بىلەن موماي يەرسۆيۈپ دېگۈدەك كېلىنىگە سالام قىلىشتى:

ــ ئەسسالام قىزىم، تىجلىقما؟

ــ ۋاي خېنىم قىزىم، ئالتۇن قىزىم، ئوبدان تۇدىلىما؟

پەرىدە ئۇلارغا چالا ـ بۇلا باش لىڭشىتىپ تۆرە سالىمى كەلتۈردى. خىجىل بولۇپ تۇرغان بوۋاي پەرىدەدىن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى:

ــ بايام ئۆزلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتىمىز، قىزىم. كۆڭەللىرىگە ئالمىسلا. ئەدەم قېرىغاندا پالاكەت بولاپقالىدىكەن شۇ...

ــ ۋاي خېنىم قىزىم، چىرايلىق قىزىم، مەن يامەتجان بالامنىڭ ئانىسى بولىمەن. قايىلىسلا دادىسى، كېلىنىمىز مەرى ئىسسىق، پاكىز، ئۆز قىز بالىكەن ئەمەسما. كەلسىلە قىزىم، پېشانىلىرىگە سۆيەپ قوياي، ئىگەكىم.

موماي ئورۇق قوللىرى بىلەن پەرىدەنىڭ ئىككى چېكىسىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ پېشانىسىگە چوپپىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ھاسىدەك تۇرغان پەرىدەنىڭ بوينى ئالدىغا سەل ـ پەل ئېگىلگەندەك بولدى. چىرايىنى بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. موماي تېخىچىلا ئەزۋەيلەپ سۆزلەۋاتاتتى:

ــ يامەتجان بالام، بۇدا چوكىنىڭنى ئېلىپ يۇرتقا بېرىپ كەل. يۇرتتا بىر توي بېرىلى. چوقۇم باسلا قىزىم، ئۆز قولام بىلەن كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرىمەن. قېرىغان بىلەن تاماققا ئۇستىمەن قايىلىسلا.

— پات يېقىندا بارالمايمىز، ئانا. ھازىر شىركەت قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. ئىشلار بەك ئالدىراش.

— ھېلىمۇ بامىغلى نەچچە يىل بوپكەتتى، بالام، يۇرت-مەلىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈۋېتىپ ئاندىن كېلىپ قۇراسىدىن ئۇ شىركىتىڭنى. ھە راست دادىسى، ھېلىقىنى ئوغلىمىزغا بەرسىلە ...

— ماقۇل، ئېسىم قۇرسۇن...بوۋاي قوينىنى ئۇزاق ئاختۇرۇپ، قوش مۇشت چوڭلۇقىدا تۈگۈلگەن تۈگۈنچەكنى ئالدى. ئاندىن توختىماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۈگۈنچەكنى يەشتى:

— بالام، سېنى ئۆي تۇتقاندا بىرەمىز، دەپ بىر ئىنەكنى ئاتاپ بېقىپ يۈرەتتۇق. شەھەردە بولمىغۇدەك. شۇڭا قويلارنى قوشۇپ سېتىپ ئۆيەڭنى مارەكلەپ ئەكەلدۇق، ئاز بولسىمۇ ئالتە مىڭ كوي، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى. ئىشلىتەرسەن.

يامەتجان سەل-پەل ھاياجانلانغاندەك بولۇپ رەڭگە قىزىللىق يۈگۈردى:

— بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى، دادا. ئاۋارە بولاپسىلەر. پەرىدە، ماۋۇنى ئېلىڭ.

باياتىن بېرى ناخۇش بوپقالغان پەرىدەنىڭ چىرايى سەل-پەل ئېچىلىپ ئېغىزىنىڭ بۇرجىكىدە تەبەسسۇم قىلدى:

— ۋېيىەي، كايىپسىلەرغۇ، رەھمەت جۇمۇ سىلەرگە.

— ياق، قىزىم، بۇ ئۆز رىسقىڭلار.

ئوغۇل ئايرىمخانا ئىچىدىكى تەكتۈشلەردىن، قىزلاردىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— دادا، تاماققا چىقايلىما؟

— ماقۇل بالام، توختا قولاڭغا ئېسىلىۋالاي ... بۇ ئۆينىڭ ئاستىغا نېمانداق سىيلىق نەرسە ياتقۇزغانسىلەر؟

قىزلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلار چىقىپ كېتىشكە كۈلۈش پاراقلاپ كۈلۈشكە ئۆزگەردى:

— ھەي پەرىدە، قېيناتاڭ نېمانداق مەتۇ؟

— سەھرالىق دېگەن ھەممىسى شۇنداق.

— گەپلىرىنىڭ قوپاللىقچۇ تېخى، «ئېرىك-چوكىنىڭ»دەپ، نېمىدېگەن مەدەنىيەتسىز؟!

— ئۆي مارىكىڭلارغا ئالتە مىڭ كوي ئەكەلگىنىگە قارىغاندا قېيناتاڭ باي ئوخشىمامدۇ، پەرىدە؟

— ۋاي نەدىن بىلەي. ئۇۋۇ، قېرىغان دادام-ئانام بار دەۋاتاتتى. مەنمۇ بۈگۈن كۆرۈشۇم.

— پۇلنى نېمانداق جىم ئالسەن ، پەرىدە؟ مېنىڭ بۇنداق باي قېيناتام بولىدىغان بولسا «دادىكام، ئانىكام» دەپ ئېرىتىۋېتەتتىم!

— ھا-ھا-ھا...

ئايرىمخانىنى قىز-چوكانلارنىڭ كۈلكىسى بىر ئالدى. پەرىدە پۇلنى بىرىيەرلىرىگە سالغاچ، ئاپئاق قول ياغلىق بىلەن قېينانىسى بايام سۆيگەن يەرنى بېسىپ-بېسىپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

## 4

رېستوراننىڭ چوڭ زالى مېھمانغا لىق تولغانىدى. قاتتىق ئورۇندۇقتا ھەدەپ قىمىشىپ ئولتۇرالمايۋاتقان بىر جۈپ قېرى مېھمانلارنى ئارىلاپ يۈرگەن ئوغلىغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ قاراشقىنىچە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈشەتتى. ئوغلىغا ئىچى كۆيگەن بوۋاي گىلدىشىۋاتقان بېشىنى جىم تۇتۇشقا تىرىشىپ خىيال سۈرەتتى. «ئوغلىمىز پۇلمۇ تېپىپتۇ، يۈزمۇ تېپىپتۇ. سالغان ئۆيلىرى ھەم كەڭرى ھەم ياسداق. مېھمانلىرىمۇ ھەم كۆپ ھەم سالاپەتلىك. مېھمانلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتقان قولۇم-قوشنىلىرىمۇ پاكىز، ئۆز باللار ئىكەن. ئوغلىمىز راستىنلا چوڭ بوۋىسىنى تارتىپتۇ. بوۋام رەھمەتلىك ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئابروي-ئىناۋەتلىك،كېلىشكەن كىشى ئىدى. باقىھاجىم تېكىنچى كېلىۋېتىپتۇ دېسە خەقلەر ئۆرە-تۆپە بولۇشاتتى. بوۋام رەھمەتلىكنىڭ قولى تەگكەن ھەرقانداق ئېغىر سۇنۇقمۇ ئەيىب-نۇقسانسىز ھەم پات ساقىياتتى. رەھمەتلىك كۆڭلىمۇ، قولىمۇ ئوچۇق مېھرىبان ئادەم ئىدى. بىر زاغرا ئۈچۈنمۇ سۇنۇق تاڭاتتى. بىر چاڭگال يېمىش جىگدە كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنىمۇ نائۈمىد قويمايتتى. ھېچ نەرسىسى يوق مۇساپىر-غېرىبلارنىمۇ تېڭىپ قويىۋېرەتتى. شۇڭا خەقلەر بۇ قولى يۇمشاق زاتنى كاتتا ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلايتتى. «باقىھاجىمنىڭ خانىقاسى»دېگەن خانىقادا يۇرت-يۇرتتىن كەلگەن سۇنۇق مۇساپىرلار تۇشۇپ كېتەتتى. رەھمەتلىك ئاللانىڭ ئىلتىپاتى يول بەرگەن شىپالىق قولىنىڭ بەرىكىتىدىن بېيىپ ئەل-يۇرتقا خانىقا-مەدرىسەلەرنى سالغۇزغان كىشى ئىدى. ئاتام رەھمەتلىكنىمۇ بالا ۋاقتىدا مەككىگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئىلاھىم، ئاللا ئىگەم ئوغلىمىزغىمۇ چوڭ بوۋىسىغا بەرگەن كەرىمي -ھۆرمەتنى ئاتا قىلغاي...»

قاياقتىندۇر تۇۋلانغان ئالتاغىل ناخشا ئاۋازى بوۋاينىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. بىر مەست يېڭىدىكىلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ جۆر بولۇشى بىلەن كېكىردىكى يىرتىلغاندەك ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

سەنمۇ بارىدىڭ ئايىمگە،
مەنمۇ بارىدىم ئايىمگە.
ئاشنام بىلەن ئوينىسام،
ئەرز قىلامسەن يايىڭگە...

ناخشىغا ئۇلىشىپلا ئۆچكە مەرىگەندەك ۋارقىراشلار، ئىسقىرتىش، قىقاس-سۈرەنلەر قوشۇلۇپ زالنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ كەتكۈدەك لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ ياقتا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمىگەن بوۋاي بىلەن موماي بويۇنلىرىنى سوزۇپ قىزىقسىنىپ قارايتتى. بوشلۇقتا نەپەس قىسقان تاماكا ئىسلىرى لەيلەيتتى. ئاياللارنىڭ ئەتىرلىرى، تاماكا ھىدى، ھاراقنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ مېيىدىسىنى غىژىلدىتىپ قىينايتتى.

كۆن كەچكە قىستىغاندا مېھمانلار بىردىن-ئىككىدىن تارقاپ زال بوشىدى. ئوغلى بىلەن كېلىنى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ خېلى ئۇزاق ھايال بولۇپ كىرگەندە بوۋاي بىلەن موماي بىر بۇلۇڭدا يالغۇز مۈگدىشىپ ئولتۇراتتى. زالنىڭ بۇلۇڭىدا بوۋاي-موماي ئەكەلگەن يوتقان -كۆرپىلەرگە قوشۇلۇپ سوغاتلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كۈتكۈچى قىزلار جوزىلاردىكى ئاشقان تاماقلارنى بىر چېلەككە پولدۈڭشىتىپ تۆكۈپ يۈرەتتى. يامەتجان بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قالايمىقان قاتلانغان كونۋېرت-لىپاپىلارنى رەتلەۋاتقان پەرىدەنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ماۋۇ نەرسىلەرنى يۆتكەشكە ماشىنا ئۇقۇشۇپ چىرەيما؟ — دېدى.

— ھەئە، تېز بولاڭ، — دېدى پەرىدە ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن.

— ھە راست دادامىلارنى ...

پەرىدە يامەتجان تەرەپكە سەل تولغۇشۇپ بۇرۇلۇپ بوش ئاۋازدا سورىدى:

— ئۇلار كېتەمدۇ، تۇرامدۇ؟
— قانداق قىلىدىكىن.
— سوراپ بېقىڭە بېرىپ.
— دادا، بىزنىڭ ئۆيدە بىرەر كۈن تۇرارسەن؟
— رەھمەت بالام، بىزنى يولغا سېپقويساڭلار بولامدىكىن. مەھەللە-كويلاردا يۈرۈپ ئۆگىنىپ قاپتۇق. شەھەرنىڭ ئۆيلىرى توك ياتقۇزغان ئۇسسىلىقتەك غىلتا-غىلتاڭ بولىدىكەن، قېرىغاندا...
— مۇشۇنداقلا كېتەمسىلەر؟ ئۆيلەرنى كۆرەپ...
— ھەي يامەتجان، تېلېفون!
يامەتجان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئەنسىز چاقىرغان پەرىدەنىڭ يېنىغا كەتتى. پەرىدە يەر تېگىدىن ھومىيىپ قويۇپ قولىدىكى يانفوننى تەڭلىدى.
— ھە، ئابدۇسالامما؟ ھە ئاداش، تەييار بولاپقالغانتۇق. پەرىدەمۇ ئەمدى ساڭا تېلېفون قىلايلى دەۋاتقان... ماقۇل، كېلىپ شاققىدە يۆتكىشىپ بېرە ئەمسە. پەرىدە بىلەن يولاڭلارغا قارايمىز جۇما.
يامەتجان يانفوننى ئېتىپ پەرىدەگە ئۇزاتتى. پەرىدە قوپال لېكىن بوش ئاۋازدا سورىدى:
— ئاتا-ئانىڭىز كېتەمدىكەن، تۇرامدىكەن؟
— ئۇلارغۇ كەتسەك بولامدىكىن دەيدۇ...
— ئەمسە يولغا سېپقوياڭ. كەچ بولاپكەتسە بېكەتتە ماشىنا قالمايدا.
— بىراق، ئاران بىر كەلگەندە ئۆيىمىزنى كۆرەپ كەتسە بولاتتى، — يامەتجان پەرىدەنىڭ چىرايىغا قاراپ سەل دۇدۇقلىدى، — مۇشۇنداقلا يولغا سېپقويساق...
— ۋىيەي، كۆرمىگەنگە نېمە بولاتتى، پەشتاقتىن چىقىپ-چۈشەلمەي ئىنجىقلايدا ھېلى!
— بىراق، ئۆيىمىزنى بىلمىسە...
— پۇرسەت تېخى كۆپقۇ؟ ئەتە-ئۆگۈن بالىمىز تۇغۇلسا ئېككىلىۋالامىز.
— شۇنداق قىلامدۇق.
— ھەئە.
— مەيلى ئەمسە، مەن ئۇلارنى يولغا سېپقوياپ چىرەي.
— تېزرەك بولاسىز، ئەزمىڭىزنى ئېزىپ يۈرمەي.
يامەتجان دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇدۇقلاپ سورىدى:
— شۇنداق قىلىپ... تۇرماسىلە دادا؟
— كېتىلى بالام. شەھەرنىڭ ھاۋاسى مەيدەمگە ياقمايدىكەن. مال-ۋارانلار ئاچ قالىدا.
— ئەمسە سىلەرنى يولغا سېپقوياي دادا.
— شۇنداق قىل بالام. توختا، قولاڭنى تۇتۇۋالاي، ئۆتۈكۈمنىڭ ناھلى...
بوۋاي ئوغلىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. ئۈچەيلەن قاتار بولۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. پەرىدەنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە توختاپ، موماي دوڭغايغان بېلىنى رۇسلىغىنىچە كېلىنىگە تەبەسسۇم قىلدى:
— خوش، ئالتۇن قىزىم، ئامان بولسىلا. ئەتە-ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ يۇرتقا بېرىڭلار. يۇرت-مەھەللىمۇ گېپىڭلارنى بەك قىلىدۇ، ئىگەكىم.
— بارىمىز. مېڭىشامىلا؟ ماقۇل ئەمسە، — دېدى پەرىدە بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ.
— خوش قىزىم، خۇدايىمغا ئامانەت!

## 5

مىنبۇسنى توشقۇزالماي ئالدى-كەينىگە ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن شوپۇر يوغان بىرنى ئەسنەپ ئېغىز ئاچتى:
— قارىمىكا، ماشىنا توشمىدى. بۈگۈن مۇشۇ شەھەردە قونىمەن.
— ھە؟ ئۇنداقتا...
— سىلەر چۈشۈپ كېتىڭلار، مەن ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە چىرىپ كېتىمەن.
— بايا چىقىپ بولاپتىمىز ئۇكام. ئۇنداق قىلمىسىلا.
— بىراق ماشىنا توشمىسا ماڭالمايمىز-دە.
— قايىلسىلا ئۇكام، يۈك يېنىك بولسا قىينالماي ماڭالا؟
— يۈك يېنىك بولسا چۆنتەكمۇ يېنىك بولىدۇ، موللىكا.
— ئەمسە قانداق قىلامىز؟
— يا بومىسا، — شوپۇر گەدىنىنى كارت-كارت قاشلىدى، — قالغان بەش ئورۇننىڭ پۇلىنى قوشۇپ تۆلىۋەتسىلە ئاپىرىۋېتەي.
— بۇ...
— مەيلى دېسىلە دادىسى، ئۆيگە يېتىۋالايلى ئىگەكىم.
— بولاپتا، ھەيدىسىلە.
ماشىنا قوزغالدى.
شەھەردىن يىراقلاشقانسېرى بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، مەيدىسىدىكى غىژ-غىژلارمۇ يوقالغاندەك بولدى. كۆڭلى ئايىنغاندەك بولۇپ جىمپلا كەتكەن مومايىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ گەپكە كىرىشىپ قالدى:
— ئوغلىمىز ئۆيىنى ھەجەپ ياساپتۇ ھە، دادىسى؟
— شۇ. تاپقان پۇلى بېقىنىغا گۇس-گۇس ئۇسكەن گەپ ئۇ گۈينىڭ! ھى-ھى-ھى.
— كېلىنىمىزنى دېمەملا دادىسى، ئايپەرىنىڭ ئۆزى خۇددى. ئوغلىمىزنىڭ چوكاندىن تەلىيى بار ئىكەن، كىچىككىدە كۆزىنى قىيا ئوچۇق قويۇپ ئۇخلايتتى زادى.
— كۆزى ئوچۇق ئۇخلىسا نېمە بولىدۇ؟
— پەرىشتىلەرنىڭ نەزىرى چۈشىدۇ. خوتۇنى چىرايلىق بولىدا.
— ئۇنداقتا مەنمۇ كۆزۈم ئوچۇق ئۇخلايمەنكەنتۇق. نېمىشقا؟ ...
— ھە؟ نېمە بولاپتۇ؟! مەنمۇ ياش چېغىمدا كېلىنىمىزدەك ئۆز ئىدىم. ئەمدى دوڭغاق بولاپقالدىم شۇ، ئىگەكىم.
— ھى - ھى- ھى!...
بوۋاي كارنىيى ئىسقىرتقاندەك خىرىلداپ كۈلدى. مومايمۇ ياغلىقىنى ئالدىغا تارتىپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:
— شەھەرنىڭ قىزلىرى ھەجەپ چىرايلىق بولىدىكەن. كېلىنىمىزنىڭ قاملاشقان بويىنى دەيمەن. لەپ- لەپ- لەپ- لەپ ماڭسا ياش ۋاقتىم يادىمغا كېپقالدى، ئىگەكىم.
— شۇڭا مۆرىمەي شۈك بوپقاپسەندە؟
— ياق. كۆڭلۈم ئاينىپ بىر قىسما بولاپقالدىم. بومىسا كېلىنىم بىلەن بىر كېچە بىللە يېتىپ قانغۇچە مۇڭدىشاتتىم. قىز بەرمىگەن خۇدايىم قىزىمدەك مەرى ئىسسىق كېلىنىنى بېرىپتۇ. چېچىنى ياش ۋاقتىمدىكىدەك قىرىق تال ئۆرۈپ قويسام ھاردۇقۇم چىقاتتى! ئىگەكىم.
— ئوغلىمىز بۇدا ئۆيگە بارسا شۇنداق قىپ قوي.
— ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ چېچىنى مەن ئۆرسەم تېخىمۇ

چىرايلىق بوپكېتىدۇ. ئۇ تۇغسا نەۋرەمنى ئۆزۈم باقىمەن! ئىگەكىم.

— ساقلىمنى تارتىپ بوزەك ئېتىدىغان گۆيدىن بىرنى تۇغىدۇ تازا. ھى — ھى — ھى!

— گۆي ئەمەس دادىسى ، خېنىم تۇغىدۇ!

— خۇدايىم بۇيرىسا دە.

— خۇدايىم بۇيرىسا، ئىگەكىم

## 6

سېكىلەك ۋاقتىدىن تارتىپ جاپاكەش، ئىشقا پېششىق ئادەتلەنگەن موماي پەقەت جىم تۇرمايتتى. زىرائەتلەرنى ئوتايتتى، ھەتتا ئېرىق قىرلىرىدىن تارتىپ ئۇستىرا بىلەن قىرغاندەك پاك-پاكىز قىلىۋېتەتتى. مومايىنىڭ بىكار تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشاتتى. دائىم بىكار قالسىلا خەقلەر قالاش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان كۆمۈز شادىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنگەنچە قاچانلاردۇر ئۈنتۈلۈپ قالغان، چالا ھېگىيىپ ئېچىلىپ قالغان غوزەكلەردىكى پاختىلارنى مەتىلداپ ئولتۇرۇپ تېرەتتى. مەھەللىدىكى چوكانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ياكى خۇش ياقماي قېپقالغان غوزەكلەردىكى پاختىلار مومايىنىڭ قولىغا ئوڭايلا چىقاتتى. ھەمساتتا ئېتەك تۇشقان غوزا پاختىسىنى كۆتىرىپ ، ئۆزاق يۈكۈنۈپ ئۇيۇشقان پۇتلىرىنى سۆرەپ دوگىلىغىنىچە ئۆيىگە كىرەتتى. كېچىلىرى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ غوزا پاختىلىرىنى تىتىپ چىگىتتىن ئايرىيتتى. ئاندىن پاختىنى پىلىكلەپ يىك چوكسىغا ئوراپ، بىر ئۈچىنى پىرقىرىغۇچقا چىگىپ چاققان-چاققان پىرقىرىتىپ يىپ ئىگىرەتتى. يىپلارنى توپتەك يۇملاق ئورايتتى. ئەتە-كەچلىرى قوينىغا مونەك يىپلارنى سىلىۋېلىپ دوگىلىغىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قايسىدۇر بىر ھەقەمسايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلەتتى-دە، يۇمشاق پاراڭ بىلەن يىرتىق-تۆشۈك كىگىز-پالاس، شىرداقلارنى ياماشقا باشلايتتى. مەھەللە-كويلۇقلار ئۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. موماي يەرنى سۆيگەندەك دوگىيىپ، بىر قولىنى يىلىگە قويۇپ ئۆزاقتىن-ئۆزاق گەدىگىشىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كىرىپ ئولتۇرسا، يىرتىق-تۆشۈكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئاچقىپ قوياۋلاتتى. دائىملا قارىسا قويىدا قايچا، جۇۋالدۇرۇز، يىپ-يىڭنىلىرى تەييار تۇرىدىغان موماي قاچانلاردۇر بولۇپ ئۆتكەن ياكى ئاڭلىغان ، تولا ئېيتىلىپ تەكرارلىنىپ خەقكىمۇ يادا بوپكەتكەن «ئىمىش»لەرنى يېڭىۋاشتىن باشلىغىنىچە ئىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۆي ئىگىلىرى مومايىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن نەچچە ئاڭلاپ كونا بوپكەتكەن پاراڭلارغا «ھە — ھە» دەپ قۇلاق سېلىپ بەرگەن بولاتتى. مومايمۇ باشقىلارنىڭ ئۆز پاراڭىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىنىغا سۆيۈنۈپ قانچە-قانچە سائەتلەپ دوگىيىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇمدەك پاراڭنى داۋاملاشتۇرغانچە بىرمۇنچە يىرتىق-تۆشۈكنى ياماپ پۈتكۈزۈۋېتەتتى. يىڭنە-قايچا تۇتۇشقا قېرىق چوكانلار ، ھەتتا ئېشكىنىڭ ئۈچۈلۈقلىرى يىرتىلىپ كەتكەنلەرمۇ ئىشلىرى يىغىلىپ قالسىلا مومايىنىڭ يېنىغا چىقاتتى-دە:

— خانئايلا، بىزنىڭ ئۆيلەرگە چىرىپ بىردەم ئولتۇراپ چىقالا، — دەپ قوياتتى. موماي شۇ ھامان لازىمەتلىك نەرسىلىرنى تەقلەپ، شۇيەردە ھازىر بولاتتى.

يىقىندىن بۇيان موماي خەقلەرنىڭ ئۆيىدە بىر ئىش قىلسا كۆپ سۆزلىمەيدىغان بوپقالدى. شۇك ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان، پات-پات كالتە يۆتىلىدىغان، ئېغىر ئۇھ تارتىدىغان، مەيدىسى چىڭقىلىپ ھۆمۈدەيدىغان، بىر ئولتۇرغىنىچە بۇرۇنقىدەك ئۆزاقراق ئىشلىيەلمەيدىغان بوپقالدى.

موماي ئۆز ئەھۋالىنى ياخشى ئەمەس دەپ بىلەتتى. ياش بىريەرگە بارغاندىن كېيىن ئاغرىق-سىلاق قەدەمنى قىسقارتىپ، ئىش-ئوقەت، بەرىكەتنى كېمەيتىپ، رىسقنى ئازلىتىپ ئاندىن ئىگىسى ئالدىغان ئامانەتنى ئالىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇيەر-بۇيېرى ئاغرىسا «ئامانەتنىڭ ئالامىتى» دەيتتى. «ئۇھ!» دېسە كۆچ-ماغدۇرى ئېغىزىدىكى ھور بىلەن چىقىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ئويلىسا، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۆتكەندە ئۆي مارەكتە بىر قېتىملا كۆرگەن كېلىنىنى يەنە بىر كۆرگىسى، كىچىچە مۇكچىيىپ چىققۇسى كېلەتتى. تېزرەك نەۋرە يۈزى كۆرۈشنى تىلەيتتى. ئاشۇ ئۆي مارەكتىن بۇيان ئۆيىگە تېخىچە كېلىپ باقمىغان ئوغلىدىن تۇرۇپ ئاغرىنغۇسى كېلەتتى. تۇرۇپ ئوغلىنى يەنە سېغىناتتى. شەھەرگە بارغان خەقلەردىن گەپ ئەۋەتىپ بىر قېتىم كېلىپ كېتىشنى نەچچە ئۆتۈندى. خەقلەردىن ئاڭلىشىغا قارىغاندا، ئوغلى قاندائتۇر بىر شىركەت دېگەننى قۇرۇپتىمىش. قوشىدا چەت ئەل دېگەن يەرنىڭ ئېسىل پىكاپى بارمىش، دائىم ئالدىراشمىش.

ئىچ مىجەز موماي دائىم چاندۇرماي يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. بارا-بارا خەقلەرنىڭ يىرتىق-تۆشۈكلىرىنىمۇ چىقالمايدىغان بولدى. نەپەسى قىسىلىشىپ، مەيدىسىدە خالاپ-خالاپ پەيدا بولدى. بىر يۆتەل تۇتسا بىر ئاش پىشىم قىيىلىدىغان بولدى. دېمى كېسىلىپ ھاسىرايتتى. كېكىردىكى خىرىلدايتتى. يۈكۈنگەن پېتى دۈم بولۇپ ئۆزۈندىن ئۆزۈن يەر تىكىشايتتى. ھەتتا قازان بېشىغىمۇ ئۆتەلمەي ئىسسىقسىز قالدى. ھەرنېمە بولسا بوۋاينىڭ قولى ئەپلىك ئىدى. قۇم چۆگۈندە چاي قايناتقاچ سېرىق قوناقنىڭ ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ كۆمەچ پىشۇراتتى. سېكىپ پىشقان كۆمەچلەرنى غېدىر تاۋاقتا چىلاپ ئېزىپ ئىچۈرەتتى.

موماي تەرىتىگىمۇ تەستە چىقاتتى. قەدىناس بوۋاي ئۇنىڭ جىلتەكىسىنى پىيىنچاقلىتىپ، ئۆزىنىڭ گىرۋەكلىرى قىرىلىپ كەتكەن قارا كۆرپە تۇمىقىنى كىيدۈرۈپ، تېخىمۇ دوگىيىپ ھالىدىن كەتكەن مومايىنى لەۋەندەك تىترەپ مېڭىپ تەرىتىگە ئاچىقاتتى.

بىر كۈنى موماي قاتتىق يۆتىلىۋېتىپ ، تەكىيە بېشىغا قويۇپ قويۇلغان پۇچۇق ساپال تاۋاققا قان ئارىلاش بەلغەم تۈكۈردى. بۇنىڭدىن بەك ئەنسىرىگەن بوۋاي چاقلىرى قىيىپ، غېجىرلاشلىرى قولاق-مېڭىنى يەيدىغان ئەبجەق ئېشەك ھارۋىسىغا مومايىنى چىقىرىپ يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. قولاق تىڭشىغۇچتىن ئالىيراق سايمىنى بولمىغان قورۇق يۈز، دىقماق بويلۇق دوختۇر مومايىنى بىر ھازا تەكشۈرۈپ، مومايىنىڭ چىرايىغا ئۆزاق قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۆپكىدە دەرد ئېغىر، چوڭراق ئۇستامغا ئاپارسىلا قارىكا، بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ.

بوۋاي ئېغىر غەم-غۇسسە ئىلكىدە قايتىپ چىقتى. پات-پات قەدىنىسىنىڭ ئاقىرىپ — تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن مىسلداپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىنى يانداپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە مۆكچىيىپ كېلەتتى. موماي بولسا كاتاڭ يولدا چاقىلداپ كېتىۋاتقان ئەسكى ھارۋىدا خېمىردەك بوشىشىپ ياتاتتى.

بوۋاي ئېغىلغا كىردى. يىقىندىن بۇيان مېھرىبان ئىگىسىنىڭ قولىدىن چۆپ يىمىگەن ئىككى ئۆچكە تۈكلىرى تەتۈر ئۆرىلىپ،

قوتۇر بىسىپ ۋارقىرىشاتتى. ئوغلىنىڭ ئۆي مارىكى ئۈچۈن سېتىۋېتىلگەن ئىنەكنىڭ ئوقۇرىغا ئۆمۈچۈك تور باغلاپ كەتكەنىدى.

بوۋاي بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئوغلى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەھەردە چوڭ تىجارەت قىلىمەن دەپ ساتار ـ ساتقۇلۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەندىن بۇيان ئۆيدە قولغا چىققۇدەك نەرسىنىڭ تايىنى قالمىغاندەك قىلاتتى. بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى. قازناق ئۆيدىكى بىر ـ ئىككى قاپ بۇغداي، ئاتىسىدىن مىراس قالغان كونا ئات جابدۇقلىرى، بىر كونا ساپاندىن بۆلەك كۆزگە ئۇرۇنغىدەك نەرسە قالمىغانىدى. خېلىغىچە ئويلىنىپ بېشى قاتقان بوۋاي تېرىچىلىك قىلىدىغان ھەلىم بايۋەچچىدىن ئوغلىغا گەپ ئەۋەتتى: ئاناڭنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن، ئۆيگە كېلىپ كەتسۇن، چوڭراق دوختۇرغا ئاپىرىدىغان ئوخشايمىز، پۇل ئالغاچ كەلسۇن دېدى دېسىلە، دېدى. مومايىنىڭ قان تۇكۇرگىنىنى دېمىدى. كېسىلى ئېغىرمۇ ئەمەس، سېنى سېغىنىپ قاپتىكەن دېسىلە، بومىسا ئەنسىرەپ قالىدۇ، دەپ قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئۈمىدىنى ئوغلىغا باغلاپ ئولتۇرغاندا، شەھەردىن قايتقان ھەلىم بايۋەچچى بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى، بىراق كېلىنىگە تاپىلاپ قويۇپ كەلگىنىنى ئېيتىپ كەلدى. ئوغلى قايسىدۇر بىر چوڭ شەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان كارخانىچىلار يىغىنى دەمدۇ، بىر ئىش بىلەن ئالدىراشىمىش. يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن كېلەرمىش.

كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، ئۇرۇقلاپ جەينەكتەك بوپقالغان جۈرىسىگە قاراپ ئىچى سىيرىلغان بوۋاي ئوغلىنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان كۈننى مۆلچەرلەپ، ئۆيدىكى ئۆچكىلەرنى، جاشقانلار يېرىمدىتىپ قويغان ئىككى قاپ بۇغداي ۋە سويۇلماي قۇرۇغان بىر تال ئاچا تۇۋرۈكنى مەھەللىدىكى ئابدۇكېرەم توشقانغا ئەرزانلا ساتتى ـ دە، مومايىنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە جۆنىدى. شەھەرگە بېرىۋالساملا قالغىنىغا ئوغلىمىز ئامال قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى بوۋاي.

## 7

بېكەتكە چۈشۈپلا بېشىنى چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بوپقالغان بوۋاي مومايىنى يۆلىگىنىچە قاياققا مېڭىشىنى بىلمەي تۇرغاندا يەر بىلەن تەڭ ماڭىدىغان بىر قىزىل پىكاپ ئۇلارنى يانداپ توختىدى.

ــ ھاجىم، نەگە بېرىشلا؟

ــ ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە، ـ دېدى بوۋاي كىراكەش يىگىت كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ.

ــ چىقىشسىلا، مەن ئاپىرىپ قوياي.

بوۋاي ھاسراپ ـ ھۆمىدەپ تۇرغان مومايىنى مىڭ تەسلىكتە پىكاپقا يۆلەپ چىقاردى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئۆمىلەپ يۇرۇپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن شوپۇر ئالدىدىكى باھا تاختىسى كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويۇپ:

ــ ھاجىمكا، ئوغاللىرىنىڭ ئۆيى قاياقتا؟ ـ دەپ سورىدى.

بوۋاي ئېسىدە تۇتۇۋالغىنى بويىچە شوپۇرغا بارار يېرىنى سۆرەتلەپ بەردى. پىكاپ سىيلىق قوزغالدى.

شوپۇر بوۋاينىڭ كۆرسەتكەن بەلگىلىرىگە قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بوۋاي بېشىغا چوڭ كېلىپ توختىمايۋاتقان قارا كۆرپە تۇمىقىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، خېلىدىن بېرى ئۈستىرا تەگمەي ئۆسۈپ قالغان ئاقچاچ بېشىنى قاشلىغىنىچە تونۇش ئورۇننى ئىزدەۋاتاتتى.

ــ ئەنە، كەلدۇق، ئۇستام.

شوپۇر يولنىڭ چېتىگە چىقىپ توختىدى. بوۋاي قوينىدىن تۇگۈنچەكنى ئېلىۋېتىپ سورىدى:

ــ نەچچە پۇل بېرىمەن، ئۇستام؟

ــ ئەللىك يۈەن، ــ دېدى شوپۇر بالا مىت قىلماي.

ــ قىزمەتكەنغۇ؟ ــ دېدى بوۋاي سەل تەمتىرەپ.

ــ ماۋۇ باھا تاختىسغا چىققاننى ئالىمىز، ھاجىمكا، ـ دېدى شوپۇر بوۋاينىڭ قولىدىكى تۈگۈنچەككە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

ئۇ بوۋاي سۇنغان ئەللىك يۈەننى موك ئالغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ «رەھمەت ئۇستام» دېيىشلىرىگىمۇ جاۋاب قايتۇرماستىن قوڭغۇزدەك ئەگىپ كېتىپ قالدى.

«تولۇن ئاي»رېستورانىنىڭ ئىشىكىدە كىشىلەر ئاۋۋالقىدەكلا كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى، چاقچاق قىلىشاتتى، كۈلۈشەتتى، موتىشاتتى، دەلدەڭشىيتتى، قۇسۇشاتتى...

بوۋاي تونۇش ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ مومايغا قارىدى:

ــ مانا كەلدۇق ئانىسى، ئوغلىمىز يەنە مېھمان چاقىرغان چېغى.

موماي ئۈندىمەي قانسىز لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ قويدى. گەۋدىسى تېخىمۇ دوڭغىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تولا ئېگىز ـ پەس بولۇپ تارتىشىپ قالغان كىر ياغلىقى ئاستىدىن تارالمىغلى ئۇزاق بولغان كۇمۇشرەڭ چېچى پاخپىيىپ كۆرۈنەتتى. بوۋاينىڭ بىر جۈپ بىلىكى مومايىنىڭ دوڭغايغان بېلىدىن كۆتىرىپ دېگۈدەك يۆلەپ تۇراتتى.

ــ چىرەيلى، ـ دېدى بوۋاي، ــ چىڭ دەسسىگىن، بولمىسا تېيىلىپ كېتىدىكەنمىز.

بوۋاي بۇ قېتىم ناھالىسىز ئۆتۈك كىيىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئاسادىيىي كېلىن بالىنى يەنە يىقىتىپ قويسا سەت ئەمەسمۇ.

ئۇلار لەڭپۇڭدەك تىترەپ، بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ ئەينەك ئىشىكنى ئالدىغا ئىتتىرىشتى. بىراق پۇرشېنلىق ئىشىك قانتىغا كۆچى يەتمەي قىينىلىپ تۇرغاندا بىر قىز كېلىپ ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ بېشىنى چىقاردى:

ــ بىركىمنى ئىزدىشەملا؟

بوۋاي ھاڭ ـ تاڭ بولدى. بۇ قانداق ئىش ئۆزى! ئوغلى يەنە كۆرۈنمەيدۇ. بوۋاي ھار ئالغاندەك خاپا بولدى. نېمىشقا بۇ ئۆيدە ئۇنى دائىم يات خەقلەر سوراق قىلىدۇ؟ بوۋاي تىنىمسىز گىلدىڭشىۋاتقان بېشىنى جىم تۇرغۇزۇشقا تىرىشىپ ئاستاغىنە دېدى:

ــ بىر كىمنى ئىزدىمەيمىز. بىز مۇشۇ ئۆيگە كەگەن. ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىلە بولاپتىكەن.

قىزنىڭ چىرايلىق قاشلىرى ھىمىرىلىپ، قاپىقى تۈرۈلدى:

ــ سىلىنىڭ بۇيەردە ئىشلىرى يوق. باشقا جايغا بېرىشسىلا!

قىز قوپاللىق بىلەن ئىشىكنى ياپتى. بوۋاي چۆچۈپ ئارقىسىغا داجىدى.

«تووۋا خۇدايىم، بۇ ئوغلىمىز قانداق بولاپقالدى؟ مۇشۇنداق بىئەدەب، يوسۇنسىز ئادەملەر بىلەن ئىزدىشىپ، قوشنا بولاپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟» بوۋاي سەل ئويلىنىپ قالدى. «شەھەرلىكلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ئوخشىمايدۇ دەيدۇ. مۇشۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە سوراپ باقاي.»

بوۋاي ئىشىكنى بوش تاقىلداتتى. ھېلىقى قىز خاپا بولغان ھالەتتە يەنە چىقتى.

ــ ئىشىكنى توسۇشمىسىلا ، مېھمان كىرىدۇ!

ــ ماندادغ گەپ ئىدى بالام، بىز مۇشۇ ئۆيدىكى بالىنىڭ

تۇغقىنى، ـ دېدى بوۋاي ئالدىراپ ـ تېنەپ قىزغا چۈشەندۈرۈپ.

— مۇشۇ يەردە توختاپ تۇرۇشسىلا. خوجايىننى چاقىراي، ـ دېدى قىز بوۋاينىڭ چوقىسىدىن تاپىنىغىچە يېنىشلاپ سەپسېلىپ قاراپ.

«خوجايىن دەيدىيا ما قىز. ئوغلىمىزنى شۇنداق ئاتىغىنىمىدۇ؟»

بوۋاي خاپا بولدى. ئىككى ـ تۆت تەڭگە پۇل تېپىپلا خوجايىن بوپكەتتىمۇ بۇ بالا. نېمىدېگەن سەت ئاتاق بۇ؟ بىركىمگە خوجايىنلىق قىلىش ياخشى ئەمەل ئەمەس ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا رەھمەتلىك بوۋىسى باقىھاجىم تېڭىقچىنى خەقلەر «غوجام»دېسە بەكمۇ خاپا بولاتتى. مەن بىر كىمنىڭ غوجىسى ئەمەس! مەن دېگەن باقى تېڭىقچى! بۇدا يەنە غوجام دەپقالساڭلار سۇنۇقۇڭلارنى ئاڭمايمەن. غوجاڭلارنى تېپىپ ئاڭدۇرۇۋېلىڭلار! دەيتتى. قارا ماۋۇ چەۋرىسىنى ، پۇلۇم بار دەپ خوجايىن بوپكېتىپتۇ! بومماپتۇ، رەسمى ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلىپ قويمىسا شەھەردە ئايىنىپ كەتكۈدەك!...

بوۋاي ئۆيگە تەكلىپ قىلىنماي سىرتتا قالدۇرۇپ قويۇلغىنىغا ھار ئېلىپ تۇرغاندا، ئىشىكتىن قورسىقى ئاران پاتقان خام سېمىز ئادەم چاچراپ چىققاندەك قارايدىغان پالكۆزلىرىنى بوۋايغا تىكتى:

— ھە، نېمە دەيلا؟

— بىز... بىز ئوغلىمىزنى ئىزدەپ كەگەن...

— بۇيەردە ئوغاللىرى يوق.

بوۋاي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— قايىلىسىلا ئۇكام، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مېنىڭ...

— بۇ، ئۆي ئەمەس ئاكا، رېستوران! مېڭىشسىلا ـ مېڭىشسىلا!

خام سېمىز ئادەم كىرىپ كەتتى. بوۋاي ھەيرانلىقتىن جەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. نېمە ئالامەت بۇ! قاراپ تۇرۇپ ئىشكتىنمۇ كىرەلمىگىنى نېمىسى؟!...

موماي مۈكچىيىپلا قالدى. ئۇنى يۆلەپ تۇرغان بوۋاينىڭ قوللىرىمۇ تېلىپ كەتتى. بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇرنىدىن، كۆزىدىن سۇ قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

## 8

چىراغلار ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان يوللاردا ماشىنىلار ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ئەينەك ئىشىكنىڭ يېنىدا مومىيىنى يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بوۋاي قايسى ۋاقىت بولغىنىنى بىلىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىۋىدى، يەر ئاق، ئاسمان قارا گۈمبەز بولۇپ كۆرۈنۈپ بىر تال يۇلتۇزنىمۇ پەرق ئېتەلمىدى. بوۋاينىڭ بۈگۈنكى شام، خۇپتەن نامازلىرىمۇ قازا بوپكەتتى. ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمەي ئىچى تىتىلداپ، بېشى جىڭقىلىپ كەتتى. ئوغلىنى چىقىپ قالارمۇ دەپ پات ـ پات بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراۋېرىپ بويىنىمۇ تېلىپ كەتتى. بايىقى خام سېمىزنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. تۇرۇپلا تېرىكسە، تۇرۇپلا غېرىبسىناتتى. پۇلى جىق ئادەم شۇنداق بوپقالامدىغاندۇ دەپ ئويلايتتى ئۇ . ئۇنداقتا ئوغلىمۇ مۇشۇنداق بوپقالغانمىدۇ؟ بوۋاينىڭ ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق بوپقالسا... ياق، بولمايدۇ. چوڭ بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا باقىھاجىم تېڭىقچى كىشىلەرگە بەك سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئالدىغا كەلگەننى باي ـ گاداي دەپ ئايرىغان ئەمەس. كىم كەلسە بېشىنى سىلايتتى، يۇمشاق سۆزلەيتتى، ھالىغا يېتەتتى. كىشىگە ئازار ـ ئاھانەت قىلمايتتى ھەتتا تىكىلىپ تۇرۇپ سۆز قىلمايتتى.

بوۋاينىڭ قورسىقى ئاچقاندەك بولدى. ئۆيدىن چىقاردا پوتىسىغا تۈگۈۋالغان سېرىق قوناقنىڭ كۆمىچىنى چىشسىز ئېغىزىدا ئۇيان يۇملىتىپ، بۇيان يۇملىتىپ يۇمشىتىپ ئاۋارە ئىدى. تامىقى قۇرۇپ، ئاغزىدىكى كۆمەچنى يۇمشاتقىدەك شۆلگىيى قالمىغاندەك قىلاتتى. بىردەم ئوڭ قوۋۇزى، بىردەم سول قوۋۇزى پاقىنىڭ گېلىدەك لىپ ـ لىپ قىلاتتى. يۇمشىمىغان يىرىك كۆمەچنى يۇتالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كۆمەچنىڭ ئۇۋاقلىرى چىشسىز ئاغزىدا جىقلاپ كەتكەندەك بولۇپ ئاغزىنى يىرىك تاتىلايتتى.

دۈم يۈكۈنۈپ بېشىنى بوۋىسىنىڭ تىزىغا قويۇۋالغان مومايىنىڭ مەيدىسى غىژىلداپ، بۇرنى پۈتۈپ كەتتى. مەيدىسىدىكى بەلغەم ئېغىرلىشىپ نەپەسى قىسىلىۋاتاتتى. بوۋاي ئېڭىشىپ تۇرۇپ مومايغا سەپ سالدى.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

موماي بېشىنى كۆتۈرمەي «ياق»قا باش چايقىدى. بوۋاي سەل جىددىيلەشتى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن؟

موماي ئۈندىمەكچى بولىۋىدى، مەيدىسىدە بىرنەرسە توسۇلۇپ قالغاندەك بولدى. بەلغەمنى ھەيدەش ئۈچۈن كۈچەپ گېلىنى قىرىۋىدى، «خالاپ»قىلىپ توغرا تۇرغان بەلغەم مومايىنى تىنغىلى قويمىدى. مومايىنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى جىڭقىلىپ كەتتى. تىنالماي يۈزى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. پۈتكۈل ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ ، ھالسىز بارماقلىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى ئىشارەت قىلدى. بوۋاي تېخىمۇ ئېڭىشتى.

— نېمە دەيسەن؟ گەپ قىلە... سۇما؟.. ماقۇل تۇرۇپ تۇرە.

بوۋاي مومايىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ ئاستا ئۆرە بولدى. مومايىنى چىنە خىشلىق پەشتاققا سىڭار جەينەك ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئەينەك ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئەينەك ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، زال ئىچى بوشاپ قالغانىدى. بوۋاي ئاۋايلاپ مېڭىپ ئىشىككە يېقىن پارقىراق مۇنبەر ـ مۇلازىمەت باش پۇكىيىگە يۆلەنگىنىچە دورداي كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ پۇل ساناۋاتقان خام سېمىز ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇشامەت قىلغاندەك زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام، خاپۇمماي دەپ بەرسىلە، يامەتجان بارمىدۇ؟

— مەن يامەتجان دېگەننى بىلمەيمەن، ـ سوغلا جاۋاپ بەردى دورداي كالپۇك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

بوۋاي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە سۆز ئاچتى:

— قايىلىسىلا ئۇكام، بۇ ئەسلى ئوغلۇمنىڭ ئۆيى ئىدى...

— بۇ ئۆي ئەمەس ئاكا، رېستوران! مەن يامەتجان دېگەننى بىلمەيمەن. ماڭا قايىلىسىلا، بۇ ئەسلى ئاكامنىڭ رېستورانى ئىدى، مەن ئۆتكۈزۈۋالغىلى بىر يېرىم ئاي بولدى. ئۇقتىلما. سىلى ئېزىپ قالغان ئوخشايلا.

بوۋاي بۇ قېتىم يەنە گاڭگىرىدى. رەڭگى ئۆڭۈپ خام سېمىز ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. سەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن:

— مەن ئېزىپ قالمىدىم. يازدا ئوغلۇمنىڭ ئۆيى مارىكىگە كەلگەن ئۆي مۇشۇ، ـ دېدى جەزملەشتۈرۈپ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ـ خام سېمىز ئادەم دورداي

كالپۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەندەك قاقاقلاپ كۈلدى، ـ ئەخمەق بوپقاپلا تاغا، ئۆي مارەك ئۆتكەزگەنگىلا بۇ سىلىنىڭ ئوغاللىرىنىڭ ئۆيى بولاپقامايدۇ. ھازىر دېگەن ھەممە ئادەم ئۆي مارىكىنى رېستوراندا مارەكلەيدۇ. بايام كەلگەنلەرمۇ ئۆي مارەككە كەلگەنلەر. ئۆيىنى ئاۋۇ ياققا سېلىپ، مارىكىنى ماۋۇياقتا ئۆتكۈزۈشۈپ كېتىدۇ شۇ. قايداغ؟

ــ ھە... مۇنداق دېسىلە...

بوۋاينىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇ يەنە يېلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ ئۇكام، خاپىمماي دەپ بەرسىلە، مۇشۇ شەھەردە شىركەت ئاچقان يامەتجاننى تونالمۇ؟

ساناۋاتقان پۇلىدىن ئېزىپ كەتكەن خام سېمىز بوۋايغا ئالايدى:

ــ ئوغاللىرى نېمە شىركەت ئاچاتتى؟

ــ شۇ... بوۋاي مەڭدىگەندەك تۇرۇپ قالدى. راس، نېمە شىركەت بولغىيدى؟ بۇ خەقنىڭ گېپىنىڭمۇ پۈتىقى تولىكەن!

ــ ھېچ بىلەممىدىم قايلىسىلا، ـ دېدى بوۋاي خىجىل بولۇپ، ــ شىركەت قۇردۇم دېگەن.

خام سېمىز ئادەم دورداي كالپۇكلىرىنى يوغان كېرىپ ئەسنىۋېلىپ بوۋايغا قارىدى:

ــ بۇ شەھەردە نېمە تولا، شىركەت تولا. «ئارمان» شىركىتى، «كارۋان» شىركىتى، «پالۋان» شىركىتى، «دەۋران» شىركىتى، «سايمان» شىركىتى، «دەرمان» شىركىتى، «سايرام» شىركىتى، «قاينام» شىركىتى، «بايرام» شىركىتى، «ھايۋان» شىركىتى، «پەيمان»شىركىتى... ئوغۇللىرى قايسىسىدا؟

بوۋاينىڭ بېشى ئايلىنىپلا كەتتى. ئاتلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەركەنغۇ بۇ! ئوغلى قايسىسىدا بولغىيتتى؟ ئەستاغپۇرۇللا...

بوۋاينىڭ جان ـ ئىمانى چىقىپ كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى. قۇمدەك تولا «پالان ـ پوكۇن» نىڭ ئىچىدىن ئوغلىنى قانداقمۇ تاپار؟ بىچارە مومىينىڭ ھالىغا ئىچى سىيرىلدىمىكىن، تىت ـ تىت بولۇپ كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتى. غېرىبلىق، يالغۇزلۇق، مۇساپىرچىلىق بېسىپ، لەۋلىرىنى كىچىك بالىدەك ئۈمچەيتىپ خىتىلداپ يىغلىۋەتتى. يىرىلغان قۇرغاق يۈزىنى بويلاپ ئاققان ياشلىرى ياسالمىغان رەتسىز ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن يەڭلىرى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى.

ــ ئۇكام...

ــ ھە ـ ھە! نېمانداق تولا ئازدۇرىلا ئادەمنى؟

ــ خاپىمماي بىر چىنە چاي بەرسىلە بولاپتىكەن، تالادا مومىيىم قالغانتى. مىجەزى يوقتى قايلىسىلا، قاتتىق ناننى يېيەلمىدى، ـ دېدى خام سېمىزنىڭ چالۋاقىشىدىن ھودۇقۇپ ئارقىغا داجىغان بوۋاي.

خام سېمىز ئادەم بوۋايغا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ قويۇپ، شىرەمۇ ـ شىرە ئارىلاپ، چالا يېيىلگەن تاماقلارنى يوغان چېلەككە پالاقشىتىپ تۆكۈپ يۈرگەن قىزنى بۇيرىدى:

ــ چىمەن، ما ئەدەمگە بىر چىنە چاي بېرىڭا.

ــ ماقۇل.

بوۋاي قىزنىڭ قولىدىن چاينى رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن ئېلىۋاتقاندا خام سېمىز ئادەم چاقىردى:

ــ ئاكا ھوي، ياجىڭ قويۇپ ماڭسىلا!

ــ يا... ياجۇڭ؟ نېمە ئۇ ئۇكام ؟

ــ زاكالەت پۇلى. ھېلى چىنىنى ئەچىگەندە قايتۇرىمىز.

ــ بىرەي ئۇكام، بىرەي، نەچچە پۇل؟

ــ يىگىرمە كوي.

بوۋاي يېنىدىن يىگىرمە يۈەن ئېلىپ تەڭلىدى. خام سېمىز پۇلنى ئېلىپ تاراقلىتىپ سىلكىپ بېقىپ غەللىگە سالغاچ قوشۇپ قويدى:

ــ چىكىتتۇەرسىلە. چىنە چېقىلسا ياجۇڭ قايتۇرۇلمايدۇ جۇما!

بوۋاي غىرت ـ غىرت تېپىلىۋاتقان تاپىنىنى ئاۋايلاپ يۆتكەپ تالاغا چىقتى. موماي بېشىنى پەلەمپەيگە دۈم قويىۋالغانىدى. بوۋاي يېقىن كېلىپ ئاستاغىنە زوڭزايدى:

ــ چاي ئېچىۋالامسەن؟ ئۇتلىۋالامسەن؟

موماي بېشىنى كۆتۈرەلمەكچى بولىۋىدى، كۆچىيەلمىدى. بوۋاي چىنىنى قويۇپ مومايىنى يۆلىدى. خەسىدەك تاتارغان موماي كۆچەپ نەپەس ئالغاندا سۈمۈرگەن ھاۋا كېكىردىكىدە بىرنېمىگە دوقىدە ئۈسكەندەك قىلاتتى. ئاندىن ھىق ـ ھىق قىلىپ، يىڭنە تۆشۈكىدەك بىر يەردىن قىستىلىۋاتقان نەپىسىدىن ئىسقىرتقاندەك، بىراق ھالسىز بىر ئاۋاز كېلەتتى. لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ــ چاي ئىچىۋاله، قىزىق چاي.

موماي تاتارغان لەۋلىرى بىلەن چاينى ئاستا ئۇتلىدى. بوۋاي مېھرى بىلەن مومىينىڭ پېشانىسىنى سىلىدى:

ــ نان چىلاپ بېرەيمۇ؟

موماي بېشىنى چايقاپ، ئۇتلىغان چېيىنى يۇتتى. بىراق ئاران ئۇتلىغان بىر يۇتۇم چاي توغانغا كېلىپ قايغان سۈدەك قېيىپ نېرى ئۆتمەي، موماي قاتتىق قېقىلىشقا باشلىدى...

2007 ـ يىل 11 ـ مارت، كونىشەھەر ـ سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

ئاپتور: قىرغىز، كونىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 ـ 2850601، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# پەرىشتە يامغۇرى

(ھېكايە)

## تۇرسۇن مەھمۇت

شۇ كۈنى كېچىسى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقانىدى. سۈزۈك، يىڭنە ئۇچىدەك يامغۇر تامچىلىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. قەھرىتان قىشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ياغقان بۇ يامغۇر كۆپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرمىدى. ھازىر نۇرغۇن ئىشقا ئەجەبلىنىپ ئولگۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ سۈزۈك، سوغۇق يامغۇر خۇددى جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا چۈنبەدەك تارقىلىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇزاقتىن ئۇزاق ياغقانىدى. پەرىشتىلەرنىڭ يامغۇر سۇلىرى بىلەن يۇيۇلغان مۇزلىغان نۇرلۇق چىرايلىرىنى نۇرغۇن ئادەم كۆرەلمىدى. راست، ئادەملەر نۇرغۇن نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان بوپقالدى. كۆرۈشنى خالاش، كۆرۈشنى ئىزدەشنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم بىر ئىش. كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بوپقېلىشىمۇ ساقايتماق بەسى مۇشكۈل كېسەللىكنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

گۈلدۈرلىگەن، تاراقلىغان، چىرقىرىغان، مەڭگۈ ئاخىرى چىقمايدىغاندەك، ناخشىغىمۇ، ھۆركىرەشكىمۇ، چىرقىراشقىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئوخشىمىسا زادى نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك بىر ھۆركىرەش ئادەمنى ئادەم بولغانغا، قۇلاقنى قۇلاق بولغانغا تويغۇزۇپ شىددەت بىلەن ياڭرايدۇ. دەھشەتلىك ئاۋازلار قىزىل، يېشىل، كۆك نۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ، غۇۋالاشقان نۇر تۇتۇنلىرى ئارىسىدىن سوزۇلۇپ، تولغىنىپ چىقىپ گۈركىرەيدۇ.

بۇ ئاۋازلار شاھ ـ مات تاختىسىدەك ئاق، قارا رەڭلىك چاقماق پولىنىڭ تېگىدىن، رەڭگا رەڭ نۇر چېچىۋاتقان چىراغلار بىلەن بېزەلگەن تورۇستىن، ناۋاترەڭ پەردىلەر بىلەن قورشالغان، شۇ ھالدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن پۇرقىراپ چىقىپ، ھەممە نەرسىنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىپ نەرە تارتىدۇ. ئىنسانغا ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانلىق سۈپەتنىڭ جىمى ماتانىتىنى، قۇدرەت ـ كامالىتىنى بەخشەندە قىلىپ بەرگەن يۈرەكلەردىن ئۇخچۇپ، يەنە شۇ يۈرەكلەرنى مەسخىرە قىلىپ، پارە ـ پارە قىلىپ ياڭرايدۇ. بارلىق نەرسە ئەسلىدىكى قىممىتىنى يوقىتىۋاتقان بۇ دۇنيا ئۇچۇن ئاھ ئۇرۇش بىر قارىسا تولىمۇ ئەھمىيەتسىزدەك تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. شۇنىسى، پەلەمپىيى بولمىغان بىر ئېگىزلىككە يامىشىپ كېتىۋاتىمىز.

زامانى ئەۋۋەلدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ھېكايىلەردە قەھرىمانلار نەرە تارتسا زېمىن تىترەپ كېتەرمىشكەن. ھازىرمۇ زېمىن تىترىمەكتە. ئەمما نەرە ساداسى بىلەن ساراڭلارنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرىنى بىر يەردە قويغىلى بولمايدۇ. بىرىيەردە قويۇشقا كىمنىڭ ھەددى. بۇلبۇل بىر ئۆمۈر چىرايلىق سايراپ كۆڭۈلنى رام قىلغىنى بىلەن قارچىغىدەك چىرقىراپ بېرىپ توشقاننىڭ قېنى قاچمىغان ئىسسىق گۆشىنى يېيەلمەيدۇ.

كۆچلۈك سادادىن قۇلاق قۇلاق بولغانغا تويۇپ كەتكەن.

ئاچ قالغان، ئۇسسۇز قالغان، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىرەپ قالغان ياكى شەھۋىتى قوزغىلىپ كەتكەن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدەك كىشىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدىغان ئاۋازلار گۇركىرەيدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى بىردەملىك ئىش. ئەمما بۇ بالايىبەتتەر ئاۋازلار توگىمەيدىغاندەك ئەمەس. خۇددى بۇ ۋاقىت مۇشۇ يەردە قېتىپ قېلىپ مەڭگۇ داۋاملىشىدىغاندەك.

ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرى ئەتىيازدا زەيلىكنىڭ بىر يېرىگە چۈلغىشىپ قالغان ئۆلۈك سۇدەك جانسىز ھەم سوغۇق پارقىراپ قالغان بىرسى بىر رۇمكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆسۈپ كەتكەن تىرناقلىرى ئارىسىدا قاپقارا كىرلەر كۆزگە تاشلىناتتى. بۇنداق كىرلەر تىرناق ئاستىدىلا بولۇشى ناتايىن. بىرەيلەننىڭ كۆز ئالدىغا خوتۇنلارغا كەيپى ھارامنى تەڭلەپ تۇرغان كىشىنىڭ يۈرىكى كۆرۈنگەندەك بولدى. سورۇندىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

— ئىچە مانى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، — ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئۈمچەيدى.

— ئىچە، ئۆزۈڭنىڭ ئېرى تەڭلىگەن نېمىگىمۇ ياق دەمسەن.

سورۇندا قۇلاقنى گاس قىلىۋەتكۈدەك قىقاس- چۇقان كۆتۈرۈلدى. كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان، ئاغزى ئالۇچىدەك، بۇرۇنلىرى چىمدىپ قويغاندەك چىرايلىق بىرنەچچە پەرىشتىنىڭ گۈلدۈر- غالاپتىن مېڭىسى چايقىلىپ كەتتى. ئالدى بىلەن مېڭىسى، ئاندىن يۈرەكلىرى چايقىلىپ كەتتى. ئادەم دېگەن مېڭىسىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغان مەخلۇق ئىدى. كىچىك باللارنىڭ مېڭىسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىر كىملەرگە دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن مۇنداق ئەھۋالدا يەنە دەپسالدىغان گەپ. باللارنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كەتتى. پەرىشتىلەرنىڭ ئەقلى بار جاي تەۋرىنىپ كەتتى. دەز كەتمىدى دېگىلى بولمايدۇ.

— ئىچە، ئىچمىسەڭ تالاق قىلىۋېتىمەن جۇمۇ سەن گۇينى.

ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئايال كىشىنىڭ كۆز يېشى بۇيەردە بەختتىن ئەمەس، شۇملۇقتىن مونچاقتەك سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ ياشلاردا دۇنيانى قارغاۋاتقان بىر ناتىۋان يۈرەكنىڭ ئاچچىق نىداسى پىلىلداپ تۇراتتى.

يەنە كۈلكە، توختىمايدىغاندەك كۈلكە ياڭرىدى. يۈرەكنى ئېزىۋېتىدىغان، كۆڭۈلنى تۇزۇتۇۋېتىدىغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قىزىق گەپ قىلغان، باشقىلارنى كۈلدۈرگەن ئەركەكنىڭ قانسىز يۈزىدە خۇشاللىقنىڭ، مەغرۇرلۇقنىڭ شادىمان جىلۋىسى پارلىدى. خۇشاللىقنى ئىزدەپ ھارمايمىز. ئادەم دېگەننىڭ ئاخىرىغىچە خۇشاللىق، بەخت ئىزدەش ئارزۇسى بار. ئۇ، مۇنداق ئارزۇدىن مەھرۇم بولغان ياكى بۇنداق ئارزۇنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغان كۈنى تۈگەشكىنى شۇ. لېكىن يەنە شۇ گەپ، ئۇلۇغۋار ئارزۇغا مۇناسىپ بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلغۇچى تۈگىشىپ ۋەيران بولىدۇ. ھېلىقى ئاداشنىڭ كۈلكىسى، خۇشاللىقى تولىمۇ مەغرۇر ئىدى. شۇنچە ئادەمگە قىزىق گەپ قىلىپ كۈلدۈردى. بۇنىڭغا كۈلمەي، خۇش بولماي بولامدۇ. ئادەم دېگەن كۈلكىگە تەشنا بولۇپ ياشايدىغان نەرسە. بۇ خۇددى بەدەندىكى سېسىق تەر ھىدىنى يۇيۇپ چىقىرىشقا ئامال بولمىغاندا خۇشپۇراق بىرنېمىلەرنى چېچىپ، ئۆزىدىكى بەتبۇي ھىدتىن قۇتۇلغاندەك بىر ئىش. جاھاننىڭ نۇرغۇن ئىشى خۇددى مۇشۇنداق بولىدۇ.

دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرى يىغلاشقا باشلىدى. تارام- تارام ياشلار سىيرىلىپ چۈشۈپ ئەينەكلەر دۇغلىشىپ كەتتى. بىر نەچچە ئەينەكنىڭ دەز كەتكەنلىكىنى، يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن چۇل- چۇل بوپكېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى. بۇ بىرنېمىنى ئويلايدىغان، خىيال قىلىدىغان چاغ ئەمەس. بۇيەردىكىلەرگە ئۇنداق زامان قاچان كېلىدۇ، ياكى نەلەردە قالدى، بۇنى ھېچقايسىسى بىلمەيدۇ. بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، سىز بىلمەن دېسىڭىز ئۇنىڭغا مەن ئىشەنمەيمەن.

شىددەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تانسا ئادەملەرنى ئويناماقتا. بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلەشتۈرۈپ، پىرقىرىتىپ، تېپىلدۈرۈپ ئويناماقتا. تۆت ياشلىق، بەش ياشلىق يەنە ئالتە ياشلىق پەرىشتىلەر ئالىيېشىل نۇر، دەھشەتلىك ئاۋازلار ئىچىدە گاراڭ بولۇپ، قورقۇنچتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىشىپ، ئاتا- ئانىلىرىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ھەريان پىلدىرلاپ يۈرۈشىدۇ.

يېقىندىن بۇيان دانىشمەن بولىمەن دەپ بولالمىغان،بولالمىغانىسېرى دانىشمەن بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى بارلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بىر ئادەم ئۇھسىنغان ھالدا:

— بۇ باللار يېتىم بوپقالدى، ـ دېدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقاردىمۇ ياكى كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدىمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

شۇم ئېغىزلىق قىلىش ياخشى ئەمەس. ئەمما تىنىقى توختاپ، بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن بىرسىنى بۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېمەي ئامال يوق.

گۈلدۈر- قاراسلار، شادىمان كۈلكىلەر كىچىككىنە بۇ خاننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە. كۈلكە سادالىرى، جاز دۇمباقنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى كىچىك باللارنىڭ، تۆت ياشلىق، بەش ياشلىق، يەنە ئالتە ياشلىق پەرىشتىلەرنىڭ تېخى پىشمىغان يۇمران يۈرەكلىرىگە، پىكىر، تەپەككۇرىنىڭ سۈزۈك يوللىرى لىغىرلاپ تۇرغان مېڭىلىرىگە يىڭنە بولۇپ، قىزىتىلغان، زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۇششاق، بەكمۇ ئۆتكۈر يىڭنە بولۇپ سانجىلىدۇ. بايىقى ئادەم دەججالنىڭ ئېشىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ زېرىكىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان بىر چوكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئايالنىڭ يېنىدىكى يەتتە ياشلىق ئوغۇل بۇ كىشىگە غەزەپ بىلەن ھومايدى ھەم ئانىسىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى:

— ئانامنى بەرمەيمەن.

— قويۇپ بەر ھارىمى، مەن ئوينايمەن.

يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى شۇنداق دەپ بالىنى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئايالنىڭ بالىسىنى تىللىغىنىنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كاللىسىغا قەدىمكى زامان توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان بىر ھېكايە لىپپىدە پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كەتتى. بالىنىڭ دادىسى ئوغلىغا ھومىيىپ قويۇپ يېنىدىكى بىرسى بىلەن يەنە پاراڭغا چۈشتى. يات بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنىڭ بىلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ مەيداندا چۆرگىلىتىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرگەن بالا تاغدەك دادىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. دادىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈ يىمىرىلمەس ئۇيۇلتاشتىن پۈتكەن چوققا ئىدى. ئۇ مەزمۇت چوققىنى يىراقتىن، بەك يىراقتىن ئاران تەستە، خىرە-شىرە كۆرەلىدى. ئۇ ئاچچىق بۇس ھەم ئاقۇش، كۆكۈش تۇمانلار ئارىسىدا بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئۆلۈك توپىدەك توزۇپ كېتىۋاتاتتى. كىچىككىنە بىر يۈرەكتە خورلۇققا، ئۆزىنى پەس كۆرۈشكە، يەنە يەنچىلىشكە ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇنىڭ ئۆرىدەپ، ئېزىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئادەم مەست بوپقالغاندەك قىلدۇ. بۇيەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەست بوپقالغاندەك قىلاتتى. بۇ ئادەملەر خۇدا ئۆزىگە بەرگەن ساقلىق ھەم ئەقىلدىن قۇتۇلالماي، ئاجرىيالماي، پۇل خەجلەپ كاللىسىدىكى ئەقلىنى قىرىپ، سۈپۈرۈپ پاك-پاكىزە چىقىرىۋېتىش ئۇچۇن جان-جەھلى بىلەن يۇلقۇناتتى. مۇشۇنداق تىرىشىشنىڭ نەتىجىسى چوقۇم چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئامال يوق. ھېلىقى نۇرغۇن مەست ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر مەست ئادەم يانچۇقىدىن قىپقىزىل پۇللارنى ئېلىپ بىرسىگە تەڭلەپ بۇيرۇق قىلدى:

— دوستۇمنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە خەجلىمىگەن پۇلنىڭ ئانىسىنى مىڭنى... ماڭا مانىڭغا ھاراقنىڭ نوچىسىنى، تاماكىنىڭ ئېسىلىنى ئەكىر.

ئۇ قولىدىكى پۇلنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ شاراقلىتىپ قويدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەرد ئوغۇلبالا ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلدى. ئۇمۇ قانائەتنىڭ جانغا ئارام بېرىدىغان تاتلىق تۇيغۇلىرىدىن راھەتلىنىپ، سورۇندىكى ھەممەيلەنگە مەغرۇر قاراپ قويدى. بىرەيلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ دىككىلدىغىنىچە سىرتقا يۈگۈردى. پۇلى بولسا قانداق ياخشى، ھەركىمنى خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇغىلى بولىدۇ.

قاراڭغۇ ئۆيدە بىر بالا شام يورۇقىدا كىتابقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. شام ئۆچەي دەپ قالغان، شامنىڭ تۆگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بالىنىڭ يۈرىكى سۇ. ئاجىز شام يورۇقىدا ئاددىي دەپتەرنىڭ كۆكۈش سىزىقلىرىغا قېرىنداش قەلەم بىلەن، قىسقىلىقىدىن ئاران تۇتقىلى بولىدىغان قېرىنداش قەلەم بىلەن يېزىلغان چىرايلىق خەتلەرنى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. قاراڭغۇلۇققا چۆمكەلگەن مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئۆينىڭ كىچىك پەنجىرىلىرىدىن يۈرەكنى سۆيۈندۈرۈپ ئاجىز شام يورۇقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ مەھەللىدە توك كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ئېيتىشلاردىن، قايسىبىر قاۋاقتا قەرزگە بوغۇلغان بىرەيلەن ياغاچ كېسىپ سېتىپ، قەرز قايتۇرىمەن دەپ توك سىمىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئۆيدە توك بولمىغاندىكىن زېرىكىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چوڭلارغا بۇنداق ئوبدان باھانە تېپىلغاندا بازارغا كىرىپ رېستورانلاردىن ئوت چىقىرىپ، شەھەرلىكلەردەك پەيزى قىلماي بولمايدۇ.

— ھەي، چىرايلىقراق ياسىنىپ ئادەمگە ئوخشاپ تەييار بول.

— نېمىشقا، بىرەر ئىش بولدىمۇ.

— كەچتە سورۇنغا ئاپىرىپ كۆزۈڭنى ئېچىپ قوياي.

خوتۇنلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇش مۇشۇ كۈنلەردە بىر تەرىپىنى تاقىر تاشلىق ساي، يەنە بىر تەرىپىنى قويۇق جاڭگال ئوراپ تۇرغان بۇ مەھەللىدە ئوغۇلبالىچىلىقنىڭ بىر شەرتى بوپقالدى. خوتۇن ئۆزۈڭنىڭ بولغاندىكىن ئۇنى نەگە ئاپىرىپ، قانداق ئوينىتىش ئۆزۈڭنىڭ ئەركى، بۇنىڭغا كىم ھۆتۈت-پۆتۈت دېيەلەيدۇ. يەنە كېلىپ خوتۇن خەقنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتسە كۆڭۈل خاتىرجەم بولماقمۇ تەس.

— بارمايمەن.

— بارماي نېمىش قىلماقچىدىڭ، چىرايلىقچە ماڭ.

ئەرنىڭ كۆزلىرىدىن قورققان ئايال تەمتىرەپ كەتتى.

— بالىنى قانداق قىلىمىز.

— ئېلىپ بارىمىز.

— ئاشۇنداق يەرگىما.

— ئۇ قانداق يەركەن ھاڭۋاقتى سەھرالىق، رېستوران ئۇ، پۇلى بار ئوغۇلبالا ئوينايدىغان.

ئەرنىڭ كۆزلىرىدە ئايالنى مەنسىتمىگەندەك سوغۇق ھەم مەسخىرىلىك بىر نۇر چېقىنداپ ئۆتتى.

— پۇل تاپقان ئوخشىمامسىز؟

ئايال ئېرىگە قاراپ شۇنداق دېدى. ئېرى پۇل تاپقان بولسا ئەمەت قاسساپنىڭ تىرىك تۇرغۇزۇپ ئادەم يەيدىغان كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. ئۇ ئوغرى دائىم ئۆيدە ئېرى يوق چاغدا نېسى يىغىپ كىرىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كېيىن نېمە ئىش چىقىدۇ. ئايالنىڭ ئۆزى ئىشىنىدىغان قورۇق تېمىنىڭ ئۆيەر-بۇيەرلىرىدىن چاك كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ چاكنى يوغىناپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن شامال ھەتتا بوران كىرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئەمەت قاسساپ دېگەن بۇ تەلۋە ئەبلەخ ئۇنچىلىك يەرنى كۆرۈپلىۋالسا قارىغۇ چاشقاندەك ھامان بىر كۈنى كىرىۋالىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئىش قانداق بولىدۇ. خۇدا كۆرسەتمىسۇن.

— قەرز ئالدىم، پۇل تاپقاندا قايتۇرىمىز.

— سىز قاچان پۇل تاپارسىز.

خوتۇن ئۆزىنىڭ ئەمەس گەپتىن بىرنى قىلىپ سالغانلىقىنى تۇيۇپ دوغدىيىپ كەتتى.

— بىرنى قويىمەن باكا، يا داداڭ ئۆلگەندە مال-دۇنياسى بىزگە قالسا ساتارمىز، شۇ چاغدا تاپارمەن... ئەمدى بولدىمۇ...

ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ئۆزىنىڭ ئايال بولۇپ يارالغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، بىرىنچى قېتىم ئەمەس ناھايىتى نۇرغۇن قېتىم، بۇگۈنكىسى يەنە بىر قېتىملىقى.

دەھشەتلىك چىرقىراش ئەۋجىگە چىقتى. سورۇندىكى بىرەيلەن بۇ ئاۋازدىن بىزار بوپكەتتى. بىزار بولساڭمۇ، زېرىكسەڭمۇ چىدىمساڭ بولمايدۇ. ئايرىم بىر ئادەم سۈپىتىدە نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلىدىغان زامان ئەمەس بۇ.

— ھوي باللا، بىردەم ساز قىلمايلىمۇ، ماۋۇ ئاغىنىمىز دۇتارنى ئوبدان چالىدۇ.

ئىشىكتىن، دېرىزىدىن، تورۇستىن، يەنە يەرنىڭ تېگىدىن قارا بوران ھۇۇلىغاندەك ۋەھىملىك ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلاردىن قۇلاقلار ياداپ كېتىۋاتاتتى. روھ دېگەن نەرسە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن، لاي سۇغا چىلىشىپ كەتكەن پايتىمىدەك ئېغىر ھەم كېلەڭسىز بىر ھالدا ئاياغلارغا سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ.

— ئا، قويە بۇ گەپنى، رېستوراندا دۇتار چېلىپ ئولتۇرساق ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىش بولمامدۇ. خەق بىزنى كۆرسە نېمە دەيدۇ.

قىزىل كۆڭلەكنىڭ سىرتىدىن قىزىل گالستۇك باغلىۋالغان، قەدەمدە بىر يانفونىغا قاراپ قويىدىغان بىرسى شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى قاپقارا تۈكلەر بۇرنىدىن پۇرقىراپ چىقىپ تۇرغان كۆكۈش ئىسلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ۋاي، مۇزىكا باشلاندى، قېنى باللا.

نۇرغۇن ئادەم زالغا ئېتىلدى. شىددەتلىك، دەھشەتلىك مۇزىكا ئۇلارنىڭ ئەس- ھوشىنى توزىتىۋەتكەنىدى. يوغان يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەنگە كىچىك ۋاقتىدا مومىسى ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنىدى. مومىسىنىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ يادىدا چالا- پۇچۇق ساقلىنىپ قاپتۇ. ھازىر ھەممە نەرسە چالا بوپقالدى. پۈتۈنسۈرۈك ئىشلار ئاز. موماي ئورۇقلىقىدىن ياغاچتا يونۇپ ياساپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. توختىماي يۆتىلەتتى. يۆتىلى ئورۇق ۋۇجۇدىنىڭ تۆرىدىن، ناھايىتىمۇ چوڭقۇر بىر يېرىدىن چىقاتتى. قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتسە خۇددى ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قالاتتى. ئاۋازى بوغۇق، خىرىلداپ چىقاتتى. مۇشۇ ئەپتىگە قاراپ ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا قالتىس ناخشا ئېيتاتتىم، دۇتار بىلەن ناخشا ئېيتىشتا يىراق -يېقىندا داڭقىم بار ئىدى، دېگەن گەپلىرىگە ھەرگىز ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ھېلىقى ئادەم گۈلدۈر- غالاپلار ئىچىدە مومايىنىڭ يەرنىڭ تېگىدىن كېلىدىغاندەك ئاۋازىنى ئەسلىيەلمەي بەكلا قىينىلىپ كەتتى.

— تىرناق ئالغاندا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىماي چوقۇم بوسۇغا ئاستىغا كۆمگىن. ئاخىر زامان بولغاندا دەججالنىڭ ئېشىكىنىڭ ھەر بىر تۈكى بىردىن سازەندىگە ئايلىنىپ نەغمە- ناۋا بىلەن جاھانغا كېلىدۇ. دەججالنىڭ ئېشىكىنىڭ بىر كالپۇكى يەرنى، بىر كالپۇكى ئاسماننى سۈپۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇ چاغ بولغاندا مۇشۇ دۇنيادا ناخشا- سازدىن باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل قويمىغان ئادەملەر ھەۋەس قىلىپ سىرتقا يۈگرەيدۇ، بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈلگەن تىرناق ئاق تىكەنگە ئايلىنىپ ئىشىكنى توسۇۋېلىپ سىرتقا چىققىلى قويمايدۇ. چىققانلارنى دەججالنىڭ ئېشىكى يەپ كېتىدۇ.

— نېمىشقا؟

— توۋا، سەن نېمانداق نېملا گەپ بولسا نېمىشقا، نېمىشقا دەپ سوراۋېرىدىغانسەن.

— شۇ زادى نېمىشقا؟

— بۇ شۇنداق بىر ئىش، بۇنىڭ نېمىشقىسى يوق.

ئۇ، مومايدىن ئاخىر زامانىنىڭ قورقۇنچلۇق ھېكايىلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ بىر قېتىم:

— نېمىشقا ئاخىر زامان بولىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئاخىرى زامان ئۆزى كەلمەيدۇ، ئادەملەر چىللاپ كېلىدۇ.

— نېمىشقا چىللاپ كېلىدۇ؟

— ئەستا، يەنە شۇ گەپ. ئىشقىلىپ ئاخىر زامان دېگەن ئادەملەر ئادەمگە ئوخشىماي قالغاندا بولىدىغان ئىشلار... مەن ھېرىپ كەتتىم، ئەمدى نېمىشقا دېگەن گەپنى قىلما.

ئۇ شۇ ھالدا مومايىنىڭ ياش ۋاقتىدا شوخلۇق قىلىپ دۇتارنى تولا چېلىپ ئويناپ- كۈلۈپ يۈرگەنلىكىدىن ۋايىم يەپ، يۈرىكى ئېزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۆلۈم قانچە يېقىنلاشقانسېرى ھاياتنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىگە ، چۈشىنىكسىز قائىدىلىرىگە بولغان قورقۇنچى ھەم ئېتىقادى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ.

ئۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ نېمىشقا دېگەن گەپنى بىركىمدىن سورىمايدىغان بولدى. ھەتتا ئۆزىدىنمۇ سورىمايدىغان بوپقالدى. بۇرۇنلاردا باشقىلاردىنلا ئەمەس ئۆزىدىن سورايدىغانلىرىمۇ بەكلا كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى دەڭسەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىدىن پات- پات ئۇنى- بۇنى سوراپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى. قاچاندىن باشلانغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ روھى ئېزىلەڭگۈ بىرھالدا ئۇيقۇسىراپلا تۇراتتى. بۇ كۈنلەردە نېمە ئىش بولمىسۇن نېمىشقا دەپ سوراشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. ئادەم دېگەننىڭ ئەقىل كۆزى خىرەلەشكەندە ئۆزىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھېچنېمىنى سورىغۇسى كەلمەيدىغان بوپقالسا كېرەك. بولمىسا، بۇ جاھاننىڭ ھەر بىر قەدىمى سوئال بىلەن تولغان. گەپنىڭ مۇھىمى ئۆزىگە ھەم بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا سوئال قويۇپ بېقىش. يەنە بىر قارىسا، بەلكىم كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب تېپىش مۇمكىن بولمىغانسېرى سوئاللار تاپقىلى بولمايدىغان بىريەرلەرگە كېتىپ قېلىپ، ئادەم يالغۇز قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە چېچىلىپ كەتتى. ئاۋۇ ئايالغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىدەپ توختىماي كۈلىدۇ. كۈلىۋېرىپ ئۇنىڭ چىرايى چىرايىغىمۇ ئوخشىماي قاپتۇ. كۈلكىمۇ ئۆز جايىدىن

چىقمىسا ئادەمگە ياراشمايدىغان نېمىكەن. ماۋۇ ئاداش يىقىلدىغان بولدى. داۋانغا ياماشقانلار يىقىلسا قىممىتى بولىدۇ، يورۇق ھەم تۈز يولدا يىقىلىش كىشىنى بەكلا بىزاۋىتە قىلىدۇ. ناخشىغا ئوخشىمايدىغان مۇشۇ ناخشىلار بىردەم بولسىمۇ توختىغان بولسا جان ئارام تېپىپ قالاتتى.

ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بەكلا قېرىپ كەتكەن مومايىنى بىركۈنلەردە چۈۋۈلۈپ كېتەرمىكى دەپ ئويلاپ قالغانىدى. خۇددى يىپ ئىگىرىدىغان چاقنىڭ زەيلىرى ئۈزۈلۈپ ، چۈۋۈلۈپ كەتكەندەك.

نېمىشقىدۇر، ھېلىقى ھېكايىنى مومايىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ھەر قېتىم مومايىنى كۆرسىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يىپ ئىگىرىدىغان چاق كېلىۋالاتتى، ئاندىن مومايىنى ھېلىقى چاقتەك چۈۋۈلۈپ كېتەرمىكى دەپ ئويلايتتى.

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن. ئوغلى بەكمۇ كەپسىزكەن. ئوردىغا يېقىن ئولتۇرىدىغان بىر موماي كۈندە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ چاق بىلەن يىپ ئىگىرىدىكەن. ھېلىقى ئوغۇل ــ شاھزادە ئەپ تاپسىلا مومايىنىڭ چاقىنى ئۆرۈۋېتىپ قاچىدىكەن. موماي ئاچچىقلاپ، قاقشاپ قالىدىكەن. بۇ ئىش شاھزادىگە بولسا بىر تاماشا ئىكەن. بىر كۈنى شاھزادە مومايىنىڭ چاقىنى بىرلا تېپىپ چۈۋۈۋېتىپ قېچىپتۇ، بالا قېچىپ كېتىۋاتقاچ مومايىنى تىللاپتۇ:

ــ دەللە قېرىنىڭ چاقى پارە ـ پارە.

شاھزادە يىراقلاپ بېرىپ مومايىنى رەللە قىلىش ئۈچۈن يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاپتۇ:

ــ دەللە قېرىنىڭ چاقى پارە ـ پارە.

جان ئاچچىقىغا چىدىمىغان موماي چىشلىرى قالمىغان ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ شاھزادىگە تىل سايتۇ:

ــ بوينۇڭ قاتلىشىپ ئۆلەرسەن ھارامدىن تۆرەلگەن شۇم.

ئەزەلدىن باشقىلاردىن تىل ئاڭلاپ باقمىغان شاھزادە داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بوينۇڭ قاتلىشىپ ئۆلەرسەن دېگەن گەپتىن پەرۋايى پەلەككەن. بوينى قاتلىشىپ ئۆلۈشنى ياكى باشقا بىر قانداق ئۆلۈشنى موماي ئەمەس خۇدا بەلگىلەيدىغانلىقىنى شاھزادە بىلسە كېرەك. بىراق مومايىنىڭ كېيىنكى گېپى شاھزادىنى قاتتىق ئازابلاپتۇ. ئىنسان دېگەن بىركىمنىڭ قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەلمىسىمۇ، بىراق كىمنىڭ قانداق بىر ھالدا كىملەر تەرىپىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىدىغان ھەم كۆز قۇلاق بولىدىغان بولغاچقا، بايىقىدەك گەپلەر كىشىنىڭ يۈرىكىگە تېگىدۇ. بىرسىنىڭ ھارامدىن دۇنياغا كەلگەنلىكى ئەگەر كىشىلەرگە پاش بوپقالسا ياكى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ھارامدىن تۆرەلگەنلىكىنى بىلسە، بۇنداق ئىش بىر ئۆمۈر كىشىنى ئوت ئىچىدە قىينايدۇ. يۈرەكتە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. گەرچە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھالال ياكى ھارام ئۇسۇلدا دۇنياغا كېلىشىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ. كىشىلىك دۇنياسىدا نىكاھنى ئۇلۇغلاشنى مۇشۇ خىل ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسا كېرەك.

بۇ ناھايىتى بىر ئۇزۇن ھېكايە. بەك ئۇزاقتا تۈگەيدۇ. ئۇ كىچىكىدە مومايدىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ داۋاملىق مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندىمۇ موماي يەنە ھېكايىسىنى خىرامان ئېيتىۋاتقان بولاتتى. كېيىن يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر بەكلا تەسىرلىك ھەم ئېچىنىشلىق. بالا ئۆز دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ئەمما ئۇ قالغان قىسمىنى ھازىر ئەسلەشكە ۋاقت چىقىرالمىدى.

جاننى قاقشىتىپ ياڭراۋاتقان گۈلدۈر ـ غالاپ ئىچىدە بېرەيلەننىڭ ھەممىنى جىملەپ دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى:

ــ ئاغىنىلەر، بۈگۈن ماۋۇ ئاغىنىمىز ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ مۇشۇ سورۇننى تۈزۈپتۇ. قانغۇچە يەپ ــ ئىچىپ، راۋۇرۇس ئوينايلى، ئوغۇلبالىدەك ئىچىپ، شەھەرلىكلەردەك بىر ئوينىۋېتەيلى.

ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە شۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك گۈلدۈر ـ قاراسلار ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمىگەن بەزىلەر ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەنلىكىنى جەزم قىلىشىپ ئېگىز ـ پەس، تاققا ـ تۇققا چاۋاك چېلىشىپ قويۇشتى.

ھېلىقى، بۇنىڭدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل ئىلگىرى مۇشۇ ئاينىڭ مۇشۇ كۈنىدە تۇغۇلغان ئايال ئۆزىگە ياراشمىغان كۈلكىسى بىلەن ئولتۇرغانلارغا مەغرۇر قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە، قويۇق قاشلىرىنىڭ قىمىرلاشلىرىدا بىر تۈرلۈك مەغرۇرلۇقنىڭ كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان كۆرەڭلىكى بالقىيتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن خۇددى ئۇ مۇشۇ كۈندە ئۆزىنىڭ قارارى ھەم ئىختىيارى بىلەن تۇغۇلۇپ، بۇ ئالەمدىكى كىشىلەرگە ئاسانلىقچە قايتۇرالمايدىغان ياخشىلىق قىلىپ كۆپ ئادەمنى قەرزدار قىلىپ قويغاندەك بىر ھال چىقىپ تۇراتتى. بىر كىم بۇ ئالەمگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇغۇلالمايدۇ، يەنە ئۆز ئەركى بىلەن ئۆلەلمەيدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغان بىرسى قانداقتۇر بىركىملەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ياكى ئۆلۈمدىن قايغۇرۇشنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشۇپ كەتتى.

شىرەدىكى نەرسىلەر توختىماي يېيىلىپ تۇرىدۇ، ھاراقلار ئىچىلىپ تۇرىدۇ، قانلار قايناپ كەتكەن. جاننىڭ تاتلىق يېرىگە شوخا بولۇپ سانجىلىۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكىلار ھۆركىرەپ تۇرىدۇ. ھەممەيلەن پۇل دېگەننى بىر يەردىن سۈپۈرۈپ ئەكېلىۋالسا بولىدىغاندەك مەردلىك بىلەن ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىسراپ بولۇپ ئاختارمىلىقنىڭ چالمىسىدەك شورلىشىپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن مېڭىلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما بىر ـ بىرىدىن بەك كۆپ پەرقمۇ قىلمايدىغان خىياللار ئەگىپ يۈرىدۇ:

هاراق ئىچمىگەن ئوغۇلبالا ئەمەس.

پۇلنى بۇزۇپ ـ چاچمىغان ئوغۇلبالا ئەمەس.

خوتۇننى ئۇرۇپ ـ تىللىيالمىغان ئوغۇلبالا ئەمەس.

ئوغۇلبالىلىقنىڭ يەنە نۇرغۇن ئالامەتلىرى بولۇشى مۇمكىن.

هاراق ئىچىپ چىقىپ يانچۇقىدىكى بار پۇلىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىدىغانلار ئوغۇلبالا ئەمەس.

هېلىقىدەك يەرلەردىكى خېنىملارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلمىگەنلەر ئوغۇلبالا ئەمەس.

سورۇندىن تارقاپ جېدەل ـ ماجىرا قىلىپ، قاش ـ قاپىقىنى يېرىشالمىغانلار ئوغۇلبالا ئەمەس.

خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ پېشىدە سوراپ يۈرمەي، كۆڭلى خالىغان يەردە ئويىنىمىغانلار ئوغۇلبالا ئەمەس.

ئادەم دېگەن پۇلنى ئويناپ ـ كۈلۈپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تاپىدىغان گەپ. شۇڭا تاپقانچە پۇلنى ۋاقتىدا خەجلەپ تۈگىتىپ، پۇلنىڭ مېغىزىنى چاقالمىغانلار ئوغۇلبالا ئەمەس.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالىساڭ ھۆرمەت تاپىسەن. قولۇڭدىن كەلسە ھەممىنى قىلساڭمۇ بولىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا بىرەرىنى چالا بولسىمۇ قىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك. بولمىسا بۇ يەردە، مۇشۇنداق سورۇنلاردا تۈزۈك يۈزۈڭ بولمايدۇ — يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، ئادەملەردىن، تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنداق خىياللار ئەگىپ يۈرىدۇ.

ئاپئاپئا كۆيگەن چىرايلار پۈرۈشكەن، تارتىشىپ قالغان كۆزلەردە سەكرات ئالامەتلىرى جىمىرلايدۇ. ياشاشنىڭ ئۆزى مۇشكۈل بىر ئىش. ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا موھتاج بولىدىغان نەرسىلەر بەك ـ بەك كۆپ.

بىرنەچچە بالا غەلۋە قىلىشقا باشلىدى. تۆت ياشلىق، بەش ياشلىق ، يەنە ئالتە ياشلىق پەرىشتىلەر. بىر ـ بىرىدىن ئوماق ـ سۆيۈملۈك تۇغۇلۇپ، چىرايلىق چوڭ بولىدىغان پەرىشتىلەر. خۇدا پەقەت قاناتىنى ئايىغان پەرىشتىلەر. بۇيەردىن چىقىپ كېتىشكە، ئۈچۈپ كېتىشكە قۇربى يەتمىگەن پەرىشتىلەر. جېنى ئىچىگە پاتمىغان، تېنى بۇ تار سورۇنغا كەپلىشىپ قالغان پەرىشتىلەر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا نېمىشقا كېپقالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مەست دادىسى بىلەن گاراڭ ئانىسى ئۇنى نېمىشقا تاپقانلىقىنى، نېمىشقا تۇغقانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ھەممە ئىشنى بىلمەي قىلىپ، بىلمەيلا ياشايدىغان، يەنە بىلمەيلا جاھاندىن كېتىپ قالىدىغان ئادەملەر تاماكا ئىسى، هاراق بۇسى بىلەن بۇلغانغان تار، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن دىمىق خانىدا خۇشلۇقتىن جېنى ئىچىگە پاتمىغان هالدا ئولتۇرىشىدۇ.

— ئانا، ئانى يەيمەن.

— ئانا، ئانى ئىچىمەن.

يوغان ئۈستەلدىكى تائاملار كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. تۈرلۈك ئىچىملىك كۆزنى چاقىدۇ.

— جىم ئولتۇر، گېلىڭغا بالا بەرگەن، مۇشۇ بىرنېمىنى ئەكەلمەيلى دېسە تېخى.

ئانا بالىنى سىلكىشلەپ يېنىدىكى قاتتىق ئورۇندۇققا دوقۇسلىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى.

زەردىلىك قاتتىق ئاۋازدىن سورۇندىكى يورۇقلۇق بارا ـ بارا تۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا دادا قولىدىكى سۈزۈك رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى:

— بالام، مايەرگە كەل.

بالا تايتائىلاپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. بالىنىڭ بەكمۇ چىرايلىق، شۇ قەدەر يېقىملىق كۆزلىرى دادىسىنىڭ خۇنى قاچقان، كۆزگە ئوخشىمايدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئىچە بالام، ئوغۇلبالا بولغاندىكىن.

دادا بالىسىنىڭ پاتىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاغزىغا هاراقنى قۇيدى. سورۇن بىردەملىككە تىمتاس بوپكەتتى. بالىنىڭ ئانىسى ئاغزىنى ئېچىپ هاڭقىيىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

— مۇشۇمۇ قىلىقمۇ... ھۇ ئادەم بولمايدىغان.

— ئىشىڭنى قىلەۋا، بىرنى قويىمەن ئاغزىڭغا، مەنچۇ، بۇ بالىنى ئوغۇلبالا دەپ تاپقان.

بالىنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى، ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەۋاتقان ئوت ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدى.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ماختىغان ئاۋازلار تۈشمۇ تۈشتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئوغۇلبالا.

— ئاتا بالىسىدە.

ئۇلار تۇرغان يەر بۆسۈلۈپ كەتتى. مۇشۇنداق چاغدا زېمىننىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ.

ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر چاغدا ھەممەيلەن قاپقارا كۆلەڭگە بولۇپ ئەلەڭلەپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. ئۆيدىن چىقىپ يەنە دۇنيانىڭ قوينىغا كىردى. قاپقارا كېچە جاھاننى يۇتۇپ كەتكەن قاراڭغۇ دۇنيانىڭ قوينىغا كىردى. بۇيەردىن قانداق چىقىپ كېتىشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇنى بىلىشنىڭمۇ هاجىتى يوق. بىلگەن تەقدىردىمۇ نېمە بولماقچىدى.

— ئۆيگە كېتەيلى.

— نەگە؟

— ئۆيگە. بەك كەچ بوپكەتتى، بالا قىزىپ قاپتۇ، تىترەۋاتىدۇ.

— ئىشىم بار.

— نېمە ئىشىڭىز بولسا ئەتە تاڭ ئاتقاندا قىلىڭ، مەنمۇ، بالىمۇ تونۇلاپ كەتتۇق. بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ دەۋاتىمەن.

ئايال سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنىڭ يالغۇز تۇرغانلىقىنى سەزدى. ھېلىلا يېنىدا تۇرغان ئېرى نەگە كەتكەندۇ. مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز قالغان ئادەم قورقىدۇ. قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆزىگە چەكسىز سىر يوشۇرۇنغان. ئادەم ئاپىرىدە بولۇپ تۇغۇلۇشتىن ئۆلگىرى قاراڭغۇلۇققا بەنت قىلىنغان بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قاراڭغۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. قاراڭغۇلۇقتا تۇرىلىپ

يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان ھايات. ئەمما ھازىر قورقۇنچتىن ئېسىنى يوقىتاي دەپقالغان ئايالنىڭ خىيالىغا بۇلار كىرمەيدۇ.

بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە جىمجىتلىقمۇ شۇقەدەر ۋەھىمىلىك، شاۋقۇن-سۈرەنمۇ ھەم شۇ. بالىنىڭ پېشانىسى قولنى كۆيدۈرگىدەك قىزىپ كەتكەن. ھاسراشتىن تىنىقى تىنىقىغائۇلاشمايۋاتاتتى.

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شارقىراپ ئەمەس، سىمىلداپ يېغىشقا باشلىدى.يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلغان كوچىنىڭ دوقمۇشىدا قايسى زاماندا، كىملەرنىڭ قولىدا تىكىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر تۈپ قېرى تېرەكنىڭ تۈۋىدە بىر چوكان تۆت ياشلاردىكى بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئايالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن. بالا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. قىشنىڭ مۇزدەك يامغۇرى بالىنىڭ يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى. بالا شۇنداق چىرايلىق ياتاتتى. زەڭ سېلىپ قارىسا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، ھازىرلا ۋىلىققىدە كۈلىدىغاندەك بىر ھالدا ئىدى. ئادەملەرنىڭ چىرايلىقلىقىغا، ئادەم بالىسىنىڭ چىرايلىقلىقىغا كىم ئىشەنمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئېرى نەلەرگە كەتتى، ھېچكىم بىلمەيدۇ. قورقۇنچ، ۋەھىمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن تىتىپ، چايناپ يەۋاتاتتى. بۇ دۇنيادا يۈرەكنى يەيدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ. تاركوچىنىڭ دوقمۇشىدا بالا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان چوكاننىڭ ئالدىنى ئىككىيلەن توستى.

— خېنىم، ئويناپ كەلمەيلىمۇ.

— ياق.

— ياق! يا ئاللا، ياق دەيدىغان خوتۇن كىشىنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتىكەن بۇ كوچىدا. ياق دەيدىغان ئادەم سىزگە نېمە بار بۇيەردە...

— ئېزىپ قالدىم. كەتكىلى قويۇڭلار. بالامنىڭ مىجەزى يوق.

— بالىڭىزنىڭ مىجەزى بولمىسا مەيلى، سىزنىڭ مىجەزىڭىز بولسا بولدى. قېنى، بۇياققا.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار، بالامنىڭ دادىسى ھازىرلا كېلىدۇ.

— خىق، شۇمۇ گەپمۇ. خوتۇنىنى مۇشۇنداق كېچىدە تالادا تاشلاپ كەتكەن ئادەم مۇشۇ يەرگە كېلەرمۇ.

ئىشەنگەن تاغ غۇلاپ چۈشكەن. ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدىغاندەك. تاغ يىقىلسا ئۇنىڭدىن يەر-كۆك تىترەيدۇ، دەريالار تاشقىنلايدۇ، بۇلاقلارنىڭ كۆزى تىنىپ، زېمىن نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ، سىلكىنىپ كېتىدۇ. ھازىر ھېچقانداق ئالامەت بولمىدى. ئۇ بىر بولسا كىشى ئىشىنىدىغان تاغ ئەمەس، بىر ئۇچۇم مەڭگەن كۆلدەك توزۇپ كەتكەن. جىق نەرسە توزۇپ كەتتى. تاغنىڭ سايىسىدە كۆلۈپ ياشايدىغانلارمۇ سولىشىپ كەتتى.

ئايالنىڭ يىلىنىپ يالۋۇرغانلىرىنى، تىللىغانلىرىنى، خۇدانى نارەسىدە بالىنى شىپى كەلتۈرۈپ يىلىنىشلىرىنى قاتتىق ئاسفالت يوللار، بېتوندىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى، مۇزدەك ئىدىنكىلەر يەنە سوغۇق يامغۇر تامچىلىرى ھەممە-ھەممىسى ئاڭلىدى. ئەمما بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىمىدى. قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرگەن بىلەن ھېساب ئەمەس، كۆرگەننى، ئاڭلىغاننى ھېس قىلالايدىغان، ھېسداش بولالايدىغان يۈرەك بولمىسا بىكار. نۇرغۇن تىركىشىش، سۆرىشىش بولدى. ئاخىرى ئايال بېشىغا قاتتىق مۇشت تەگكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىپ بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. خورازلار مېكىيانىنى چوقۇلمايدۇ، ئايغىر بايتالنى تەپمەيدۇ، قوچقار ساغلىقنى ئۇسمەيدۇ، كۈرسۈك ئىت قانجۇقنى چىشلىمەيدۇ. بۇلار ھايۋانلارنىڭ ئادىتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولدى، ئۇ تازا بىلىپ كېتەلمىدى. خۇددى ياشاپ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە نۇرغۇن ئىشنى بىلەلمىگەندەك. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە تېرەك تۈۋىدە ياتاتتى. بالىسىمۇ يېنىدا ئىدى. بالىسىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ئۆزۈن يىغلىدى. ئارقىدىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ قايتا ھوشىغا كەلگەندە پەقەت ئېرىگىلا خاس نېمىتىنىڭ باشقىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قانداق بۇلغانغانلىقىنى ئوغلۇم كۆرۈپ قالغانمىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرىكى نەچچە پارچە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. ئاندىن يەنە ھوشىدىن كەتتى. مۇزدەك يامغۇر، مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىڭغىيىپ قالغان كونا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرەيلەن تۈگۈلۈپ ياتقانىدى. بىرنېمىدىن قورققاندەك دۈگدىيىپ، قۇرتتەك يۆگىشىپ ياتقانىدى. تۇمشۇقى قۇسۇققا چىلىشىپ قالغانىدى. مەھەللىنىڭ لالما ئىتلىرى ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى پۇراپ بېقىپ سەسكىنىپ، غىڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى قىسىپ سوكۇلداپ كېتىپ قېلىشتى. بۇ مەھەللىدە ئىت كۆپ ئىدى. نىجاسەتكە كۆنگەن ئىتلارنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى سۇغۇرۇپ چىققان بەكمۇ سېسىق پۇرايدىغان قۇسۇقتىن كۆڭلى ئېلىشىپ، دەلدەڭشىگىنىچە يىقىلىشتى.

شۇ كۈنى كېچىسى سىم-سىم يامغۇر ياغقانىدى. سۈزۈك، يىڭنە ئۇچىدەك يامغۇر تامچىلىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. قەھرىتان قىشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ياغقان بۇ يامغۇر كۆپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرالمىدى. ھازىر نۇرغۇن ئىشقا ئەجەبلىنىپ ئۆلگۈرگىلى بولمايدىغان بوپكەتسە كېرەك. بۇ سۈزۈك، سوغۇق يامغۇر خۇددى جاھاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا چۈشىدەك تارقىلىپ كەتكەن يىرگىنىشلىك بىرنەرسىلەرنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك كۈچەپ، زەرب بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق ياغقانىدى. يامغۇر سۇلىرى بىلەن يۇيۇلغان پەرىشتىلەرنىڭ مۇزلىغان نۇرلۇق چىرايىنى نۇرغۇن ئادەم كۆرەلمىدى.

---

ئاپتور: تونۇلۇۋاتقان يازغۇچى، چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى(M2)



# ئۇينامدۇق، ئاينمدۇق

ــ تۇرسۇن مەھمۇتنڭ «پەرشتە يامغۇرى» ناملق هکايسگە تەقرىز

## نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

ــ «ئوينساڭ تۈزۈك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.»

ــ ئۇيغۇر خەلق ناخشسى (مەسئۇل مۇهەررردىن قستۇرما )

يامغۇرنڭمۇ «پەرشتە»، «ئالۋاستى»، «دەججال»ى بولامدۇ؟ تەبىئەتنڭ ئەزەلىي قانۇنيتى جمجت داۋاملشدۇ. بىلىدىغان ئىنسان قۇرت- قوڭغۇزنڭ ئۆملشدىن، بورانىنڭ گۈركرشدىن، يامغۇرنڭ شارقىرىشدىن ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلەرنى هېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. راست، كىم زېمىندا هېس يوق دېيەلەيدۇ؟ تىترەپ- تىترەپ نەپەسلىنىۋاتقان زېمىنىنڭ يۈرىكىگە قولاق يېقىپ تىڭشايدىغان جان بارمۇ؟ كۆرىدىغان كۆز، ئاڭلايدىغان قۇلاق، هېسلانغۇچى يۈرىكىڭ قېنى؟

بىز پاك بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئاڭ ئىلىش ئۈچۈن ياشاۋاتاتتۇق. تەپەككۇرغا خۇرۇچ بولغۇچى ئىلاهىي ھەقىقەتلەر تاپىنىمىز ئاستىدا چەيلىنىپ ياتاتتى...

«پەرشتە» ئۆلۈپ قالدى. ئاللانىڭ پەرشتىسى ئەمەس، ئىنساننىڭ پەرشتىسى. توغرا، ھەممىسى بىر مەركەزگە قايتىدۇ... سەبىيلەرنىڭ بىغۇبارلىقى پەرشتىگە تەققاسلانغاندى، كىملەردۇر بىغۇبارلىقنى ئاڭقاۋ ئىستائەتكە ئايلاندۇرماقچى بولدى ھەمدە: «كۆزۈڭنى ئېچىپ قويىمەن»، دېدى مەغرۇرلۇق بىلەن. ئەمما، كۆز ئېچىلمىدى، تۇتۇلدى. بەجايىكى، كۆزۈم ئىككىنچى رەت كۆرمىسۇن دېگەندەك...

مۇزدەك يامغۇر... سىم- سىم يامغۇر...

بىزدە «سۇ ھەممىنى پاكلايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي سۈيى سىملداپ تامچىلىماقتا. ئۇ زېمىندىكى تامامىي نەرسىنى يۇيۇپ- چايقاپ چىقالارمۇ؟ گۇماندىمەن، شۈبھىدىمەن. ياق، سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مېنىدە شەك يوق. ئەمما چايقالغۇچى نەرسە يۇيۇپ پاكلاپ بولغۇسىز دەرىجىدە رەسۋالىشىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ پاكلىنىشنى ئىستىمەيدىغانلارنى، ھەتتا پاكلىنىش خىيالىدا بولۇپمۇ باقمىغانلارنى ئىلاھىي يامغۇرمۇ چايقاپ بولالماس.

يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاتتىق بىر ئاۋاز زېمىنىنىڭ ئۇ قەرىنىدىن بۇ قەرىنىگىچە ۋاڭىلداپ جاراڭشىيتتى، بىر نەچچە پەرشتە يامغۇردا قېتىپ قالغانىدى. ئەمما قۇلاقلار ئاڭلىمايتتى، كۆزلەر كۆرمەيتتى، سەزگۈلەر يوقالغانىدى.

يامغۇردىكى مېنە بايقىغۇچى ئىنساننىڭ قەلبىدىن كۆكلەيدۇ. يامغۇرنىمۇ بىرى تىللايدۇ، بىرى چىللايدۇ. پەرشتىلەر تىللىمىدى، چىللىمىدى... ئۇلار مۇزدەك سوغۇق، تۇڭدەك ئېغىر سۈكۈتنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە قېتىپ قالدى. ئەرشىنىڭ پەرشتىلىرى پەرشىنىڭ پەرشتىلىرىگە سىم- سىم ياشلىرى بىلەن سالام يوللايتتى.

تالاي كۆز تىكىلدى، تىكىلىدۇ. ۋاراڭ- چۇرۇڭ كۆتۈرۈلىدۇ، بېسىلىدۇ، ھەركىم ھەرخىل ئويلايدۇ. ئويلايدىغانلار بولسىلا بولاتتىغۇ، ئىشقىلىپ...

مەن ئويلىدىم: ئۇينامدۇق، ئاينمدۇق؟

※ ※ ※

ھاياتنىڭ سوغۇق- سۆرۈنلۈكىنى ئەمەس، قىزغىن، قايىنام-

تاشقىنلىقنى، ھاياجانلىنىش، غىدىقلىنىشنى بەكرەك خالايدىغان قىزغىن
مەدەنىيەت پسىخىكىسى بىزدە ئۆزگىچە، رەڭدار بولغان ھاياتلىق
ئەندىزىسىنى روياپقا چىقارغان. بىز ئولتۇرۇپ- قوپۇش، توي-
تۆكۈن، ئۆلۈم- يىتىم، تۈرلۈك مۇراسىم- تەبرىكلەش
پائالىيەتمىزگە قارىساقلا تولىمۇ جۇشقۇن- قايناق بىر مەنزىرىنى
كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇ بىز ياشىغان قۇرغاق، بىكىنمە جۇغراپىيىلىك
مۇھىت ۋە يەنە تۈرلۈك تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئامىل ئېلىپ كەلگەن
زېرىكىش، سىقىلىش تۇيغۇسىنى تۆكتىشكە ئورۇنۇش جەريانىدا
شەكىللەنگەن پسىخىك تىندۇرما بولسا كېرەك. ھەقىقەتەنمۇ، بىزدە
ئويۇن- تاماشا، ناخشا- ئۇسسۇل، سەنئەت تۈرىدىكى ئەنئەنىلەر
تېز، رەڭدار تەرەققىي قىلغان. ئويۇن- تاماشا دېسە يەۋاتقان نېنىنىمۇ
تاشلاپ يۈگرۈش بىز ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ھەيران قالارلىق ئىش
ئەمەس.

ئويۇن- تاماشا چارچىغان نېرۋىلارنى ئارام ئالدۇرۇپ، كىشىگە
ھاياتنىڭ قىزغىن، گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كىشىگە خۇشلۇق،
شادلىق بېغىشلايدۇ. سەن بەلگىلىك نىسبەتتىكى ئويۇن ياكى
كوللېكتىپ پائالىيەت ئارقىلىقلا ئاندىن ئىنساننى، ھاياتنى، ئۆزۈڭنى،
كىشىلەرنى چۈشىنەلەيسەن. بىزدە «ئويناشنى بىلمەيدىغان ئادەم
ئۆگىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. قانداق ئويناشنى
بىلمەيدىغان ئادەم قانداق ياشاشنى بىلەلمەيدۇ. شۇنداقلا، نېمىنى
قانداق ئويناپ، نېمىدىن قانداق ساقلىنىشنى بىلەلمىگەن ئادەممۇ
ئوخشاشلا ئاخىرى بېرىپ ھاياتىدىن تۇتامغا چىققۇدەك مەنە- شادلىق
تاپالماي ئۇيان دوقۇرۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ سورۇلۇپ تۆگەپ كېتىدۇ.
ئويۇن- تاماشا دەپ ئويلاپ باقمىغان پاجىئە- تراگېدىيىلەرگە
سەۋەب بوپقالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ. ئويۇن- تاماشا،
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، خاراكتېرى
ئۆزگىرىپ، كىشىلەرنى ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە غەيرىي تۇستە
ئاينىتىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئويۇن- تاماشىنىمۇ ئېغىر پاجىئە
ئېلىپ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەتراپىمىزدا
كۆپىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان جېدەل-
ماجىرا، پاجىئە- كرىزىسلار ماھىيەتتە بىۋاسىتە ھالدا بىزنىڭ ئاتالمىش
ئويۇن- تاماشىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

ئويۇن- تاماشا ئەسلىدە بىر كىشىگە ساغلاملىق، كۆڭۈل
خۇشلۇقى ھەمدە مۇۋاپىق نىسبەتتە بىلىم، ئۇچۇر بېرىشى كېرەك
بولغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. كۆڭۈل ئېچىش ئويۇن-
تاماشىنىڭ مەقسىتى، ساغلاملىق ئاساسى، ئۇچۇر، بىلىم بېرىش ئۇنىڭ
ئورۇندىلىش جەريانىدا ئىشقا ئاشىدىغان خۇسۇسىيەتتۇر. ئويۇن-
تاماشىنىڭ كىشىنى شادلاندۇرۇش- شادلاندۇرالماسلىقى، قاتناشقۇچىلارغا
راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلاش- بېغىشلىيالماسلىقى ئويناش-
ئورۇندىلىش سەۋىيە- ماھارىتىدىن باشقا بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭ
«ساغلاملىق»تىن ئىبارەت ئاساسىي تەرىپىگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ
يەردىكى ساغلاملىق كۆپ خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئويۇننىڭ
كىشىگە بېرىدىغان تەن ساغلاملىق جەھەتتىكى رولىغىلا ئەمەس، ئويۇن
خاراكتېرىنىڭ ساغلام- ساغلام ئەمەسلىكىگە، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ
ھەرىكەت- پائالىيىتىنىڭ ئەخلاق، قانۇن ئالدىدىكى ساغلاملىق،
ئىلمىيلىك دەرىجىسىگە، ئويۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ھېس- تۇيغۇ
چۈشەنچىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ ياخشى- يامانلىق
دەرىجىسىگىچە قارىتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن دېيىمىزكى، ئويۇن- تاماشا،
كۆڭۈل ئېچىش بولسىلا ھەممىسى ساغلام مەنىدىكى پائالىيەت
بولۇۋەرمەيدۇ ھەمدە كۆڭۈل ئېچىش نامىدا ئاتالغان ھەممىلا ئىش
كىشىگە خۇشاللىق ئەكېلىۋەرمەيدۇ. ئويۇن- تاماشا بولسىلا
ھەممىسىنى قارىغۇيۇق ئويناۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بەزى ھاللاردا
قانۇنغىمۇ، ئەخلاققىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئويۇن- تاماشىنىڭ ئويناش
ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنى دەرھاللا ئىنتايىن زىيانلىق قىلمىش-
ھەرىكەتكە ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. شاھ- مات، بىليارت، ماجياڭ...
دېگەنلەر ئەسلىدىن ساغلام بولغان، كىشىلەرنىڭ ئەقىل- ماھارىتىنى
سىنايدىغان، چېنىقتۇرىدىغان تۈرلەر. ئەمما ئۇنى ماھارەت ياكى
شادلىق ئىستىكىدە ئەمەس، بايلىق، ھېرىس تەمەسىدە پۇل تىكىپ
ئوينىسىڭىز، ئۇ دەرھاللا قىمارغا ئايلىنىدۇ. ئۇسسۇل ساغلام بولغان
سەنئەت پائالىيىتى. ئەمما ئۇنىڭغا قاش- قاپاق چىقىرىپ، مەقسەتلىك
ھالدا بەزىبىر ھەرىكەتلەرنى قوشۇپ، كىشىلەردە ئەدەپ قانداقتۇر بىر
ھارام تۇيغۇ ئويغىتىش ئۈچۈنلا ئوينىسىڭىز، ئۇ تەبىئىيلا ئۆزىنىڭ
ئەسلىي مەنتىقىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ- دە، ئۇسسۇل ئەمەس، كىشىنى
بۇزۇق خىيال، يامان يولغا باشلايدىغان ئېزىتقۇغا ئايلىنىدۇ. دوست-
يارانلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىش ياخشى ئىش. لېكىن
ئۇنى ئاشنا- ئاداشلارنىڭ «رەڭلىك» سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋالسىڭىز،
ئۇ دەرھاللا ساغلاملىق ئاساسىنى يوقاتقان، مەقسىتى ئۆزگەرگەن،
سىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ، ئائىلىڭىزگىمۇ، پەرزەنتلىرىڭىزگىمۇ ئىنتايىن ئېغىر يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدىغان
لەنەتلەشكە تېگىشلىك نومۇسلۇق ئىشقا ئايلىنىدۇ. كۆڭۈل ئېچىشقا
بولغان تونۇش- قاراشنىڭ خاتا- بىنورماللىقى ئوڭايلا ئويناش
سورۇننى ئاينىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ- دە، بىزنى ئايىغى
چىقماس پاجىئەلەرگە سۆرەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئەتراپىمىز كىشىگە
ساغلاملىق، ئارامبەخش خۇشلۇق بېرىدىغان ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنلىرى بىلەن ئەمەس، كىشىنى ھەر تەرەپتىن چىرىتىدىغان ئاينىش
سورۇنلىرى بىلەن تولماقتا. بىز ئەنە شۇ ئىس- تۈتەك ئارىسىدىكى
قىيا- چىيالار ۋە قانداقتۇر بىر سىرلىق ئايرىمخانىلاردىكى خۇپىيانە
ئولتۇرۇش، سىرلىق جىلمىيىشلار، ئالداش- ئالدىنىش،
سەممىيەتسىزلىك، ئىسراپچىلىق، بىخۇدلۇق، بىھۇشلۇق
ئەسەبىيلىكلەر بىلەن مەزمۇنلانغان ماغزاپسىمان كۆڭۈل
خۇشلۇقلىرىدىن سوزۇلۇپ كەلگەن روھىي پاراكەندىچىلىك ئىچىدە
ياشىماقتىمىز. كۆڭۈل قانداق ئېچىلىدۇ؟ مەن نېمە ئىش قىلسام
كۆڭلۈم ھەقىقىي ئارامبەخش شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ؟ دېگەنلەرگە
ئارىمىزدىكى كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەپ يۈرگەن نۇرغۇن ئىنسان
بەلكىم ئېنىق جاۋاب بېرەلمەسلىكى، ھەتتا بۇ ھەقتە ئويلىنىپ
باقمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئالدىغا ئۇچرىغاننى، كۆڭلى تارتقاننى
ياكى دوست- بۇرادەرلىرى قاتارلىشىپ ماڭغان ئىشنى ئەگىشىپ-
دوراپ قىلىش كۆپىنچىمىزنىڭ مەنتىقىمىزدۇر. ۋەھالەنكى، بۇلار
مەنىلىك ئويناش- كۆڭۈل ئېچىشمۇ؟ كۆڭلى خالىغاننى قىلىش كۆڭۈل
ئاچقانغا تەڭمۇ؟ كۆڭۈل پۇل خەجلەش، تاماق يېيىش، جەررە-
ساماغا چۈشكەندەك بەس- بەستە ئەسەبىيلەرچە سەكرەش،
ئىچىشۋازلىق قىلىش ياكى سەتەڭدىن بىرنەچچىنى چاقىرىپ كۆز
بېقىشىپ، چاقچاقلىشىپ، ئاتالمىش «رەڭلىك» ئولتۇرۇش ئارقىلىقلا
ئېچىلامدۇ؟

قارىدىم: نۇرغۇن ئادەم ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن
رېستوران- بەزمىخانىلارغا بەس- بەستە قاترىشىدۇ. رېستوران شۇنچە
تولا، بوش قالىدىغىنىدىن بىرى يوق. رېستوران ئەسلىي كەلمىش
تۈپرىقى بولغان غەربتە «ئاشخانا، تاماقخانا» مەنىسىنىلا بىلدۈرەتتى.
ئەمما بىزدە بۇ ئىسىممۇ مەنە ئاينىشى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇ
ئاشخانا مەنىسىدىن بەكرەك بەزمىخانا مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رېستوران
دېسە مېنىڭ كۆز ئالدىمغىمۇ ئەسەبىيلەرچە ياڭراۋاتقان مۇزىكىغا
تەڭكەش قىلىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ، ساراڭدەك تەلۋىلەرچە
سەكرەۋاتقان، ئىس- تۈتەك ئىچىدە قالغان بىر توپ ئالامان، «ئۆز
رازىلىقى بىلەن پۇل تۆلەپ جانغا جاپا سالىدىغان يەر، سەنئەتنىڭ
قىيامەتخانىسى» (مەسئۇل مۇھەررىردىن) كېلىدۇ. بەلكىم بۇ مەنىدىكى
بىنورمال رېستوران سېزىمىدۇ. ئەمما مەن ھامان شۇنداق ھېس

قىلىمەن ھەم رېستوران دېسىمۇ خۇددى بىر ئۇياتلىق يەرنى تىلغا ئالغاندەك قورۇنىمەن.

يەتتە- سەككىز يىللار ئىلگىرى، خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن چاغقۇ دەيمەن. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قۇربان ھېيتنى كوللېكتىپ تەبرىكلەپلا تۈگەتمەكچى بولۇشتى. تونۇش- بىلىش، يېقىن- يورۇقلار ھېيت- ئايەملەردە بىر- بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ، ھېيتلاپ بارىدىغان ئىش بارا- بارا ھەممەيلەنگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان بوپقاپتۇ. ھەربىر بوسۇغىغا بىرمۇ- بىر دوقۇرۇپ يۈرگىچە يىگىرمە- ئوتتۇز ئادەم پۇل يىغىش قىلىپلا بىر يەردە بىرەر- ئىككى سائەت يەپ- ئىچىپ ئولتۇرۇپ قوپۇپ كەتسە، قۇربان ھېيتنىڭ ئاتالمىش ئاۋارىچىلىكى تۈگەيمىش. پەتىلەپ بېرىش- بارماسلىق مۇھىم ئەمەسمىش، گەپ ھامان گۆشتە ئىمىش. شۇنچە ئاۋارىچىلىك تارتىپ بىر- ئىككى چىشلەم گۆش يېگىچە ئۇلاش- چۇلاش يىغىلىپ ئۆزىنىڭ پۇلىدا ئۆزىنىڭ قارنىنى توقلىسىلا بولارمىش. بۇ گەپ ئېغىزدىن چىقار- چىقمايلا ئويۇن- تاماشا دېسە تۇرالمايدىغانلار قىقاس- سۈرەننىڭ چوڭىنى سېلىپ «رېستوران» دەپ سەكرىشىپ كېتىشتى. باشقا ھەرقانداق گەپ، ھەتتا بىر- ئىككى قوينىڭ بېشىنى كېسىپ كاۋاپ سېلىپ، خوتۇن- باللاردىن تارتىپ ھەممىسى يىغىلىپ ھېيت قىلىش تەكلىپىمۇ رېستوران چۇقانىنى باسالمىدى. شۇنداق قىلىپ يىراق سەھرادىن 50 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ شەھەرگە- رېستورانغا بارىدىغان بولدۇق. مەنمۇ تۇنجى قېتىم رېستورانغا باردىم. شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ تەسىرات، ھېس- تۇيغۇلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە: قويۇق ئىس- تۈتەك؛ ھاراق، تاماكا، تەر، ئەتىر، يۈز مېيى، سەي- قورۇملار ۋە يەنە قانداقتۇر بىر نېمىلەرنىڭ پۇرىقى گىرەلىشىپ كەتكەن ئەبجەش ھاۋا، قۇلاق پاڭ بولغىدەك گۈمبۈرلىتىپ قويۇۋېتىلگەن ئەسەبىي مۇزىكا، ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ بىر- بىرى، ھەتتا مۇزىكا بىلەنمۇ كارى يوق ھالدا مۇسابىقىلەشكەندەك ئۇسسۇل، دىسكو، بىر- بىرىگە چاپلىشىپ تانسىغا چۈشكەنلەر... مەن پىرقىرىتىپ قويۇۋېتىلگەن ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە قېتىپلا قالغاندىم. تاماق يەي دەيتتىمىۇ، بىر- بىرىدىن دەھشەت ئاچچىق لازىلىق تاماقلارنىڭ ئىچ- باغرىمنى ئېچىشتۇرۇشىغا چىداش تەس ئىدى. شۇندىلا يولدا بىرەيلەننىڭ: «ئەستاغپۇرۇللا، تاماق يەۋېلىپ كىرىدىغان ئىشتى، رېستوراندا ئادەم ئاچ قالىدۇ» دېگىنىنى ئەسكە ئالدىم. توختىماي چاي ئىچىمەن. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەلۋىلەرچە ئويۇنىشىنى جىمجىت كۆزىتىپ ئولتۇرىمەن. تۇۋا، شادلىق، خۇشاللىق دېگەن نېمە؟ دەيمەن ئىچىمدە. مەن ئىزدەيدىغان ئويۇن- تاماشا بىلەن ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ، بولۇشىچە ئىچىپ، پوكاندەك ئېسىلىپ، قىزىرىپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىپ ھېجىيىپ ئويناۋاتقانلار ئىزدەيدىغان كۆڭۈل خۇشلۇقى ئارىسىدا ئاسمان- زېمىن پەرق باردەك ھېس قىلىپ تۇگۇلۇپ كەتتىم. مەن زاماننىڭ كەينىدە قالغان مۇتەئەسسىپ ئادەممۇ؟ ئۇ چاغدا مەن تېخى 18 ياشتا ئىدىم. زامانىمىزدىكى ئەڭ يېڭى ئىلىم، ئېقىم، مەدەنىيەتلەرگە بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈش قېنىمدا كۆۋەجەپ تۇراتتى. ھېلىھەم ھەيرانمەن. بۇ يېڭىلىقمۇ؟ مەدەنىيەتمۇ؟ بۇمۇ كۆڭۈل ئېچىشمۇ؟ چېلىنىۋاتقىنى مۇزىكىمۇ؟ سەكرەۋاتقانلار ئىچىدە مۇزىكىنى چۈشىنىدىغانلاردىن قانچىلىك چىقار؟ «مۇزىكىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ساراڭدەك سەكرىمەيدۇ، بەلكى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ» دېگەنىدى بىر قېتىم شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى.

ئاشۇ سورۇندا ئاتا- ئانىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئۇششاق بالىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا قاراپ ھەسرەت بىلەن باش چايقايتتىم. ئۇلار دادىلىرىنىڭ چىرايلىرىنى چىدىغۇسىز سەت پۈرۈشتۈرۈپ ھاراق ئىچىشلىرىنى، ئانىلىرىنىڭ ئاللىكىملەر بىلەن قاش تاشلىشىپ، بەل تارتىشىپ ئۇسسۇل- تانسا ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. كىملەردۇر خوتۇننىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك تانسا ئويىنىشىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئىچىشۋازلىق، لاۋزا پاراڭ، ئەپسانە گەپ، تېتىقسىز كۈلكىلەر ئىس- تۈتەك ئىچىدە ھەممىنى خۇددى ئەرۋاھلاردەك تولىمۇ خۇنۇك كۆرسەتتى. ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بىر- ئىككىيلەن باشقىلار «يۈز»، «كۆڭۈل»، «ھۆرمەت» ۋە يەنە پالان- پۇستان بىر نېمىلەرنى دەپ سالا قىلىۋىدى، بېشىنى بىر دەم قاشلاپ تارتىشقان بولدىيۇ، ئاخىرىدا يەنە «خۇدا، ئۆزۈڭ بار» دېگىنىچە كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ «مەردانە ئوغۇلبالىچىلىق»نى تەبرىكلەپ كۆتۈرۈلگەن بارىكاللا، ئالقىش سادالىرى زالنى بىر ئالدى. ئۇلار «يۈز» دېسە كىمنىڭ، قانداق يۈزنى قىلىۋاتىمەن، ھۆرمەتنى قىلىشقا ئەرزىگۈدەك يۈزمۇ، ئەمەس، ئويلىنىپ باقمايلا ھەرقانچە ئۇلۇغ ھاياتلىق ئەقىدىلىرىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويالايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ «خۇدا، ئۆزۈڭ بار» دەپ رومكىنى گېلىغا ئۆرۈشىغا ھەيران قېلىپ يۈرسەم، قىزىقچىلىقتا- ئاتالمىش كۆڭۈل خۇشلۇقىدا چېكىگە يەتكەن ئالامان يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان بىر«ھۆرمەتلىك» مۇئەللىمگە ھاراق زورلىسا، سورۇندىكى خېلى كۆپلەرگە ئانا يوللۇق ئۇ خانىم ئارتۇقچە تارتىنمايلا ئىچىۋەتمەسمۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان مەن قىزاردىم. ئۇلار مېنىڭ توغرا چۈشىنىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىشاتتى پات- پات ئىزاھلاپ. «تۇفىي، - دەيتتىم ئىچىمدە، - توغرا- ھەق نەرسىنى توغرا چۈشەن دەپ ئىزاھلاش كېتەمدۇ؟ خاتا نەرسىنى ئۇنداقتى، مۇنداقتى دەپ چاك باسماس گەپلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئەپۇ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغان باھانە بەندىلىرىنىڭ گېپى بۇ. خاتا، يولسىز، ھەتتا چەكتىن ئاشقان چاكىنىلىقنىمۇ ‹بوپتىلا› دەپ توغرا چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ تايىنىسىز ئۇترۇقسىزلىقى- لاۋزىلىقىغا ھېجىيىپ بېرىپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ مانا بۇ ئىشلارنى ئاتالمىش توغرا چۈشىنىدىغان ئىلمىيلىكمۇ؟ مانا بۇ ئوقۇغان، نەزەر دائىرىسى، چۈشەنچىسى، قورسىقى كەڭلىكنىڭ ئىپادىسىمۇ؟» قارىغاندا، مەن تېخى تۈزۈك ئوقۇمىغان ئوخشايمەن، تېخىچە ئىلمىيلىكنىڭ، ئەل قاتارى ياشاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرگەن بەندە ئوخشايمەن. بەلكىم مەن بەزى ئىشلارنى مەڭگۈ توغرا چۈشىنەلمەي، ئەقلىمنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزەلمەي يۈرەرمەن. بەلكىم مەن مەڭگۈ مۇشۇ ياۋايى جاھىللىقىم بىلەن بۇنداق كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ تەمىنى، پەيزىنى سۈرەلمەي ئۆتەرمەن. مەيلى، رازىمەن رەببىم! جاز ۋە جان تەلۋىلىكىدىن ئاللىمىغان مۇڭنى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنىڭ تەبىئىيلىكىدىن ھېس قىلىپ ياشاۋېرەي. چەكمىگەنلەر، ئىچمىگەنلەر، ئۇسسۇل- تانسا ئوينىيالمىغانلارنى ئەر ئەمەس، ئوغۇل ئەمەس، بارا- بارا ئادەم ئەمەسكە چىقىرىشقىلى تۇرغان ئالامانغا قاراپ: «مانا بۇلار بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز. بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز مانا شۇلارنىڭ قولىدا ئوقۇپ بەختىنى، غايىسىنى تاپىدۇ. بالىلىرىنىڭ كۆزىچىلا نومۇس- ھايانى چۆرۈۋەتكەن مۇنۇلار بىزنىڭ ئاتا- ئانىلىرىمىز، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن بالىلار بىزنىڭ ئەتىمىزگە ۋەكىل. مانا بۇلار بىزدە ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ئەر، ئانا، ئائىلە باشلىقى سانىغۇچىلار» دېدىم ئىچىمدە. تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان، ئۇسسۇل ئۈچۈن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ باقمىغان مەندەك ئادەمگە بۇ يەردە ئولتۇرۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئاستاغىنە چىقىپ كەتتىم. كەينىمدە دەججالنىڭ ئەسەبىي قىيا- چىيالىرى قالدى... تۈن كېچىدە قايتتۇق. ئەتىسى بېشىم ئېغىر، قاپىقىم ساڭگىلىغان، قۇلىقىم گۈمبۈر- گۈمبۈر ھالدا چۈشتە ئاران قوپتۇم. نەچچە كۈن ئىچىم سۈرۈپ توختىمىدى. ئۇلار ئىزدىگەن كۆڭۈل خۇشلۇقى، شادلىق مۇشۇ بولسا كېرەك.

شۇندىن كېيىن يەنە نەچچە قېتىم رېستورانغا بارغان بولدۇم. ھەر

قىتىم بارسام كۆرىدىغىنىم ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىك، بولۇشىچە ئىچىۋېلىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ ساراڭلاردەك سەكرەش... بۇ يەر ماڭا گويا بارلىق ئەخلاقتىن، نورمال ھاياتلىق مىزانىدىن، ئائىلە، نىكاھ ئۆلچىمىدىن ۋە ھەتتا ئادەمىيلىك قېلىپىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن يۇلقۇنۇپ سەكرەۋاتقان، تەلۋىلەشكەن، ئاينىغان روھلارنىڭ ئۇۋىسىدەكلا كۆرۈنىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ئاڭلىق ۋە نورمال ئەخلاق مىزانى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ كۆڭۈل ئېچىش كىشىگە ساغلاملىق، خاتىرجەملىك، ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ گۈلدۈر ـ غالاپ ئاۋازدا پاڭ بولغان، چارچىغان، ھاراق ـ تاماكا ئىسىدا بۇلغانغان دىماغلاردىن ئەسلى بار ساغلاملىق، خۇشلۇقمۇ قاچىدۇ. كۆردۈم، ئاڭلىدىم، باشقىلاردىن سوراپ بىلدىمكى، مۇشۇ شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بازغىنىپ ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئاخشىمى ئۈچۈنلا يېمەك ـ ئىچمەك، ئويۇن ـ تاماشا، ياسىنىش ـ تارىنىشقا كەم دېگەندىمۇ ئەللىك يۈەندىن بىرەر يۈز يۈەنگىچە چىقىم قىلىدۇ. ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۇنچىۋالا باياشات ئەمەس. يېقىندا ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلغا بىر ئاخشام يايرىۋېلىپ، قالغان چاغدا قاتتىق ناننى غاجاپ، ئاچ ـ زېرىن بىر ئاي سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان، بىرەرى بىرەر ئاخشام رېستورانغا ئەكىرىپ يايرىتىپ قويسا شۇنىڭ كەينىدىن ھەپتە ـ ئون كۈن سوكۇلداپ يۈرىدىغان، بىر ئاخشاملىق تاماشا ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەنگە چاچ ياسىتىدىغان ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ خېلى بارلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۆتكەندە يۇرتقا بارغاندا ئاڭلىسام، يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدىمۇ رېستورانغا قاتراش مودا بوپتۇ. قەرز ئېلىپ تۇرۇپ بىرەر ئاخشام ئويناۋالىدىغانلار، يۈز كىلومېتىرلاپ يولنى ماشىنا كىرا قىلىپ كېلىپ يايرايدىغانلارمۇ خېلى كۆپكەن. يەنە كېلىپ تاماشىغا كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەر ـ خوتۇن ئەمەس ئىكەن. بىر ـ بىرىدىن خۇپىيانە باشقىلار بىلەن كېلىپ ئويناپ كېتىدىغانلار خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن.... ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق خۇپىيانە ئويۇنىشىنىڭ ئۆزىلا نۇرغۇن پاجىئەگە سەۋەب بولىدۇ. خوتۇنى ياكى ئېرىنىڭ باشقىلار بىلەن شۇنداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارغانلىقى سەۋەبلىك ۋەيران بولغان ئائىلىلەر ئارىمىزدا ئاز ئەمەس. ئاتا ـ ئانىسى ئاشۇنداق ئويناپ ـ كۈلۈپ يايراۋاتقاندا ئۆيدە غېرىبسىنىپ يالغۇز قالغان ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەينىدىن شۇنداق يەرلەرگە بېرىپ، كىچىك تۇرۇپلا بۇزۇلغان ـ چىرىك مۇھىت ئىچىدە «كۆزى ئېچىلىپ» ئاينىۋاتقان باللارغا كىم جاۋابكار؟ ئادەم كۆڭۈل ئېچىپ ئارام ئالسا كاللىسى ئېچىلىپ، زېھنى ئۇرغۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ ئويۇنخۇمارلىرىمىزنىڭ كۆزى شۇنچە خۇنۇك، ئۆزى شۇنچە ھارغىن، كاللىسى شۇنچىلىك ئاددىي. ئويۇن ـ تاماشا بايلارنىڭ، خىزمەت ـ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ قوغلىشىدىغان ئىشى ئىدى. بىزدە بولسا دۈمبىسى يالىڭاچ كۆك نامراتلار ئويۇن ـ تاماشىنىڭ ئەڭ تەلۋە مەستانىلىرى؛ خىزمەت، كەسپ ياكى ئائىلىدە تىلغا ئالغۇدەك ھېچبىر نەتىجە، ئۇتۇق ياكى خۇشلۇقى يوقلار تاماشا سورۇنلىرىنىڭ ئەڭ قىزغىن خېرىدارلىرى؛ بۇنداق سورۇنلاردىن بىردەملىك ئەرزىمەس خۇشلۇق ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئائىلىسى جېدەل ـ ماجىرا، يوقسۇزلۇق، مەنىسىزلىكنىڭ ئۇۋىسى. كىرىزىس بىزنىڭ بېشىمىزدا ئەڭ ئېغىر، ئەمما ۋاقىت، زېھىن، پۇل ئىسراپچىلىقى، ھورۇنلۇق، بىغەملىك بىزدە تېخىمۇ ئېغىر. ھەقىقەتەنمۇ، ئەقىل كەتكەن ئىنسان غاپىللىققا ئەڭ يېقىندۇر!

ئويۇن بىر ئادەم خىزمەتتىن چارچىغاندا، ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولغاندا، ئۇ دۈچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەر ھەل بولغاندا ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا بولسا، بۇ نورمال ئويۇن ـ تاماشا ھېسابلىنىدۇ. ھەم كىشىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئەمما ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان، ھېچبىر ئىشنى ئىلگىرى كەلمەيۋاتقان، يا خىزمەت يا ئائىلىدە تۈزۈك بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، جېنىنى ئاران ـ بېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوقتەك ئويۇن ـ تاماشىغا دۈم چۈشۈشى، ئۇلارنى تېخىمۇ ھورۇن، ئېرىنچەك، چۈشكۈن، زەئىپ قىلىۋېتىدۇ. بىزنىڭ بەزى زەكىيلىرىمىز «دەرد، ئىش، مەسىلە، ئازاب شۇنچە كۆپ، شۇنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتارمىزمىكىن دەيمىز» دېيىشىدۇ ئۆزلىرىنىڭ تايىنسىز ئويۇنىغا باھانە ئىزدەپ. ۋەھالەنكى، ئەسەبىيلىك ۋاستىسى بىلەن دۇنيانى بىردەم ئۇنتۇش، ئەستىن چىقىرىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئەمەس. ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان ئىنتايىن چوڭ كىرىزىسلىرىنىمۇ ئويۇن ـ تاماشا ۋاستىسى بىلەن ئۇنتۇش، ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش ھاياتلىق ئىرادىسى ئەڭ زەئىپ كىشىلەرنىڭ ئىشى. زىددىيەتتىن ئۆزىمىزنى قانچە قاچۇرغانچە بىز زىددىيەتكە شۇنچە چوڭقۇر پاتىمىز. بىلىدىغان ئىنسانغا، بۈگۈن بىز ئۈچۈن غاپىللارچە ئوينايدىغان، تاماشا قىلىدىغان، نەمۇ ـ نە، شەھەرمۇ ـ شەھەر سوكۇلداپ يۈرىدىغان چاغ ئەمەس، بەلكى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جان تىكىپ ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان چاغ. بۈگۈنكى ناخشا ئەتىكى ھازىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن!

ئەسلى مەنىسىنى يوقاتقان ئويۇن ـ تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى شىددەت بىلەن كېڭەيمەكتە ۋە كۆڭۈل ئېچىش ۋاستە ـ تۈرلىرىنىڭ شەكلىمۇ بارغانسېرى غەيرىيلىشىپ بارماقتا. شۇنداقلا پاجىئەلىرىمىزمۇ دەل ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرىدىن كېڭەيمەكتە. ئەمما ھەقىقىي ئويۇن ـ تاماشا بولغان تەنتەربىيە، چېنىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلىرىمىز شىددەت بىلەن ئازلىماقتا. ناخشا ـ ئۇسسۇل، چولپان مەستانىلىرى بىزدە كۆرمىڭ بولغان بىلەن ھەقىقىي ئويۇن ـ تاماشىنىڭ خوجا ـ سەركىسى ھېسابلىنىدىغان تەنتەربىيە، ماھارەت تۈرلىرىدە ئوزۇپ چىققان، چىقىدىغان ئەزىمەتلىرىمىز ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. باللىرىمىزنىڭ تېنى، ئەقىل ساپاسى ئاجىزلاۋاتىدۇ...

دېمەككى، ئىش ـ ئەمەللەرگە بولغان ساغلام ئاڭنىڭ ئاينىشى بىۋاستە ھالدا بىزنىڭ تەن ـ ساپا، ئىش ـ ئوقەتلىرىمىزدىكى چېكىنىش، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇنداق ئاينىشنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ئالدىنى ئېلىپ بولغۇسىز پاجىئە ـ تراگېدىيىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەس ـ ھوشنى يوقىتىپ ئويناش ـ تاماشا قىلىش ۋەسۋەسىسىدىلا قاتراۋاتقان ئازغۇنلارنىڭ كەينىدىن ھامان ئائىلە، پەرزەنت، ئەخلاق، نومۇس، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇلىرىنىڭ ئاھۇ ـ زارى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بىز ئاشۇ ھايا ـ نومۇس پەردىلىرىنى قايرىپ قويۇپ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈنلا مەڭگۈلۈك ئىززەت ـ ھۆرمەتنى پايخان قىلىۋاتقان كىشىلەرگە «ئوينايلى، ئاينىمايلى» دېيەلەيمىز، خالاس. ئەمما ئاشۇ نورمال ئەس ـ ھوشنى يوقاتقان، ئاتالمىش خۇشلۇق ئۈچۈنلا تەلۋىلەرچە سەكرەۋاتقان ئالامان ئويلىنىپ تۇرۇپ ئوينىغىدەك بولغىچە پەرىشتىدەك ئەزىز جان، لەزىز ۋۇجۇدتىن قانچىلىكى قىينىلىدۇ، خارلىنىدۇ، زارلىنىدۇ، چەيلىنىدۇ، دەپسەندە قىلىنىدۇ، ئۆلىدۇ، سېسىيدۇ، چىرىيدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىلاھىم، ئەقىل كۆزىمىزنى روشەن قىلغىن!

2007 ـ يىل 22 ـ ماي، شەھىرى ئۈرۈمچى(M1)



# بىھۇدە ئەجەل

(فېلىيەتون)

## ئابدۇرەھمان مىجىت

چۈش ۋاقتى ئىدى. بىر قانچە كىشى ئاشخانىدا تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. مۇنازىرە تېمىسى ئىراق ئۇرۇشىغا يۆتكەلگەندە سورۇندىكى مۇنازىرە تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.

— بۇش دېگەن كاپىر ئىبلىسنىڭ ئۆزىكەن، — دېدى ئوتتۇرا بوي، ياپىلاق يۈز، بۇرۇتلۇق كەلگەن بىرەيلەن بېشىدىكى مايلىشىپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن دوپپىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ قويغاندىن كېيىن قوللىرىنى قارس چىقىرىپ، — بىكاردىن بىكار جىم تۇرغان دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىپ مۇسۇلمانلارغا كۈن بەرمەيۋاتىدۇ. ساددام قالتىس ئەزىمەت ئىدى، يەنە شۇ گۆيلار دارغا ئېسىۋەتتى ئەمەسما؟

— ساددامنى ئاغدۇرۇۋەتكىنى توغرا، ئۇ دېگەن بىر مۇستەبىت زالىم. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھوقۇقنى ھېچكىمگە بەرمەي پادىشاھ بولۇۋالغان. بۇنداق زوراۋاننى يۈز قېتىم دارغا ئاسسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

قىزغۇچ بوغما چاپانلىق، گالستۇكنى قىڭغىر تاقىۋالغان، سارغۇچ چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇق يىگىت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە شىرەگە مۇشتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دۇنيانىڭ ئىگىسى بار. ئۇ، كۇردلارنى قىرغان. شۇڭا بۇش ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەردى. ئەركەككەن!

شاپ بۇرۇتنىڭ ئاچچىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ئۇكامۇي، مۇسۇلمانمۇ، نېمە، سەن؟ قاراپ تۇرۇپ بىر كاپىرنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەنغۇ. قايسىبىر ھۆكۈمەت ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى جازالىمايدۇ؟ ئەتە-ئۆگۈن بۇش ئاچاڭنى بۇلاپ كەتسىمۇ چاۋاك چالغۇدەكسەن بۇ ئەپتىڭدىن.

— ئاناڭنى، نېمە دەۋاتىسەن، سادداغا ئاتاپ قويغان قىزىڭ بارمىدى گۆي، تول قالدىغانغا...

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككىيلەن ياقىلىرىدىن ئېلىشقىنىچە يومداقلىشىپ كېتىشتى. باياتىن بېرى قىزىق مۇنازىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى «يوق ئىشقا ئارىلىشىپ قالمايلى» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشسا، يەنە بەزىلىرى كىملەرنىدۇ ئاجرىتىۋېلىشقا ئۇندىشەتتى.

تۇيۇقسىز «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە كەينىگە داجىشتى. ئورۇق يىگىت قولىدىكى قان تامچىلاپ تۇرغان پىچاقنى قارىغىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى.

ساقچىلار كەلدى. جەسەت توڭلىتىش ئۆيىگە، قاتىل تۈرمىگە ئېلىپ بېرىلدى، ھالبۇكى سادداغ گۆرىدە، بۇش ئاق سارايدا خاتىرجەم ئىدى.

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى(M1)

ئاچچىق كۈلكىلەر



# جۇڭگو چوڭ بىر دوختۇرخانىغا ئوخشاپ قالدى

بۇ يەردە، «جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى كېسەل كۆرپىسى بوپكەتتى» دېمەكچى ئەمەسمەن، ئۇنداق دېگىلى يا قاپ يۈرەك ئادەملەردىن بولمسام؛ ھەم «جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى تېۋىپقا، جۇڭگونىڭ سەھىيە مىنىستىرلىكى دۇنيادىكى سەھىيە تارماقلىرىنىڭ خوجىئاكىسىغا ئايلىنىپ كەتتى» دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن؛ ئۇنداق دەپ باشقىلارنىڭ چىشىغا تەگكىلى يا بېشىم ئون بولمىسا!

شۇغىنىسى، يېقىندىن بېرى ئېلىمىزنىڭ رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنى سەھىيە مىنىستىرلىكىگە قوشۇۋېتەمدىكىن، دەپقالدىم. ئويلاپ باقمامسىز: تېلېۋىزورنى قاچانلا ئاچسىڭىز ئېكراندىكىسى دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ھەققىدىكى ئېلانلار؛ ئاق خالاتلىق دوختۇرلارنىڭ ئاللىقانداق ۋەھىملىك كېسەللەرنىڭ ئىتنى بۆبۆ كۆرسىتىپ تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا تازا قورقاق سالغاندىن كېيىن، تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئاڭلاپ باقمىغان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ياكى دورىلارنى سېتىۋېلىش ھەققىدە بېرىدىغان «تىببىي مەسلىھەت»لىرى: ھۆسن تۈزەش، ئورۇقلاش، كۆكرەك دېگەكايتىش ھەققىدىكى گەپلەرچۇ تېخى! تىزگىنەكنى قولىڭىزغا ئېلىپ قانالالارنى بىر باشتىن ئىچىپ باقسىڭىز، جىمى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاللىقانداق كېسەللىك ۋە دورىلارنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى چوڭ بىر دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە كىرىپ قېلىپ، چىقىدىغان ئىشىكنى ياكى بولمىسا بىر توپ دورا سودىگىرىنىڭ ئارىسىغا قاپسىلىپ قېلىپ قاچىدىغان تۆشۈكنى تاپالمايۋاتقان بىمارغا ئوخشاتقىڭىز كېلىدۇ. خوش، ئەمدىغۇ زادى نېمە ۋەجىدىن «جۇڭگو چوڭ بىر دوختۇرخانىغا ئوخشاپ قالدى» دەۋاتقانلىقىمنىڭ تېگىگە يەتكەنسىز.

سىزنى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساقسىز بوپقالدى، دەيلى. دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا شۇنداق تەشنا بوپكەتكەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن دوختۇرغا كۆرۈنگىدەك پۇلىڭىز بولمىسا،بىر-ئىككى سائەت تېلېۋىزور كۆرسىڭىزلا، ۋەتىنىمىزدىكى نۇرغۇن دوختۇرخانىنىڭ ھۈنەر-كارامەتلىرىدىن خەۋەر تاپالايسىز: نەچچە يۈز خىل دورا ھەققىدىكى ياكى ساقلىق ساقلاش، ھۆسن تۈزەش ھەققىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئېلانلاردىن بەھرىمەن بولىسىز. شۇڭىمۇ كىشىلەر ھازىر «تېلېۋىزىيە ئېلانى ئارقىلىق كېسەل داۋالىغىلى بولارمىش» دېگەن گەپنى چىقاردى. لېكىن بىر قىسىم مۇتەخەسسىس دوختۇرلار تېلېۋىزىيە ئېلاندىكىدەك داۋالاش، دورا ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى «توغرا ئەمەس» دەپ تەنقىدلەۋاتىدۇ. شۇغىنىسى، دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈنۈشنىڭ خەتىرى يوق، دەپكەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردىكى «خەتەر» ھەققىدە ئارتۇق ئەزۋەيلەپمۇ ئولتۇرماي، بۇنىڭغا پەقەت دوختۇرلار بىلەن «دورا ۋاكالەتچىلىرى» ئارىسىدىكى «قوينۇمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا» دېگەندەك «ھەمكارلىق»قا ياتىدىغان تۈگمەس ھېكايىلەرنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دوختۇرخانىلاردا چىرايى ئوچۇق -ئىللىق دوختۇرلارنى ئۇچراتماق تەس بوپكەتتى. شۇڭا نۇرغۇن كىشى: «ھازىر دوختۇرخانىلار ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى قوداڭشىتىۋېتىدىغان بوپقالدى» دېيىشىۋاتىدۇ.

مۇبادا تېلېۋىزىيىدە داڭلىغان دورىنى يېگەندىن كېيىن چاتاق چىقىپ قالسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكىلەر زىممىسىگە ئالارمۇ؟ ھەرگىز ئالمايدۇ. ئەگەر ئاشۇ دورىنى يېگەن بىمار «زادى داۋالىشىمەن» دەپ تۇرۇۋالسا، ئاشۇ ئېلان سودىگىرى ياكى ھېلىقى ئالدامچى دورا زاۋۇتى ئىككى ئېغىز تەنقىد بىلەن «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندۇ». ۋاھالەنكى، ساختىپەزلەرنىڭ ھېلىقى ئالدامچى تېلېۋىزىيە ئېلانى بۇرۇنقىدەك كۆرسىتىلىۋېرىدۇ. ناۋادا بۇ ئىشقا راستىنلا ئەدلىيە تارماقلىرى ئارىلىشىپ،«زادى تۈتمىساق بولمايدۇ» دەپقالسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭغا خېلىلا كۆپ كويزا كېتىدۇ: ھەتتا ھۆكۈمەتتىكى خېرىدار چاقىرىپ مال سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولغانلارمۇ بۇنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىگە قالىدۇ دېگەن گەپ.

نېمىدېگەن تاسقاقچىلىقلار بۇ!

قاراڭ، بىر تېلېۋىزىيە ئېلانىدا قايسىدۇر بىر قېرى «چولپان» ھە دېسىلا «دىئابېت بىمارلىرىغا ۋەكالىتەن پالانى زاۋۇتقا تەشەككۈر ئېيتىمەن» دېگەن گەپنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ قانداقلارچە «دىئابېت بىمارلىرىنىڭ ۋەكىلى» بوپقالدۇ؟ ئۇنى «دىئابېت بىمارلىرى ھەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى» سايلاپتىمۇ؟ ياكى «دىئابېت بىمارلىرى مۇدىرىيىتى» كۆرسەتكەنمۇ؟ ھەممىلا ئادەم خەقنى كولدۇرلىتىپ ئۆزىنى «ۋەكىل» دەۋالسا، ھەتتا «پالانى دورا»، «پوكۇنى كېسەل»نىڭ ۋەكىلى دەۋالغىلى تۇرسا، جاھان نېمە بولماقچى!

ساختا ئېلانلارنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز ھەيران قالىسىز. ھۆسن تۈزەش ھەققىدىكى بەزىبىر ئېلانلارنى ئىشلەشتە، ناھايىتى سەتەڭ-نازىنىندىن بىرنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي چىرايىنى سۈرەتكە ئېلىۋالارمىش؛ ئاندىن گىرىمچىلەر ئۇ سەتەڭنىڭ يۈزىگە قەستەن قورۇق ۋە داغلارنى چىقىرىپ گىرىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە سۈرەتكە ئالارمىش. ئاخىرىدا ئىككى كۆرۈنۈشنى غاچچىدە كىرىشتۈرۈپلا «ئەسلىي ئانداقىدى»، «داۋالانغاندىن كېيىن مۇنداق بولدىيەي» دېگەن ساختا ئېلاننى ئىشلەپ چىقارمىش.

بۇ يىل «15-مارت»تا، يەنى «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى»دە ئىستېمال ساھەسىدىكى ئۇچىغا چىققان رەزىللىكلەرنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىۋېدى، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى «دورا ئېلانچىلىقى» بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھالاش نەتىجىسىنى دەل مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۆزى دەل دورا ئېلانلىرىنى ئەڭ كۆپ بېرىدىغان ئاخبارات ۋاستىسى تۇرسا ... ھەي ي! بۇ توغرىلىق تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويايمۇ، دېگەنىدىم. لېكىنزە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى سەھىيە مىنىستىرلىكىگە قوشۇۋېتىپ قالارمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

---

ۋۇفېي ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «شەھەر مەدەنىيىتى» گېزىتىنىڭ 2006-يىل 21-سىنتەبىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 11-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **سېيىت تىلىۋالدى** تەرجىمىسى.

تەرجىمان: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شۆبىسىنىڭ خادىمى **(M2)**



# رەھبەر بولغانلىكى ئادەم ھەممىگە قابىلىيەتلىك بولىۋەرمەيدۇ

بۇيىل چاغاندا بىر خەۋەرنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم: خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ يىل (2007-يىل) چاغاننىڭ تۇنجى كۈنى بېيجىڭ پايتەخت ئايرودرومىدىن يولغا چىقىدىغان CA1307/8 نومۇرلۇق نۆۋەتچى ئايروپىلاننى ئۆزى ھەيدەپ، بېيجىڭ — شېنجېن — بېيجىڭ ئارا ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىپتۇ. ياڭ يۈەنيۈەن 2002-يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان ھەر يىلى بايرام كۈنلىرىدە نۆۋەتچى بولۇپ ئايروپىلان ھەيدەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ: «ئايروپىلان ھەيدەشكە بىر قېتىم قاتناشساق، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەھۋالنى بىر قانچە قېتىم مەجلىس - يىغىن ئاچقاندىنمۇ كۆپرەك چۈشەنگىلى بولىدىكەن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىقكەن» دەپ قارايدىكەن.

خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايروپىلان ھەيدىيەلىشى ئەسلىدە ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. لېكىن مېنىڭ «ئەقىدە بىلەن قېتىپ كەتكەن» ئىدىيە - ئېڭىم بويىچە قارىغاندا، بىزنىڭ تۈزۈمىمىزدە تولا چاغدا ئىش ئەھلى بولمىغانلار ئىش ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. «رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرىمىز، ئىختىساسلاشتۇرىمىز» دەپ كۈنمۇ - كۈن، ئايمۇ - ئاي توۋلاپ يۈرمىگەن بولساق كاشكى. نەچچە يىلدىن بۇيان، «ياشلاشتۇرۇش» ئىجرا بولۇۋاتىدۇ. بىراق «ئىختىساسلاشتۇرۇش»نىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق بوپقېلىپ، ئىش ئەھلى بولمىغانلار ئىش ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھادىسە ئىلگىرىكىدەكلا ئومۇملىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قۇرۇلۇش كومىتېتىغا مۇدىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دەرىجىسى توغرا كەلسىلا، ھەرقانداق ساھەدە ھەرقانداق ئەمەلدار خۇددى چاقپەلەكتەك ئايلىنىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايروپىلان ھەيدىيەلىگەنلىكى مېنى ئىختىيارسىز ھەيران قالدۇردى. لېكىن بۇندىن كېيىن ئايروپىلانغا چۈشسەم خاتىرەم چوقۇم جەم بولىدۇ، ھۇزۇر - ھالاۋىتىم چوقۇم ئاشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىش ئەھلى بولمىغانلارنىڭ ئىش ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىشى يامان ئىشمۇ ئەمەس، رەھبەر بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىنى بىلىشىمۇ ناتايىن. رەھبەرلەرنىڭ بىلىم دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا شۇنچە ياخشى. لېكىن رەھبەرلىك قىلىش ۋاقتى چەكلىك بولغاچقا ھەممىدە قابىلىيەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، مۇمكىنمۇ ئەمەس. ئاساسىي رەھبەر بولغان، بولۇپمۇ بىرىنچى باشلىق بولغان ئادەم ئالدى بىلەن سىياسىيون بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناس بولۇشى، قانۇن مۇتەخەسسىسى بولۇشى ناتايىن. ئەمما ئىقتىسادنى، قانۇننى بىلىشى لازىم. ئەنە شۇ ئۈچ خىل ئامىل بولسا، ھەممە ئىش

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

قولىدىن كېلىدىغان تولۇق قابىلىيەتلىك بولمىسىمۇ، ھەتتا باشقا جەھەتلەردە ئېلىپنىڭ سۇنىقىنى بىلمىسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىيەلەيدۇ. دۆلەت رەھبىرىنى ئالايلى، ئۇنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى بىلىشى زۆرۈر ئەمەس. مۇمكىنمۇ ئەمەس. لېكىن ياساش كېرەكمۇ-يوق؟ قاچان ياساش كېرەك؟ قانچىلىك ياساش كېرەك؟ ئۇرۇش-جەڭ قىلىش ھەربىيلەرنىڭ ئىشى. جەڭ قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ كىمگە قارشى جەڭ قىلىش كېرەك؟ بۇلار سىياسىيونلارنىڭ ئىشى. يەنە، شەھەر باشلىقىنى ئالايلى: ئۇ، بىناكارلىقنى بىلمىسىمۇ مەيلى، لېكىن خەلقنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىلىشى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى، ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بەزى قارارلارنى چىقىرىشى لازىم. دېمەك، ئۆينى قانداق سېلىش كېرەك، قانچىلىك سېلىش كېرەك، قايەرلەرگە سېلىش كېرەك، بۇلار بىناكار ئالىملارنىڭ ۋە بىناكار ئىشچىلارنىڭ ئىشى. شەھەر خەلقىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشقا قۇربى يېتەمدۇ، ئۇلارغا ئۆي تېگەمدۇ، مانا بۇلار شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشى.

ئىش ئەھلى ئەمەسلەرنىڭ ئىش ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىشىدا، گەپ، ئىش ئەھلىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىدا.


رەھبەر بولغان ئادەم ھېچ نەرسىنى بىلمىسە بولمىغىنى، ئەلۋەتتە، ھەممىنى بىلىدىغان بولسىمۇ چاتاق. خرۇشچېۋ 1962-يىلى دېكابىردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەركىزىي كۆرگەزمىخانىسىغا رەسسام — ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگىلى بېرىپ، 2-قەۋەتتىكى تەسۋىرىي سەنئەت زالىدىكى بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، تاقەتسىز بولۇپ: «بۇلار پورنوگرافىيە (بەتقىلىق، شەھۋانىي، يارىماس) ئەسەرلەركەنغۇ، سەنئەت ئەمەس» دېگەن. ئېينىستنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەندە تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ: «ئېشەك قۇيرۇقىنى سىياھقا چىلاپ سىزسىمۇ رەسىم دېگەننى بۇنىڭدىن تۈزۈك سىزىشى مۇمكىن» دېگەن. كېيىن: «بۇيەرنىڭ مەسئۇلى كىم؟» دەپ سورىغان. تەسۋىرىي رەسسام ئېينىست چاقىرتىلىپ كەلگەندە خرۇشچېۋ ئېمىر-چىمىر ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن: «خەلقنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، سىزغانلىرىڭلار مۇشۇ پوقىقا ئوخشىمىس نەرسىلەرمۇ؟» دېگەن. ئېينىست ئۇنىڭ قوپاللىق بىلەن قىلغان ھەشىنامىلىرىنى كۆتۈرەلمەي: «سىز سەنئەتكار ئەمەس، نەپىس سەنئەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز، سەنئەت دېگەننىڭ ھېچ نېمىسىنى بىلمەيدىكەنسىز» دېگەن. خرۇشچېۋ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «كۆمۈر كانىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىمدا بىلمەيتتىم، بالداقمۇ - بالداق يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ بىلمەيتتىم. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسىمەن، پارتىيىنىڭ داھىيسىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ بىلمەمدىكەنمەن؟ »دەپ سۆزلەپلا كەتكەن. ئېينىست ئۇنىڭغا جاۋاب ياندۇرماي، سۆزلىرىنىڭ ئورامىغا قاراپ گەپ قىلغان ، شۇنداقتىمۇ ھودۇقۇپ-تىترەپ كەتكەن. دېموكراتىيە ۋە نازارەت توغرىسىدا ئۇنۇملۇك تۈزۈم بولمىغاندا، مەيلى سەن ئوقۇمىغان قاراقورساق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دۆت بول، مەيلى چالا موللا بول، رەھبەر، بولۇپمۇ بىرىنچى باشلىق بوپقالغانىكەنسەن، ھەممىنى بىلىدىغان بوپقالىدىكەنسەن. قىسقىسى، رەھبەر ئىكەنسەن، ھەممىگە قابىلىيەتلىك بوپقالىدىكەنسەن.

ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولمايدۇ؛ ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان تولۇق قابىلىيەتلىك ئادەم ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. ھەرقانداق ئىش توغرىسىدا «مۇھىم سۆز»قىلسا، «مۇھىم تەستىق»يازسا، يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا بەئەينى ئەدىب، ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا بەئەينى ئالىم، سۇ ئىنشائات يىغىنىدا بەئەينى سۇچىلىق مۇتەخەسسىسى، يېزا ئىگىلىك يىغىنىدا بەئەينى يېزا ئىگىلىكى مۇتەخەسسىسى، سانائەت يىغىنىدا بەئەينى سانائەت مۇتەخەسسىسى... بولۇۋېلىپ، سەھنىدە ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ قۇرۇق پو ئاتسىمۇ مەيلى، يىغىندىن كېيىن ھۆججەت چۈشۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرگە: ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار دەيدىغان بولسا، «ئات ئاۋارە — كۆت ئاۋارە» بوپقالىدۇ.

---

چېۋگۇيېنىڭ ئىمزالىق بۇ ماقالىسى «پېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2007-يىل 13-مارت سانىغا بېسىلغان. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى(M2)

بۇ سان 2007-يىل 10-ئاپرېلدا تىزىشقا يوللاندى، 30-مايدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



# ئۆمۈر ئاخىرىدىكى دىئالوگ

ــ پادىشاھ بىلەن ئالىمنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى

قاسىمجان يۇسۇف مۇسلىھ

پادىشاھ ئالىمغا قاراپ:

ــ ئى ئالىم، كۆڭلۈمدە نۇرغۇن گېپىم بار، بۇلارنى ساڭا دېيىشنى توغرا تاپتىم.

ــ قېنى دېگىن، ئى سەلتەنەت ئىگىسى، پەرۋەردىگار ياردەم بەرگۈچىدۇر.

ــ بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئۆچ كۆرىمىز؟

ــ چۈنكى بىز بۇدۇنيانى ئاۋاتلاشتۇردۇق، ئاخىرىتىمىزنى خارابلاشتۇردۇق. بىزنىڭ بۇ ئاۋات دۇنيادىن خاراب دۇنياغا چىققىمىز يوق.

ــ راست شۇنداق. ئۆلگەندىن كېيىن بىزگە نېمە ئىش بار؟

ــ قىلغان ئەمەللىرىڭنى ۋىجدان تارازىڭ بىلەن ئۆلچەپ، ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قاراپ باقساڭ بىلىسەن.

ــ بىلگۈم بار. بىز ئۆلگەندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا قايسى ھالەتتە بارىمىز؟

ــ ياخشى ئىش قىلغۇچىلار يىراق سەپەردىن ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن مۇساپىرغا ئوخشاش، گۇناھكارلار بولسا ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىلغان قاچقۇن قۇلغا ئوخشاش ھالەتتە بارىمىز.

پادىشاھ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپ، ئاندىن:

ــ ئۆزىمىزنى قانداق ياخشىلايمىز؟

ــ كىبىر ـ تەمەننانى تاشلاپ، مەردلىك، ئادەمگەرچىلىكنى چىڭ تۇتساڭلار شۇ كۇپايە.

ــ مال ـ دۇنيا ئالدىدا ھەقىقىي ــ توغرا يول قايسى؟

ــ ئالغاندا ھەقىقىي بولساڭلار، بەرگەندە لايىق كىشىلەرگە بەرسەڭلار، باراۋەر تەقسىم قىلساڭلار، پۇقرالار ئارىسىدا ئادىل بولساڭلار ۋە مۇشۇ يولدا چىڭ تۇرالىساڭلار كۇپايە.

ــ ئى ئالىم، ساڭا رەھمەت. ئۆمرۈم ئاخىرىدا بولسىمۇ ئۆزۈمنى تونۇشقا ياردەم بەردىڭ، ساڭا خەزىنەمنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. قانداق قارايسەن؟

ــ مال ـ دۇنياغا ئالدىنىپ ئۆتۈش سېنىڭ ئىشىڭ. ماڭا مال ـ دۇنيا لازىم بولغان بولسا، ئالىلقاچان سېنىڭ پادىشاھلىق تەختىڭدە مەن ئولتۇرغان بولاتتىم.

ــ ئۇنداقتا ساڭا نېمە كېرەك؟ مەن ساڭا ھازىرلاپ بېرەي.

ــ ماڭا كېرەك نەرسە سەندە بولغان بولسا، سەن ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار بوپقالاتتىڭ.

ــ ماڭا يەتكۈزىدىغان يەنە نەسىھىتىڭ بارمۇ؟

ــ ئاڭلىغىنىڭغا، بىلگىنىڭگە تولۇق ئەمەل قىل، ساڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق نەسىھەت ئارتۇقچە.

پادىشاھ ئالىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تەختىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالىمغا:

ــ ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى جەڭ مەيدانلىرىدا قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن ئۆتتى. ئەمدى بولسىمۇ ئالىملار سورۇنىدا ئولتۇرۇپ ھاياتنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى سۈرەي.

ئالىم ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ:


ــ بۇ خۇددى پىرئەۋنىنىڭ ئەجەل كېپقالغاندا ئۆزىنى تونۇغىنىغا ئوخشاپ قالدى. پىرئەۋنىنىڭ ئۆزىنى تونۇشى پايدا بەرمىگەنىدى. سېنىڭ ئۆزۈڭنى تونۇشىڭ قوبۇل قىلىنغۇسى. ئەمدى مېنى ئۆز ئورنۇمغا ئاپىرىپ قويغىن. بۇ ئورۇنغا ئەمدى سەندىن باشقا كىشى ماس كەلمەيدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەقىقىي گۇمراھ كىشى بىر ئۆمۈر ئۆزىنى تونۇمىغان كىشىدۇر.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى(M1)

خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەلچىسى، پۈتكۈل ھاياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمە
خىزمىتىگە بېغىشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن بەش مىليون خەتلىكتىن كۆپرەك نادىر
ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ ۋە باشقا ئەل خەلقلىرىگە
تونۇشتۇرغان تالانتلىق خەنزۇ ئەدەبىي تەرجىمان لياڭ شۆجۈك ئاقساقال

— لياڭ لى فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22 定价：5 元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىل 3 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 22 باھاسى: 5 يۈەن



خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، 2005 - يىلى 1 - سېنتەبىردىن 8 - ئۆكتەبىرگىچە ئۈرۈمچى سۇ ئۈستى باغچىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 316 مېتىر، ئېگىزلىكى 28 مېتىر پولات تارقان ئۈستىدە يەتتە تۇردا دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان «پەلەك ئەركىسى» ئابلەت مەجىن

— ئۆركەش جاپپار فوتوسى